ئەخمەت ئىگەمبەردى

# شەرقى تۈركىستان —
# ۋەتىنىم مېنىڭ!...

( ماقالىلار توپلىمى )

شەرقى تۈركىستان ۋەخپى نەشرىياتى
Doğu Türkistan Vakfı Yayını
Yayın No: 8
Dedeefendi Cad· No· 4 Şehzadebaşı 34470 İstanbul
Tel: 0212· 5194667- 5190786 Faks: 5190988

www.uyghurkitap.com

نەشرىياتقا هازىرلىغۇچى
هامىت گۆكتۈرك



ئەخمەت ئىگەمبەردى "نىجادى"

ئۈرۈمچى 1984- يىلى

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاۋىمنى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى (1933-1937) نىڭ 71 - يىللىق ۋە غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى (1944- 1949 ) نىڭ 60- يىللىق مەڭگۈ ئۇنتۇلماس، شانلىق خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن.

---- مۇئەللىپتىن ----

# مۇندەرىجە


1 تەقدىم ........ 11

2 ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ۋە مۇجادىلىسى ......... 14

3 يازغۇچىدىن ......... 21

4 شەرقى تۈركىستان – كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى ئاتوم - يادرو سىناقلىرىنىڭ گۇناھسىز قۇربانى (1996- يىلى، سىنتەبىر) ......... 26

5 ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ئاۋىستىرالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گارېس ئېۋانىسقا يازغان ئوچۇق خېتى ۋە جون. ر. كولتېر (1995 – يىلى، 25- سىنتەبىر) ......... 32

6 يېڭى ئۈمىت، قۇتلۇق قەدەم... (1993 – يىلى، 6- سىنتەبىر) ......... 37

7 ئىلى دەرياسى بويىدا 600 كىشىلىك جەسەتلەر ئازگىلى تېپىلدى. (1998 – يىلى، 17 – نويابىر) ......... 41

8 "ئىلى دەرياسى بويىدا 600 كىشىلىك جەسەتلەر ئازگىلى تېپىلدى" دىگەن خەۋەرگە قوشۇمچە. (1998 – يىلى، 18 – نويابىر) ......... 43

9 سابىت ئۇيغۇرى ۋە ئۇنىڭ "ھايات ناخشىلىرى " ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز (1998- يىلى، ئۆكتەبىر) ......... 45

10 قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى نۇرسۇلتان نازار بايېۋ جانابى ئالىلىرىغا (1999- يىلى، 1- ئاپرىل) ......... 56

11 مىللى ئارمىيەمىزنىڭ 54- يىللىق شانلىق تارىخىنى خاتىرىلەيلى! (1999- يىلى 5 - ئاپرىل) ......... 63

12 ئۇلۇغ شېھىد توختى قۇربانىنى ئەسلەيمەن(1999 - يىلى 23- ئاپرىل) 65

13 بىز كىم ئىدۇق، ھازىر كىم بولدۇق، خىتاي باسقۇنچىلىرى بىزنى يەنە نىمە قىلماقچى؟ (1999 – يىلى، ئىيۇن) ......... 70

14 ئاۋىستىرالىيەدە ئىلى مەشرىپى (1999- يىلى 30 - ئىيۇن) ......... 73

15 دۈشمەندە رەھىم، دوستتا ۋاپا يوق، ئەمدى نىمە قىلىشىمىز كېرەك؟ (1999- يىلى، ئىيۇن) ......... 78

www.uyghurkitap.com

16 ئاۋىستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلادى (1999- يىلى ئىيۇل)........ 83
17 شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئاۋىستىرالىيەدە (1999- يىلى ئىيۇل) .........
18 جياڭزېمىنگە ئوچۇق خەت (1999- يىلى ئاۋغۇست)........ 97
19 ئاۋىستىرالىيە باش مىنىستىرى جون خوۋارد جاناپلىرىغا (1999- يىلى 18- ئاۋغۇست) ........ 103
20 ئاۋىستىرالىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جياڭ زېمىننىڭ ئاۋىستىرالىيە زىيارىتىگە قارشى نامايىشلىرى........ 108
21 قىرغىزىستان رەئىس جۇمھۇرى ئەسقەر ئاقايېۋ جاناپلىرىغا (1999- يىلى 13- سىنتەبىر) ........ 110
22 2- قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ جەڭگاۋار روھىنى تولۇق ئەمەللەشتۈرۈپ، ۋەتەن داۋاسىنى پەللىگە كۆتۈرەيلى! (1999- يىلى 24- ئۆكتەبىر) ........ 113
23 خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قەتلىئام قىلىنىشى دەرھال توختىتىلسۇن! (2000- يىلى، يانۋار)........ 119
24 ۋىكتورىيەنىڭ بۇفالو تېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىرلەشمە مەشرىپىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق ( 2000 - يىلى 24 - دىكابىر) 124
25 ئاۋىستىرالىيەدە بىرلەشمە مەشرەپ (2001 - يىلى، 9- يانۋار) ......... 129
26 بىلگىيە خەلقئارلىق كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا (2001 – يىلى 28- فېۋرال) 132
27 زامانىمىزنىڭ نۇزۇگۇمى (2001- يىلى، ئىيۇن)........ 135
28 قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىمىزنى مۇستەھكەملەپ، داۋايىمىزنى غەلىبىلىك ئېلىپ بارايلى! (2001- يىلى، ئىيۇل)........ 155
29 ئامېرىكىغا قىلىنغان تېررورلۇق ھەم ئۇيغۇرلار (2001- يىلى ، ئىيۇل) 169
30 "دىلشاد خاتۇن" — ئىپارخان تىراگىدىيەسى ھەققىدە (2001- يىلى، سىنتەبىر)........ 173
31 بېيجىڭنىڭ تېررورلۇق تۆھمىتىگە بېرىلگەن ئەجەللىك جاۋاب (2002- يىلى ، 25- يانۋار)........ 181

32 ھازىرقى ۋەزىيەتتە نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ (2002- يىلى ، يانۋار)..... 187
33 "تۇربازا" دىن يانغان ئوت ئۇچقۇنلىرى (2002- يىلى، فېۋرال)......... 191
34 ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ـ ئەزىزى ھەققىدە (2002- يىلى، مارت)............ 194
35 "جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا..... " (2002- يىلى ، 30- مارت)............ 198
36 دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتايى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە د. ئۇ. ي. ق
دائىمى كومىتېتى ئەزالىرىغا، ئوچۇق خەت (2002- يىلى، 3- ئاپرېل) 202
37 بارىكاللا، ئابلىكىم ياقۇپ! (2002- يىلى، ماي)........................ 207
38 ئېرىك كەمبىلل شەرقى تۈركىستاندا (2002- يىلى ، 20 ـ ئىيۇل)..... 212
39 ئەنۋەر ناسىرنىڭ بىركۈبلىت شېئىرى (2002- يىلى، 22- ئىيۇل)....... 217
40 ئىككى پارچە خەت (2002- يىلى، 4- ئۆكتەبىر)........................ 219
41 شەرقى تۈركىستاندا زەھەرلىك چېكىملىكلەر ھەم ئەيدىس
(2002 ـ يىلى، 17 ـ ئوكتەبىر).................................... 223
42 ئاۋىستىراليە مۇھاجىرلەر مىنىستىرى فېلىپ رودوكسقا خەت
(2002- يىلى، 24- ئۆكتەبىر)...................................... 226
43 تۈركىيە ـ ئانقارادىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ "شەرقى تۈركىستان
تېرروررستلىق جىنايەتلىرىنىڭ ھەقىقى يۈزى" سىنئالغو لېنتىسى
ھەققىدە (2002ـ يىلى، 26- ئوكتەبىر)............................ 231
44 ئۇيغۇرىستاننىڭ ئالتاي ئورمانلىرىغا ئوت كەتتى
( 2002- يىلى، 26- نويابىر)...................................... 234
45 مۇھاجىرلار مىنىستىرى فېلىپ رودو كس بىلەن ئۇچۇرۇشۇش
(2002- يىلى، 6- نويابىر)........................................ 237
46 بېيجىڭنىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان دىني سىياستى
( 2003 ـ يىلى، 13- ئىيۇن)....................................... 240
47 ئۇلۇغ خەلقىنىڭ بۈيۈك شائىرى ( 2003- يىلى، 11- ئۆكتەبىر)......... 247
48 ئوتتورا ئاسيا دۆلەتلىرى ئۇيغۇرلارغا يۈز كېلەلەرمۇ؟.................. 251
49 ئاۋىستىراليە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ باياناتى 257

(2003- يىلى، 18- دېكابىر) ......................

50 شەرقى تۈركىستاننىڭ نوپۇسى ھەققىدە مۇلاھىزە (2004- يىلى، يانۋار) 260

51 زىيا سەمەدى ھەققىدە ئەسلىمىلەر (2004- يىلى، 17- يانۋار)........... 268

52 ئاۋستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمىيىتىنىڭ، كانادادىن سىياسى مۇساپىرلىق تەلەپ قىلىنغان ئۇيغۇر سىرىكچىلىرى ھەققىدىكى باياناتى (2000- يىلى، 11- فېۋرال) ......................... 274

53 ۋەيران قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر مائارىپى (2004- يىلى، 21- فېۋرال)...... 278

54 ئالىم ۋە شائىر تۇرغۇن ئالماس ھەققىدە (2004- يىلى، مارت)......... 281

55 تەزىيە (2004 – يىلى، 10- ئاۋغۇست)............................. 293

56 ئېلىمىسەن. ............................................................ 297

57 پىشقەدەم جەڭچىنىڭ ئوغلىغا ۋەسىيىتى 1970- يىلى، كۇز. ئوبلاست تۇرمىسى – غولجا..................................................... 300

## تەقدىم

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى ۋە يازغۇچىسى پىشقەدەم مۇجاھىت ئەخمەت ئىگەمبەردى "ئىجادى"نىڭ مۇھاجىرەت ھاياتىدا ئەزىز يۇرتىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى، سۆيۈملۈك ۋە مەزلۇم مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىكى يولىدا تارىخى تەرەققىيات ۋە رىياللىققا ئۇيغۇن ماقالىلار توپلىمىدىن ئىبارەت "شەرقى تۈركىستان؛ ۋەتىنىم مېنىڭ!" كىتاۋىنى ۋەقفىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە ۋە 8- سانلىق نەشرىياتى سۈپىتىدە نەشر قىلىشتىن بەختىيارمىز.

موھتەرەم ئەخمەت ئىگەمبەردى نىڭ ئىجادى كىشىلىكگە قۇشۇمچە، سىياسى ۋە كۆرەشچانلىق تەرىپى بولغانلىقى ھەممىزگە ئايان. ئۇ كۈچلۈك قەلىمى بىلەن جەسۇر مۇجادىلەسىنى ماسلاشتۇرۇپ بىرلىكتە يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە.

ئاۋتۇرنىڭ **1985**- يىلى ئاۋىستىرالىيەگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىنكى سىياسى مۇجادىلەسى بىلەن ھۆر دۇنيادىكى ئىجادى پائالىيەتلىرىنىڭ مېۋىسى بولغان بۇ كىتاپ، ئۇنىڭ ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن ئويلىغانلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈشنىڭ يېنىدا، چەتئەللەردە بولۇپمۇ يىراق قىتئەدە يۈرگۈزىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق كۆرەشى ھەققىدە ھەم بىزلەرگە مۇھىم ئۇچۇرلار بېرىدۇ.

ئوت يۈرەك شائىر، جەسۇر يازغۇچىمىز ئىگەمبەردى ئۆزىنىڭ ئاممىباپ كىچىك پېئىل ۋە يېقىملىق مىجەز – خۇلقىنىڭ يېنىدا سەمىمى، ئاقكۆڭۈل، ۋەتەن – مىللەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ئالىجاناب پەزىلەتلىرى بىلەن تونۇلغان ھۆرمەتلىك مۇجاھىتىمىز.

ئاۋىستىرالىيەدىكى شەرقى تۈركىستان مۇجادىلەسى ئۇنىڭ بۇ يىراق قىتئەگە كۆچۈپ كېلىشى ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىلەن باشلىغان دېسەك ھىچ مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. ئۇ، ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلغان قىممەتلىك زىيالىلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى جاسارەتلەندۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەر يۇرتتاشلىرىمىزنى تەشكىللەپ، جەمىيەتلەرنى قۇرۇپ چىققان، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە ۋە چەكلىك ئىمكانلىرىغا پىسەنت قىلماي بۇ تەشكىلاتلارغا رەھبەر بولۇپ ئىشلىمەكتە. دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە شەرقى تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك بىر پائالىيەت ۋە يىغىن بولسا ئۇ يەرگە ھىچ بىر پىداكارلىقىنى ئايىماي خىزىردەك يېتىشىپ بارماقتا. ھۆرمەتلىك

www.uyghurkitap.com

ئىگەمبەردى بۇ يىغىن ۋە سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئالىجاناب، ھەققانى، پەرزانە خىلەتلىرىنى كۆرسۈتۈپ، مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرەلەردە ئوبىكتىپ كۆز قاراشلىرى، تەسىرلىك نۇتۇق ۋە فىكىرلىرى بىلەن مۇقەددەس غايىمىزنىڭ بۇرۇنراق ئەمەلگە ئېشىشى، بىرلىك - باراۋەرلىك ۋە ئىتتىپاقىمىزنىڭ بەرپاسى ئۈچۈن مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. ئۇ شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ يىغىن ۋە سايلاملىرىدا كۆپچۈلۈكنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ۋە يۇقىرى تاۋۇشى بىلەن رەھبەرلىك ئاپپاراتلارغا سايلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىشەنچە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

ئۇ ھۆر ۋە ئەركىن ئاۋىستىرالىيەنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئۈستۈن پەزالەتلىرىدىن ۋە دېموكراتىك تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، بۇ يىراق قىتئەدە ياشاۋاتقان يۇرتتاشلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى كۈچلۈك، داۋاملىق ۋە مۇقىملىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كىلىۋاتىدۇ.

ئەخمەت ئىگەمبەردى شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ خەلقئاردا تەشكىللەش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىشتەك مۇقەددەس ۋەزىپەنى ئورۇنداشقا ئۈنۈملۈك ۋە زور تۆھپە قوشۇپ كىلىۋاتقان پىشقەدەم، مۇھىم ۋە ئاكتىپ رەھبەرلىرىمىزدىن بىرى.

قولىڭىزدىكى بۇ توپلام، ئەدىپنىڭ **2**- ماقالىلەر توپلىمى بولۇپ، بۇ ئەسەر ئاۋتورنىڭ **1990**- يىللاردىن كېيىن يازغان تاللانما ماقالە، ئۇچېرىك، ئوپزور مۇلاھىزە تەقرىز ۋە ھۆججەتلىك خەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ مەقسىدى بىرلا، ئۇ بولسا سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان ھەم قەھرىمان خەلقىمىزغە بېغىشلانغان. كىتابقا "شەرقى تۈركىستان؛ ۋەتىنىم مېنىڭ" دىگەن نام ھەم شۇ مەقسەت بىلەن قويۇلغان.

بۇ كىتاپتىن بۇ كۈنكى دۇنيامىزنىڭ دېموكراتىك، ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق مارشىنى ئاڭلاش مۇمكىن.

- شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقى ۋە پارلاق كېلەچىكى ئالدىمىزدا!
- ئۇ كۈنلەرنى پات يېقىندا ھەممىمىز بىرلىكتە كۆرىمىز!

ھۆرمەتلىك ئەخمەت ئىگەمبەردىگە ۋە قىممەتلىك ئائىلىسىگە مۇستەھكەم ۋە داۋاملىق سالامەتلىك بەخىت سائادەتلىك بىر تۇرمۇش ئىچادىغا ۋە مۇقەددەس ئورتاق مۇجادىلەمىزدە زور مۇۋاففىقيەتلەر تىلەيمەن.

گېنېرال م. رىزا بېكىن
شەرقى تۈركىستان ۋەقفى رەئىسى

ئىستانبۇل ـ تۈركىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پىشقەدەم شائىر ــ ئەدىب ئازاتلىق كۈرەشچىسى مىللى مۇجاھىت ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ۋە مۇجادىلەسى

## ھاياتى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللەتپەرۋەر شائىر - ئەدىبى ۋە پىشقەدەم ژورنالىستى ئەخمەت ئىگەمبەردى "ئىجادي" 1937- يىلى 4- ئاينىڭ 4- كۈنى ئۈرۈمچىگە قاراشلىق بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) ناھىيەسىدە دىھقان ــ چارۋىچى ئائىلەسىنىڭ 3 ــ پەرزەنتى بولۇپ دۇنياغا كەلگەن، دادىسى ئىگەمبەردى ئاكا ئەسلى قاشقەر ئاستىن ئاتۇشنىڭ تىجەن يېزىسىدىن بولۇپ ئانىسى بوۋى رابىيە خانىمدۇر.

1947- يىلى دادىسىدىن يېتىم قالغان ئەخمەت ئىگەمبەردى، 1946- 1949 يىللار ئۈرۈمچى غەربى ئۆستەڭ 2- مەركىزى باشلانغۇچ مەكتۆىدە، 1949- 1952 يىللارى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ، ئۆزى ئوقۇغان ھازىرقى 5- باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم بولغان.

1953- يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئىنىستىتۇتىغا كىرىپ 1956- يىلىدا بۇ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتەسىنى تۈگۈتۈپ بۇ فاكۇلتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ تاللىنىپ قالدۇرۇلغان.

ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن بىرلىكتە ماستىرلىققا ھەم باشلىغان. 1957- يىلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تاشكەنتتىكى ئورتا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋەرستەسى تىل ــ ئەدەبىيات فاكۇلتەسىنىڭ ژورنالىستلىق بۆلۈمىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1961- يىلى تاشكەنتتىكى ئوقۇشنى تاماملاپ، ژورنالىستلىق دىپلومىنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتقان ۋە يازغۇچىلار ئىتتىفاقى ۋە فوللكور جەمئىيىتىنىڭ "تارىم" ۋە "مىراس" ژورناللىرىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن.

1963- يىلى مىللىيەتچى، ۋەتەنپەرۋەر تۈيغۇ ۋە ھەرىكەتلىرى تۈپەيلى سىياسى ھوقۇقى ئېلىپ تاشلىنىپ 6 يىل تۈرلۈك جايلارغا سۈرگۈنگە پالانغان.

1966- يىلدىن ئاتالمىش "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" مەزگىلىدە "ئەكسىلئىنقىلاپچى، رەۋىزيونىست ۋە چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر" دىگەن رەسمى

تۆھمەت ۋە قالپاقلار بىلەن داۋانچىغدىكى "غالىبىيەت فىرماسىغا ئاما نازارىتىدە "ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە" ئىبەرتىلگەن.

1966- يىلىدىكى قانلىق تېرور ئەسناسىدا قولغا ئېلىنىپ، 10 يىل مۇددەت بىلەن تۈرمىلاردا، لاگېرلاردا ۋە كۆمۈر كانلىرىدا زۇلۇم ئىسكەنجە قىيىن ـ قىستاق ۋە ھەر تۈرلۈك مەنىۋى ۋە جىسمانى ئېغىر بېسىملارگە ئۇچرىغان ۋە ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنغان.

1979- يىلىدىكى ئاتالمىش مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە مىڭلارچە كادىرلارنىڭ يوق قىلىنىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن كادىرلار بوھرانى تۈپەيلى تۈرمىدىن بوشىتىلغان ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى ئىشىغا قايتۇرۇلغان. 1982- يىلى ئاقلانغان ۋە خىزمىتى بىلەن ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1985- يىلىغە قەدەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئورگانى بولغان "مىراس" ژورنىلىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ يىلىنىڭ مارت ئېيىدا ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇزاق ئاۋىستىرالىياغا ھىجرەت قىلغان.

ئەخمەت ئىگەمبەردى، خانىمى موھتەرەمە ھاجى خاسىيەت قۇربانوۋا بىلەن بىرلىكتە ھازىر ئاۋىستىرالىيەنىڭ سىدنىي شەھرىدە ياشاماقتا. ئۇ، بۇ يەردە ئىجادى پائالىيەتلىرىگە ۋە شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ ھارماي ـ تالماي، قىلچە تەۋرەنمەي داۋايىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

پىشقەدەم شاىر ـ ئەدىپ، ئەركىنلىك كۆرەشچىسى شەرقى تۈركىستان مىللى مۇجادىلەسىنىڭ تەۋرەنمەس ۋە پولات ئىرادىلىك پىشقەدەم رەھبەرلىرىدىن ئەخمەت ئىگەمبەردى، ئۇيغۇرچە باشتا، تۈرك تىلىنىڭ پۈتۈن لەھجىلىرىنى (تۈركچە، ئۆزبەكچە، قازاقچە، قىرغىزچە ۋە تاتارچە قاتارلىق) خىتايچە، ئىنگىلىزچە ۋە رۇسچە قاتارلىق تىللارنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى قىز، 3 ئوغۇل 4 پەرزەنتى بار.

<u>ئىجادىيىتى:</u>

شائىر، تۇنجى شېئىرلىرىنى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە 14 سېشىدا يېزىشقا باشلىغان ۋە يازغان شېئىرلىرى تۇنجى قېتىم 1954- يىلىدا مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ دەسلەپقى ژورنالىستلىق ھاياتى تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقاندا

پىراكتىكا قىلىش جەريانىدا فابرىكا ـ زاۋۇتلارغا بېرىپ يازغان قىسقا خەۋەرلەر بىلەن باشلانغان.

ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ شېئىر ۋە ماقالىلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېزىت ژورناللاردا ئۇيغۇرچە، ئۆزبەكچە، تۈركچە، قازاقچە، روسچە ۋە ئىنگلىزچە ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭ 1992- يىلى يازغان "غەربى تۈركىستانلىق قېرىنداشلارغا ئوچۇق خەت!" مەۋزۇلۇق ئۇزۇن ماقالىسى پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنىڭ ئالاقە ۋە دىققەتىنى جەلب قىلغان. شەرقى تۈركىستان ئاۋازى ژورنىلىدا تۈركچە نەشر قىلىنغان بۇ ماقالە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تارىختىكى ھىلە ـ مىكىرلىرى، ئالدامچىلىق ۋە زەھەر خەندەلىكلىرىنى جانلىق مىساللىرى بىلەن پاش قىلغان. ئۇ، ماقالىسىنى ئەجدادىمىز كۆك تۈرك خاقانى كۆلتېكىن ۋە دانىشمەن ۋەزىر بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئورخۇن مەڭگۇ تاشلىرىدا بىز تۈركلەرگە قالدۇرغان بىباھا گۆھەردەك نەسىھەت ۋە ۋەسىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

ئۇنىڭ 1998- يىلى ـ تۈركىيەنىڭ بۇرسا شەھرىدە ئېچىلغان 6- تۈرك دۆلەت ۋە جامائەتلىرى دوستلۇق قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىق قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن ۋە يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىش ۋە رازىلىقىغا سازاۋەر بولغان. "شەرقى تۈركىستان؛ تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق يارىسى" تېمىسىدىكى ئۇزۇن نۇتقى ئىستانبۇلدا تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ۋەقفىنىڭ نەشر ئورگانى بولغان "تۈرك دۇنياسى تارىخ ژورنىلى" دا تۈركچە نەشر قىلىنغان.

ئۇنىڭ 1- شېئىرلار توپلىمى بولغان تۇنجى شېئىر كىتاۋى "زىنداندىن ياڭرىغان ئۈتلۈق سادالار" 1998- يىلدا ئىستانبۇلدا "تەكلىماكان نەشرىياتى" تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

1- ماقالىلار توپلىمى "شەرقى تۈركىستان، تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق يارىسى" يەنا 2000- يىلدا ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

شائىر 53- يىلدىن باشلاپ يېزىپ قالدۇرغان شېئىرلەر توپلىمى نەشرگە تەييارلاناماقتا بولۇپ يېقىندا ئىنشا الله ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپ، شائىرنىڭ 2- ماقالىلار توپلىمى ھىساپلىنىدۇ.

ئۇ، ئاۋىستىرالىيەگە ھىجرەتكە چىققاندا مەرھۇم ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى بىرلىكتە ئېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنى توپلاپ مەرھۇمنىڭ باشقا شېئىرلىرى بىلەن تاماملىنىپ بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە 2002- يىلىدا "ھەسرەت" نامى بىلەن ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ شېئىر ۋە ماقالىلىرى "شەرقى تۈركىستان ئاۋازى، ئۇيغۇر ئاۋازى، تامچا، يېڭى ھايات، ئۇچقۇن، ئىستىقلال" غا ئوخشاش ھەر دۇنيادىكى ئۇيغۇر نەشرىيات ئورگانلىرىدا ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق مۇجادىلەسى

ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ فىكرى ۋە سىياسى ئاڭ ۋە سەزگۈسى بالىلىق چاغلىرىدا شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ دەسلەپقى شېئىر ۋە ماقالىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تەشنا بولۇپ كەلگەن ۋە ھەسرەت بىلەن كۈتكەن ئەركىنلىك — ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىق تېمىلىرى بىلەن باشلىغان.

نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق تارىخ، ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئىنقىلاۋى مۇستەقىللىق كۈرەش ئەنئەنىلىرىگە ئىگە بولغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا زىت ھالدا، يۈز مىڭلاپ قۇربانلار بەدىلىگە كەلگەن غولجىدىكى شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى (1944-1949) دىكتاتۇر ستالىننىڭ قارا يۈزلەرچە قىلغان خىيانىتى بىلەن ئاچكۆز، قانخور ماۋ جاللاتلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. 1949- يىلى سىنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا مەكتەپ تەرىپىدىن ئاتالمىش "ئازاتلىق ئارمىيەسىنى كۈتۈۋېلىش" ئۈچۈن دارىلمۇئەللىمىندىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇلانبايغا چىققان ياش ئەخمەت ئىگەمبەردى ۋە ساۋاقداشلىرى بىرۇنىۋنىڭ ماشىنىلاردىن چىقىشقا چۈرئەت قىلالماي، ئاغزىلىرىغا ماسكىلار تارتقان يەنىلا ئوخشاش خىتاي ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ھاڭ- تاڭ قېلىشقان ئىدى. شۇ چاغدا ساۋاقداشلار ئارىسىدا، "بۇ بىزنىڭ ئارمىيە ئەمەسقۇ، يەنىلا شۇ خىتايلارغۇ، ئۇلار شىمالدىن كېلىشى كېرەك ئىدىغۇ، ماناس شىمالدا تۇرسا؟.." دىگەن سۆزلەر بىلەن غۇلغۇلالار باشلانغان ئىدى.

دەر ھەقىقەت، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شەرقى تۈركىستان خەلقى ئىلاجىسىز، مەجبۇرى، سوۋېت ئىمپىرىيەسىنىڭ ئالدىشى بىلەن ئۇرۇق ـ ئەجداتلىرى ۋە

ئۆزلىرىنىڭ تارىخى يېغى دۈشمىنى قىزىل چۆمپەردىگە ئورىنىۋالغان يەنە بىر سېرىق ئەژدەرھانىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۈمىت – ئىقبال يۇلتۇزلىرى زۇلمەتلىك قارا بۇلۇتلار ئاستىدا قالدى. بۇ زۇلمەتلىك قارا بۇلۇتلار ياش ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭمۇ پاكىز، يۇمران قەلبىگە ئۇچمەس قارا كۆلەڭگەلەر تاشلىغان ئىدى. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتتى. ئۆزىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ "پۇشتى پاناھى – نىجاتلىق يۇلتۇزى" دەپ ئاتىۋالغان بېيجىڭلىك كوممۇنىست باسقۇنچىلىرى ئۆزىنى ئۆزلىرى ئاستا – ئاستىلاپ ئاشكارىلىدى. دىللاردىكى گۇمان – ئىشەنمەسلىك، نارازىلىق، قارشىلىق ئاخىرىدا كۆرەشكە ئورۇن بەردى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ 1958- يىللا تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا "يەرلىك مىللەتچى" دەپ كۆرەشكە ئېلىندى.

1961- يىلى تاشكەنتتىكى ئوقۇشنى تۈگۈتۈپ، ژورنالىست مۇتەخەسسىسلىگىنىڭ ئەلا دىپلومىنى قولىغا ئالغان ياش شائىر – ژورنالىستىمىز: "ئاز – تولا خەلقىمگە خىزمەت قىلارمەن" دىگەن ئىزگۇ ئۈمىتتە ۋەتىنىگە قايتقان ئىدى. لېكىن ئۇنى كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايى – ئاپەت، قارا قىسمەتلىرى كۈتۈپ ئالدى.

ئەخمەت ئىگەمبەردى تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقاندا 1961- يىلىنىڭ بېشىدا 33 نەپەر ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى زورلۇق – زومبۇلۇقلىرىنى پاش قىلىپ، "ئۇچۇق خەت" يېزىشقا جاسارەت قىلغان. 33 ساۋاقدىشى بىلەن بىرلىكتە قول قويغان بۇ خەتنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باش مىنىستىرى نىكىتا خوروشچوۋغا قولدىن بېرىش ئىشىغا قاتنىشىپ رەھبەرلىك قىلغان. بىر كىشىنىڭ ساتقۇنلۇق ۋە خىيانىتى نەتىجىسىدە، ئەخمەت ئىگەمبەر ۋە ئۇنىڭ ۋەتەنگە قايتقان ساۋاقداشلىرى ئالدى تۈرمە، قالغانلىرى سىياسى ۋە مەمۇرى جازالارغا ئۇچرىغان.

ئۇنىڭ جەتئەلدىكى 2- قېتىملىق ئازاتلىق مۇجادىلىسى 1985- يىلدا يىراق ئاۋىستىرالىيەگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنلا باشلىنىدۇ. ئۇ ئاۋىستىرالىيەدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنى تەشكىللەپ، "ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، قۇرغۇچى رەئىسى بولۇپ سايلىنىدۇ. ئۇ، بۇ

جەمئىيەتنىڭ نەشىر ئورگىنى بولغان ئاۋىستىرالىيە ــ شەرقى تۈركىستان خەۋەرلىرىنى بۇلتەننىنى ئىنگلىزچە تىلىدا 3 يىل ئۈزمەي نەشىر قىلدۇرغان. ئۇ بىر تەرەپتىن بۇ قىتئەدىكى كۆرەشنى ۋە تەشكىلى ئىشلەرنى داۋاملاشتۇرسا، باشقا تەرەپتىن ئىجتىمائى، مەدەنى ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئىزچىل داۋالاشتۇردۇ. ئۇ ئاۋىستىرالىيەدە يەرلەشكەن مۇسۇلمان جامائەت ۋە جەمئىيەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. خوسۇسەن تۈركىيەلىك قېرىنداشلىرىمىز ۋە ئۇلار قۇرغان جەمئىيەتلەر ۋە زىيالىلار بىلەن تولۇق ماسلىشىدۇ. يېقىن ۋە نامايىشلاردا ئۇلارنىڭ ياردەم ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بۇ قىتئەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىنى، مەدەنى، ئىجتىمائى ئېھتىياجىنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن كۈرۈسلار ۋە مەكتەپلەر ئېچىشقا بۈيۈك تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئۆگۈنىشى ئۈچۈن ئۇيغۇرچەمەكتەپلەر ئاچىدۇ. ئۇ بۇ دۆلەتكە سىياسى پانا تىلەپ كەلگەن سىياسى مۇلتەجىلەرگە ئىگە چىقىپ، ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ياردەم قىلىدۇ. ئەخمەت ئىگەمبەردى شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ چەتئەللەردە تەشكىللىنىشى، مۇستەھكەملەپ راۋاجلاندۇرۇلىشى ۋە خەلقارالاشتۇرۇلىشى يولىدىكى مۇھىم تەشكىلاتچى، تەشەببۇسكار ۋە رەھبەرلەردىن بىرى سۈپىتى بىلەن ئۇنۇملۇك ۋە زور تۆھپەكارلارىمىزدىن.

ئۇ 1992- يىلى ئىستانبۇلدا شەرقى تۈركىستان ۋەقفى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان 1- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان قۇرۇلتىيىغا ئىشتىراك قىلىپ قۇرۇلتاي كېڭەش مەجلىسى رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1998- يىلدا ئىستانبۇلدا شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن ۋە ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

1999- يىلى ئوكتەبىر ئېيىدا گىرمانىيەنىڭ مىيونخىن دا ئېچىلغان شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمى كومىتىت ئەزالىقىغا تەيىن قىلىنغان.

2001- يىلى بىلگىيەنىڭ مەركىزى بىرۇكسەل شەھرىدە ياۋرۇپا پارلامەنتوسى بىناسىدا ئېچىلغان 3- نۆۋەتلىك شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتىت ئەزاسى ۋە قۇرۇلتاينىڭ سىياسى مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كېيىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1996- يىلدا ئىستانبۇلدا شەرقى تۈركىستان

جەمئىيەتنىڭ نەشىر ئورگىنى بولغان ئاۋىستىرالىيە — شەرقى تۈركىستان خەۋەرلىرىنى بۈلتەننى ئىنگىلىزچە تىلىدا 3 يىل ئۈزمەي نەشىر قىلدۇرغان. ئۇ بىر تەرەپتىن بۇ قىتئەدىكى كۆرەشنى ۋە تەشكىلى ئىشلەرنى داۋاملاشتۇرسا، باشقا تەرەپتىن ئىجتىمائى، مەدەنى ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئىزچىل داۋالاشتۇردى. ئۇ ئاۋىستىرالىيەدە يەرلەشكەن مۇسۇلمان جامائەت ۋە جەمئىيەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى. خوسۇسەن تۈركىيەلىك قېرىنداشلىرىمىز ۋە ئۇلار قۇرغان جەمئىيەتلەر ۋە زىيالىلار بىلەن تولۇق ماسلىشتى. يېغىن ۋە نامايىشلاردا ئۇلارنىڭ ياردەم ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ قىتئەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىنى، مەدەنى، ئىجتىمائى ئېھتىياجىنى تەمىن قىلىش ئۈچۈن كۇرۇسلار ۋە مەكتەپلەر ئېچىشقا بۇيۈك تىرىشچانلىق كۆرستتى. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۇيغۇرچەمەكتەپلەر ئاچتى. ئۇ بۇ دۆلەتكە سىياسى پانا تىلەپ كەلگەن سىياسى مۇلتەجىلەرگە ئىگە چىقىپ، ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ياردەم قىلدى. ئەخمەت ئىگەمبەردى شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ چەتئەللەردە تەشكىللىنىشى، مۇستەھكەملەپ راۋاجلاندۇرۇلىشى ۋە خەلقارالاشتۇرۇلىشى يولىدىكى مۇھىم تەشكىلاتچى، تەشەببۇسكار ۋە رەھبەرلەردىن بىرى سۈپىتى بىلەن ئۈنۈملۈك ۋە زور تۆھپەكارلارىمىزدىن.

ئۇ 1992- يىلى ئىستانبۇلدا شەرقى تۈركىستان ۋەقفى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان 1- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان قورۇلتىيىغا ئىشتىراك قىلىپ قورۇلتاي كېڭەش مەجلىسى رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1998- يىلدا ئىستانبۇلدا شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ قورغۇچىلىرىدىن ۋە ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

1999- يىلى ئوكتەبىر ئېيىدا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخىن دا ئېچىلغان شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قورۇلتىيىنىڭ دائىمى كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىن قىلىنغان.

2001- يىلى بىلگىيەنىڭ مەركىزى بىرۇكسىل شەھرىدە ياۋرۇپا پارلامەنتوسى بىناسىدا ئېچىلغان 3- نۆۋەتلىك شەرقى تۈركىستان مىللى قورۇلتىيى دائىمى كومىتېت ئەزاسى ۋە قورۇلتاينىڭ سىياسى مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كېيىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. 1996- يىلدا ئىستانبۇلدا شەرقى تۈركىستان

ۋەقەلەرنى تەرتىپكە تىزغان، 2- خەلقارالىق شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە تارىخ سىمپوزىيۇمىنىڭ ئىشتىراكچىسى. 1998- يىلى تۈركىيەنىڭ بۇرسا شەھرىدە تۇپلانغان 6- تۈرك دۆلەت ۋە جامائەتلىرى دوستلۇق قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىق قۇرۇلتىيىغا قېتىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە مۇھىم دوكلات سۆزلىگەن.

شائىر ـ ئەدىپ ھۆرمەتلىك پىشقەدەم مىللىي مۇجاھىدىمىز ئازاتلىق جەڭچىسى ئەھمەت ئىگەمبەردىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ۋەتىنىمىز ۋە مىللىتىمىز بىلەن ئالاقىلىق مۇھىم ۋەقەلەر ۋە مەلۇماتلار بىلەن تولغان. ئۇنىڭ 50 يىللىق مىللىي مۇجادىلە ھاياتى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن چوڭ ئۈمىت، شەرەپلىك ۋاپاكارلىقلار ۋە قەدىردانلىق نۇمۇنىلىرى بىلەن بىرلىكتە خائىنلىق، ساتقۇنلۇق، ئىككى يۈزلىمچىلىك ۋە ۋاپاسىزلىق ئۆرنەكلىرى بىلەن بىزلەرگە ۋە كېلىچەك نەسىللەرگە چوڭ ئىبرەت ۋە دەرس بېرەلەيدىغان دەرىجىدە مۇھىم دەپ تەخمىن قىلىمەن. ھۆرمەتلىك ئەھمەت ئىگەمبەردىدىن تولۇق ھايات ۋە مۇجادىلە خاتىرەلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىت قىلىمەن.

پىشقەدەم شائىر ـ ئەدىپ، ئەركىنلىك كۈرەشچىسى، شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈك ۋە رەھبەرلىرىدىن مىللىي مۇجاھىدىمىز ھۆرمەتلىك ئەھمەت ئىگەمبەردى، مىللىي كۈرىشىمىزنىڭ مۇقىم، تەۋرىمەس، ئىگىلمەس، تەۋرىسىز، پولاتتەك ئىرادىلىك "ھەم قەلىمى ھەم ئەلىمى" بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان بىر پائالىيەتچىسى سۈپىتىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆڭلىدە لايىق بولغان يېرىنى ئالغۇسى.

ھۆرمەتلىك ئەخمەت ئىگەمبەردىگە، قەدىرلىك ئائىلىسىگە سالامەتلىك، سائادەتلىك بىر ھايات ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك كۈرەشلىرىدە زور ئۇتۇقلار تىلەيمەن.

نەشرگە تەييارلىغۇچى

www.uyghurkitap.com

# يازغۇچىدىن

سۆيۈملۈك كىتاپخان!

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت كابىنىتى ئاخبارات ئىشخانىسى 2003- يىلى 26- ماي كۈنى ئاقنى قارا، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلغان ئاتالمىش "شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى" دىگەن يەنە بىر ئاقتاشلىق كىتاپ ئېلان قىلدى.

بۇ كىتاپتا ئۇيغۇر خەلقىگە تەڭرى ئاتا قىلىپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئەجداتلارنىڭ تەۋەررۈك ئاتا مىراسى بولۇپ كەلگەن ئانا ماكانىمىز شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستاننى) "تاش دەۋرىدىن بۇيان جۇڭگونىڭ زىمىنى، ئايرىلماس بىر ئارچىسى" دىگەن ئەپچىغى چىققان تاجاۋۇزچىلىق سەپسەتەسىنى يەنە بىر قېتىم بازارغا سېلىپ، ئاتالمىش "ئازاتلىق"تىن كېيىن كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپتۇمىش...

ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى مىللىتىمىزنىڭ ئانا بۆشىگى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئۆزىمىزنىڭ، دۇنيا ھەتتا خىتاينىڭ ئاتاقلىق تارىخچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئابرويلۇق كىتاپلاردا قايتا ـ قايتا ئىتراپ قىلىپ، يەكۈنلار چىقارىلغان بولۇپ، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

ئەندى ئاتالمىش "شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقى" دىگەن سۆزىگە كەلسەك، بېيجىن ھۆكۈمرانلىرى بىزنى ئازات قىلىپ قويغىنى يوق. بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار 5 يىل بۇرۇنلا ئاساسەن ئۆزىمىزنى ئازات قىلىپ، 1944- يىلىلا غولجىدا شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ دۆلەت بايرىغى، دۆلەت گېربىمىز، دۆلەت قوشۇنىمىز، دۆلەت بانكىمىز، قىسقىسى، نورمال بىر دۆلەتتە بولىدىغان تولۇق شەرت ـ شارائىتلەرگە ئىگە بولغان ئىدۇق.

لېكىن سوۋېت ئىمپىرىيەسى بىلەن ماۋچى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى سودىلار نەتىجىسىدە بىر پاي ئوق ئاتمايلا 1949- يىلى سىنتەبىردە كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى ۋەتىنىمىزگە قاراقچىلارچە بېسىپ كىرىپ "تەييارغا ھەييار بولدى".

www.uyghurkitap.com

بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇنى ھەرگىزمۇ ئازات بولدۇق دىمەيمىز، بۇنى مۇنقەرىز، مۇستەملىكە بولدۇق، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى كوممۇنىست خىتايلار قانۇنسىز، زورلۇق بىلەن بېسىپ ئالدى، دەپ چۈشۈنىمىز. شۇڭلاشقا، بى بېيجىڭنىڭ مۇتۇھەملىك بىلەن يۇرگۈزىۋاتقان مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىنى رەت قىلىپ كەلدۇق، ئۇنى لەنەتلەيمىز.

سەۋەبى كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇت ئايىغى سۇيۇملۇك ۋەتىنىمىزنىڭ مۇبارەك تۇپرىغىغا تىگىشى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى سىياسى جەھەتتىن قۇل، ئىقتىسادى جەھەتتىن قاششاق ـ گاداي، مەدىنى ـ مۇئارىپ جەھەتتىن نادان ـ قالاق ھالىغا كېلىپ، ئەقەللىسى، ئۆزىمىزنىڭ ئىنسان ھوقۇقلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. بىسپايان، ئاستى ـ ئۈستى تۈگۈمەس بايلىققا تولغان، گۈزەل ۋەتىنىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ئۈستى ئۈچۇق ۋەيلۇن دوزاققا، كەلكۈندى خىتاي باسقۇنچىلىرى ئۈچۈن جەننەتكە ئايلانغانلىغى راست. بېيجىڭنىڭ مۇستەملىكچىلىك سىياستى تۈپەيلى ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئېرىشىپ، خەلقىمىزنىڭ قاششاق ـ نادانلىققا قالغانلىغى راست، ئۆز ۋەتىنىمىزدە ئۆزىمىز خار بولۇپ، يوقۇلۇش گىرداۋىغا يۇزلەنگەنلىگىمىز بىر ئەمەس مىڭ قېتىم راست...

شۇڭا بېيجىڭنىڭ مۇستەملىكچىلىك سىياستىگە قارشى 50 يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىتتىن بۇيان خەلقىمىز ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل يوللار بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. لېكىن بېيجىن ئۆز ئىنسانى ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئۈچۈن تىنچ ـ دېموكراتىك يوللار بىلەن قىلغان ھەم قىلىۋاتقان مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مۇستەقىللىق ـ ئەركىنلىك جەڭلىرىنى "تېررورىست"، "بۆلگۈنچى" ۋە "دىنى ئەكسىيەتچى" دەپ قان دەرياسىغا پاتۇردى.

قېنى ماخات ماگاندى بىلەن مارتىن لۇزېركىڭنىڭ "زوراۋانلىقسىز مۇستەقىل ـ ئەركىنلىككە يېتىش" نەزەرىيەسى؟! ئۇ نەزەرىيە بىلەن ھىندىستان مۇستەقىللىققا، ئامېرىكادىكى نىگىرلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىيەسى ئۇيغۇرلارغىمۇ ماس كېلەرمۇ؟ بۇنى خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ بىر پارتىيىلىك فاشىستلىق تەبىئىيتى قوبۇل قىلارمۇ؟

مارتىن لۇزىركىڭمۇ زوراۋانلىقسىز قارشىلىق كۆرسىتىش تەلىماتىنىڭ ھەممىگە قادىر ئەمەسلىكىنى: "ئەگەر بىز كوممۇنىستىك دۆلەتلەرنىڭ تۆمۈر قەپەزى ئىچىدە بولغان بولساق، ھەرگىزمۇ بۇ ئۇسۇلنى قوللانمايتتۇق. لېكىن ئامېرىكا دېموكراتىك بۈيۈك ئەۋزەللىكى – ھەقىقەت ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەققىنىڭ بولغانلىقىدا..." دىگەن مەشھۇر سۆزى بىلەن ئىسپاتلىغان ئىدى. مارتىن لۇزىركىڭنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن ئاتالاي يىللار ئۆتتى. دۇنيا سوتسىيالىستىك ستېپماسىنىڭ پىشۋاسى – زېمىنى دۇنيانىڭ ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلغان دەرىجىدىن تاشقىرى سوۋېت ئىمپېرىيالىسى ئىچكى – تاشقى سەۋەپلەرنىڭ بىر – بىرىگە ماس كېلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تەساۋۋۇرىدىن سىرت گۇمران بولدى. ئۇنىڭ خارابىسىدا ئون نەچچە مۇستەقىل مەملىكەتلەر ئاساسەن ئورۇش – تالاشسىز دۇنياغا كەلدى.

بالقاندا خەلقئارنىڭ بېسىمى، قوراللىق ئارىلىششى ۋە ئىچكى ئۇرۇشلار بىلەن يەنە بىر قانچە مەملىكەتلەر مۇستەملىكچىلىكنىڭ بويۇنتورۇغىدىن قۇتۇلدى.

ئەندى خىتاي قانداق بولار؟ خىتايدىمۇ گورباچېۋ چىقارمۇ؟ بۇ مەسىلىلەر خەلقئار ئەھۋال، خىتاينىڭ ئىچىدىكى ئۆزگۈرۈش ۋە خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق مۇستەملىكىلەردىكى خەلقلەرنىڭ ئەشۇنداق بىر بورۇلۇش نۇقتىسى يېتىپ كەلگەندىكى شۇ پائىدىلىق ۋەزىيەتنى ئۇستىلوق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللى مەنپەئەتلىرىگە ئۇستىلوق بىلەن پائىدىلىنىپ ئالالىشى ۋە ئالالماسلىقىغا باغلىق، مەسىلە شۇنىڭدىكى، خىتاينىڭ **2,000** يىللىق تارىخى جەريانىدا شەكىللەنگەن مەدىنىيەت ۋە پىسخالوگىيە، ئۇنىڭ ياۋرۇپا مىللىتى بولماي شەرقىي – جەنۇبى ئاسىيا مىللىتى بولۇپ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ **5** تىن بىرىنى تەشكىل قىلىپ، ھازىر بىر قىسىم تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى دۇنيادا تۇتقان سىياسى ۋە ئىقتىسادى ئورنىدۇر. شۇڭا تېرىسىگە پاتماي قۇتراۋاتقان قىزىل خىتاي ئىمپېرىيەسى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن دۇنيا خوجايىنلىقىنى تالىشىۋاتىدۇ.

ماخاتماگەندى، مارتىن لۇزىركىڭلارنىڭ "زوراۋانلىقسىز قارشىلىق كۆرسىتىش" تەلىماتىنىڭ ھازىرقى ۋەكىلى تىبەتلىك دالاي لامانىڭ ئالىلقاچان زوراۋانلىقنى تاشلاپ، سوھبەت بىلەن تىنچ ئۇسۇلدا "تىبەتكە ئالى ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىشى" غا

قارىماي، بىبىجىن سوھبەتلەرگە دالاي لامانى ۋە ئۇنىڭ سەرگەردان ھۆكۈمىتى قاتناشتۇرماسلىق"نى دوقال قىلىپ قويىدى. بىزدىمۇ بەزىلەر دالاي لاماغا [illegible] خىتايدىن ، ئالى ئاپتونومىيە" نى تەلەپ قىلماقچى، ئۇلار مۇستەقىل سۆزنى ئېيتىشتىن ئۆلگىدەك قورقىدۇ. ئۇلارچە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىنسا، ياۋرۇ مەملىكەتلىرى ياخشى كۆرمەسمىش ياكى داۋايىمىز دۇنيا ئېقىمىغا چۈشمەسمىش. ۋاھاكازالار.

ھەممىگە مەلۇمكى، مۇستەقىللىق ـ مۇستەملىكە بويۇنتۇرۇقىغا چۈشۈپ قالغان مىللەتنىڭ ئەڭ ئالى ئارزۇ ۋە مۇقەددەس غايىسى، بۇ ئۇلۇغ غايىگە يېتەلمىگەن، يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان مىللەت ئۆلۈمگە مەھكۇم.!

ئۇيغۇر خەلقى بۇ ئاچچىق ھەقىقەتنى مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ 1- قېتىم شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان 245 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ، كەممۇنىست خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىپ ئالغاندىن كېيىنكى 50 يىلدىن ئوشۇغراق ۋاقىتتىن بۇيانقى قان ياشلىق سەرگۈزەشتىلىرىدە يېتەرلىك چۈشۈنۈپ يەتتى. ئۇيغۇر مىللى ھايات ياشاشنى خالايدىكەن، پەقەت مۇستەقىللىق كېرەك! بىز مۇستەقىللىقىمىز ئۈستىدە سودىلاشمايمىز. كىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۆرىشىدە خائىنلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلسا، بۇ دۇنيا ئۇ دۇنيالىق قارا يۈز، مۇناپىقلارغا ئايلىنىدۇ!

مۇستەقىللىق ـ مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ شەخسنىڭ بېشىغا قونغان بەخت قۇشى ۋە بەخت ـ سائادەت، ئامەتلىرىنىڭ ئانىسى، دۇنيادا مۇستەقىللىقتىنمۇ قىممەتلىك نەرسە يوق!

بىز ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللىتىمىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. بۇ كۈرەش ھەققانىي كۈرەش. ئامېرىكا، ياۋرۇپا ۋە دۇنيادىكى دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە ئادالەتنى سۆيگۈچى دۇنيا ئەللىرى بىزنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان ھەققانى كۆرىشىمىزنى قوللاپ، قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز بارلىق ئېھتىماللارغا تەييار بۇرۇپ، ئىنسانى ھەقلىرىمىز ئۈچۈن جان پىدالىق كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. ياراتقۇچى ئىنسانىنى ياراتتى، قالغان ئىش ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدە، بۇ دۇنيا ـ سەۋەپ دۇنياسىدۇر.

ھازىرقى دۇنيا – ھەر خىل زىددىيەتلەرنىڭ تېز ئۆزگىرىۋاتقان جانلىق سەھنىسى، ئىشىنىمىزكى، ئۆزىنى بىلمەي قۇتراۋاتقان قىزىل خىتاي ئىمپېرىيەسى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۇنيا دېموكراتىك – ئەركىنلىك كۈچلىرىنىڭ قاتتىق ئىسكەنجىسىدە خىتاي خەلقى، خىتاينىڭ مۇستەملىكىلىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ ھەققانى كۈرەشلىرىدە تەختى – بەختى كۆلگە ئايلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىگە ۋە دۇنيا خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ھېچقاچانمۇ زىت ئەمەس ھەم زىت بولمايدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى – كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ كەڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىقىغا خاتىمە بېرىپ، دۇنيا تىنچلىقى، دېموكراتىيىسىگە زور تۆھپە بولۇپ قوشۇلىدۇ. ئىنشا الله!

بۇ كىتاپتا زىكىر قىلىنغان ئىزگۈ نىيەتلىرىمىزنىڭ بىرتال ئۈمىد ئۇچقۇنى – قەدىرلىك كىتاپخانلىرىمىزنىڭ قەلبىگە چۈشۈپ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ھەققىدىكى ھېس – تۇيغۇلىرىنى قوزغاشتا يىپ ئۇچى بولالىسا، ئۆزەمنى بەختلىك ھېس قىلغان بولار ئىدىم.

كىتاپنى نەشر قىلىشتا خىزمىتى تەككەن ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىمغا ئاللاھىدە رەھمەتلىرىمنى ئېيتىمەن.

ئانامنىڭ مېھرىدىن ئايرىما مېنى،
ئاتامنىڭ پۇشتىدىن شاللىما مېنى،
ئەي تەڭرىم، ھەممىدىن قىلساڭمۇ مەھرۇم،
ۋەتىنىم ئىشقىدىن ئايرىما مېنى.

ئەخمەت ئىگەمبەردى

2004 – يىلى، 27 – ئىيۇن. لىۋېرپۇل – سىدنېي – ئاۋىستىرالىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شەرقى تۈركىستان - كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى ئاتوم - يادرو سىناقلىرىنىڭ گۇناھسىز قۇربانى

شەرقى تۈركىستان _ (خىتايچە شىنجاڭ _ يېڭى تۇپراق دېمەكتۇر) ئاسيانىڭ ئەق يۈرىكىگە جايلاشقان. سىياسى ۋە ئىستىراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم مەملىكەتتۇر. ئۇ روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان پاكىستان، ھىندىيە، تىبەت ۋە خىتاي قاتارلىق 10 دەۋلەت بىلەن چېگرالىنىدۇ.

ئۇنىڭ يەر مەيدانى- 1,828,418 چاسا كىلومېتىر بولۇپ، خىتاي زېمىنىنىڭ ـشتە بىرىگە توغرى كېلىدۇ.

شەرقى تۈركىستانىنىڭ نوپۇسى- 1949- يىلى 9مىليون بولۇپ، بۇ ئاھالىنىڭ 95% تىن كۆپرەكىنى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك مۇسۇلمان تۈركلىرى تەشكىل قىلىپ، ئازسانلىق مىللەت خىتاي، مانجۇ، موڭغۇل، شىۋەلەر 600,000 ئەتراپىدا ئىدى. (ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى، خىتايچە، 5- تومىدا "تىبەتتىكى ئارمىيىگە بېرىلگەن يوليورۇق" تا بۇ سان قەيت قىلىنغان.) ھازىر 26 مىليون مۇسۇلمان تۈرك ياشاماقتا.

شەرقى تۈركىستان- يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقلىرىغا ئىنتايىن باي بولۇپ، ئۇرانيوم، پلاتىنوم، ئالتۇن، كۈمۈچ، تۆمۈر، قەلەي، مىس، سولغۇر، تىن، مىكا، ئېمىرالداس، كۆمۈر، نېفىت، گاز چىقىدۇ. بولۇپمۇ نېفىت، كۆمۈر، گازلارنىڭ زاپىسى ئىنتايىن كۆپ. خىتاينىڭ 148 خىل كان مەھسۇلاتىنىڭ 118 خىلى شەرقى تۈركىستاندىن چىقىدۇ. زىرائەتنىڭ ھەممە تۈرلىرى چىقىدۇ. يايلاقلاردا 60 مىليون تۇياقتىن ئۇشۇق چارۋا مال بار.

شەرقى تۈركىستان تارىختا ھۇن، كۆكتۈرك، ئۇيغۇر، قاراخوجا ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىلار، سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق مۇستەقىل تۈرك سۇلالىلىرىنىڭ ئانا بۆشۈگى بولغان.

1877- يىلى، 150 مىڭ مانجۇ - خىتاي ئارمىيىسى ئۇلۇغ بىرىتانىيە ۋە چار روسىيەلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مۇستەقىل ياقۇپبەك دۆلىتىنى (1876- 1863) ئاغدۇرۇپ شەرقى تۈركىستانى بېسىۋېلىپ ئۇنىڭ نامىنى "شىنجاڭ" - (يېڭى

توپراق) قا ئۆزگەرتىپ ئۇنى خىتاينىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىپ 1884- يىلى قوشۇۋالغان. يېقىنى زامانلاردا قەشقەردە "شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" (1933 -1937)، غولجىدا شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" (1944- 1949) دۇنياغا كېلىپ بىر مەزگىل ئۆمۈر سۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا رۇسىيە – خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ سۈيىقەستى ۋە قوراللىق ئارىلىشىشى بىلەن يوز مىڭلىغان شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ قۇربان بېرىشلىرى بەدىلىگە كەلگەن بۇ دۆلەتلەر قولدىن كەتتى.

خىتاي كوممۇنىستلىرى 1949- يىلى شەرقى تۈركىستاننى قانۇنسىز بېسىپ ئالغاندىن كېيىن ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانى ھوقۇقى، دېمۇكراتىيە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش قاتارلىق ئادەتتىكى ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىلىرىدە شەرقى تۈركىستان خەلقى ئالدىدا كەچۈرگىسىز جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، تارىختىكى قانخور، باسقۇنچى بوۋىلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى.

* 46 يىلدىن بۇيان خىتاي كوممۇنىست باسقۇنچىلىرى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك تۈرك خەلقلىرىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنى شەرقى تۈركىستاننى ھەقىقى خىتاي زېمىنىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېرقى قىرغىنچىلىق ھەم ئاسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى كۈچەپ يۈرگۈزمەكتە.

50- يىللاردا خىتاي كۆچمەنلىرى، مانجۇ، موڭغۇل، شىۋەلەر پۈتۈن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بىر قانچە پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان بولسا، ھازىر غايەت زور خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقى تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ، يەرلىك مۇسۇلمان تۈركلەرنى ئازسانلىق ھالىغا چۈشۈردى. ھازىر شەرقى تۈركىستانغا ھەر كۈنى ئون مىڭلاپ خىتاي كۆچمەنلىرى كۆچۈرۈلمەكتە. بېيجىڭ شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شەرقى تۈركىستانغا 100 مىليون خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرماقچى.

* كوممۇنىست خىتاي باشقۇنچىلىرى "پىلانلىق تۇغۇت" دىگەن شۇئارنى باھانە قىلىپ شەرقى تۈركىستاندا تۇغۇتنى چەكلەش دىگەن قاتىللىق سىياستىنى مەجبۇرى يۈرگۈزۈپ، 1991 – 1994- يىللاردا بالا چۈشۈرۈش ۋە تۇغماس قىلىش يوللىرى بىلەن 2,020,000 بوۋاقلار ئۆلتۈرۈلدى. تىببى ياردەم، تىببى ئەسلىھەلەر، دورالارنىڭ كەمچىلىگىدىن ئون مىڭلىغان ئاياللار مەجروھ، ئېغىر كىسەللىكلەرگە گىرىپتار بولدى ياكى ئۆلدى، ھايات قالغانلىرى پەرزەنت دەرتلىرىدە ساراڭ بولدى،

ئون مىڭلىغان ئائىلەلەر بوزۇلۇپ خانۇ ـ ۋەيران بولدى. شەھەر يېزىلىرىمىز ناھايىتى كۆپلىگەن "تۇغۇتنى چەكلەش پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، 90% ئاياللىرىمىزنى تۇغماس قىلىشنى نىشان قىلىپ نوپۇسىمىزنىڭ يىللىق ئۆسۈشىنى توختاتتى ھەم 1997- يىلغىچە شەرقى تۈركىستاننىڭ مىللى نوپۇسىنى 5 مىليون ئادەمگە قىسقارتىشنى پىلانلاۋاتىدۇ.

* كوممۇنىست ختاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قانلىق زۇلمىغا قارشى شەرقى تۈركىستانلىقلار سىياسى ۋە قوراللىق قارشىلىقلىرىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتقىنى يوق. لېكىن شەرقى تۈركىستانغا مەڭگۈ خوجا بولۇش نىيىتىدىكى ختاينىڭ ھەربى فاشىست دىكتاتۇراسى مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلانغان شەرقى تۈركىستانلىقلارنى دەھشەتلىك ھالدا باستۇرماقتا.

1949- يىلدىن 1968 ـ يىلغىچە شەرقى تۈركىستاندا 58 قېتىم چوڭ تىپتىكى قوزغىلاڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلىدى، شۇ نەتىجەدە 50- يىلدىن 1972- يىلغىچە 360 مىڭدىن ئوشۇق شەرقى تۈركىستانلىقلارنى تۈرلۈك باھانە سەۋەپلەر بىلەن چەت مەملىكەتلەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. 1994- يىلى 4- ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى بارىن يېزىسىدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق قوزغالغاندا بۇ يېزىنى 20 مىڭ ختاي قوراللىق قوشۇنلىرى بىلەن قورشاپ 3,000 دىن ئوشۇق يېزا ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلىدى، ئەڭ دەھشەتلىگى بۇشۇكتىكى بىر بۇۋاقتا 28 پاي ئوق تەككەن، ھازىر شەرقى تۈركىستاندا 92 جايدا تۈرمە ۋە لاگىرلار بار، ئۇنىڭدا 250 مىڭدىن ئوشۇق مەھبۇسلار ئازاپ چەكمەكتە. بۇلارنىڭ 57% نى ياشلار تەشكىل قىلىدۇ.

دىكتاتور ماۋزېدۇڭ 60- يىللارنىڭ بېشىدا سۆزلىگەن بىر نۇتۇقتا؛ مەن سىلەرگە: "ختايلار ئىشتانسىز قالسىمۇ لىكىن ئاتومغا ئىگە بولۇشى كىرەكلىگىنى ئەسلەتمەكچىمەن" دىگەن ئىدى. شۇڭا ئاساسەن، شەرقى تۈركىستان بۈگۈن يالغۇزغىنە زۇلۇم ئۈچۈنغى بولۇپ قالماي، دۇنياغا خوجا بولۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئىسى ـ يادى بىلەن قۇتراۋاتقان كوممۇنىست ختاي ئىمپىرىيەسىنىڭ ئاتوم پولىگونى بولۇش سۈپىتى بىلەنمۇ دۇنياغا تونۇلماقتا، كوممۇنىست ختاي باسقۇنچىلىرى ئاتوم قوراللارنى ياساشقا 1955- يىلىلا كىرىشكەن بولۇپ، 9 يىللىق ئورۇنۇشلاردىن كېيىن، 64- يىلى بىرىنچى قېتىملىق ئاشكارا ئاتوم سىنىغى شەرقى تۈركىستاننىڭ

مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن 600كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغان لوپنۇردا ئۆتكۈزگەنلىكىنى دۇنياغا ئېلان قىلدى. شۇ ئۆتكەن 32 يىلدىن بۇيان تىنماي قىلىنغان ئاتوم سىناقلىرى نەتىجىسىدە 250,000 دىن ئوشۇق شەرقى تۈركىستانلىقلار هاياتىدىن ئايرىلدى. هەر يىلى ئاتوم سىناقلىرىغا ئائىت ئىلگىرىدىن شەرقى تۈركىستاندا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەهشەتلىك كىسەللىكلەر بىلەن مىڭلىغان گۇناهسىز يەرلىك خەلق ئۆلمەكتە. ئاهالە ئوتتۇرىسىدا ئاپەت خارەكتىرلىك جىگەر، ئۆپكە، قان، ۋە تېرە راكلىرى بىلەن نورغۇن كىشىلەر قىرىلماقتا، باللار نورمال توغۇلمايۋاتىدۇ.

شۇنى قەتئى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى: هازىر يەرلىك خەلقلەردىن ئاتوم زەررىچىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بىرەر ساغلام ئادەم قالمىدى. مۇهتىنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئۆزگۈرۈشى دەهشەتلىك ئاتوم پولىگونى ئەتراپىدىكى 400 دەك چوڭ – كىچىك كۆل – سۇ ئامبارلىرى قۇملۇق چۆللەرگە ئايلاندى. تولۇپ تېشىپ ئاقىدىغان دەريالارنىڭ سۇلىرىنىڭ يېرىمى پارغا ئايلىنىۋاتىدۇ. لوپنۇرنىڭ غەربى تەرپىدىكى خوتەن ۋىلايىتىدە 3,5 مىليون ئادەم يەر ئۈستى سۇلىرى قاتتىق بولغانلىغانلىغى ئۈچۈن نەچچە مېتىر چوكقۇرلۇقتا قۇدۇقلار قېزىپ، يەر ئاستى سۇلىرىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولماقتا. لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى چارقىلىق ناهىيسىدىمۇ بۇ ئەهۋال ئوخشاشلا تەكرارلانماقتا.

كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيسى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك مەنپەئەتى هەم كىشىلەرگە ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان سىرلىق غەرەزلىرى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئاتوم سىناقلىرىنى لوپنۇردا ئۆتكۈزۈپ بىرىۋاتىدۇ. هەتتا هىچقاندلق تەپ تارتماي بۇ رايونلاردا چەتئەللەرنىڭ ئاتوم قۇراللىرىنىڭ كىرەكسىز ئەخلەتلىرىنى ساقلاپ بىرىشكە توختام تۈزۈتۈپ، ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

شۇنى چۈشۈنۈش قىيىنكى: ئاۋىستىراليە هۆكۈمىتى هەم دۇنيا جامائەتچىلىگى قوزغۇلۇپ، فىرانسىيەنىڭ مورورونا ئارىلىدا ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئاتوم سىناقلىرىغا بىر نەچچە ئايدىن بۇيان دۇنيا يۈزىلىك قارشى تۇرۇش چوڭ دولقۇنىنى قوزغاپ، شىراك هۆكۈمىتىنى تىترەتىپ ئالاقىزادىگە سېلىۋەتتى. نىق شۇ ئۇلۇغ هەرىكەت يۈرگۈزىلىۋاتقاندا خىتاي ئىمپىرىيەسى ئۆزىنىڭ هەددىدىن ئاشقان ئۆكتەملىگى هەم هاكاۋۇرلىغى بىلەن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ياشاش

ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، ئامېرىكا ياۋروپا ۋە ئاۋىستىرالىيەنى ھېچقانداق مەنىستىمەي نەق ئۆتكەن 17- ئاغۇست كۈنى 43- قېتىملىق ئاتوم سىنىغىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى ھەم "يەنە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى،" قانداق قىلىسەن؟" دېگەندەك قىلىپ دۇنياغا جار سالدى. ئاۋىستىرالىيە ۋە دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ ھېچنىمە دېمەيلا دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئازغىنە ئادەملەرنىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلەردە ۋاقىراش ـ جاقىراشلىرى، بېيجىڭنىڭ پىراپاگاندا ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە قىلالماي بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى.

بېيجىڭدا تۇرىۋاتقان گرېن پىسنىڭ تۆرت ئادىمى تيەنئەنمېن مەيدانىغا چىقىپ، لوزۇنكىلىرىنى ئەمدى ئېچىشىغا ئۇلارنى قولغا ئېلىپ، شاڭگاڭدىن سىرتقا چىقىرىپ تاشلىدى، ۋاي، رەسۋاچىلىق! ئەجابا، فىرانسىيەنىڭ سىناق قىلغىنى ئاتوم بومبىسى بولۇپ،خىتاي كوممۇنىست ئىمپېرىيەسىنىڭ ھاياتلىق بومبىسى بولۇپ، ئىنسانلارغا ۋە مۇھىتقا پايدىسى بارمىدى؟ ئاتوم سىناقلىرىدا ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلغان يۈز مىڭلىغان شەرقى تۈركىستانلىقلار مۇرۇۋۋەت ئارىلىدىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان باشقا مەخلۇقلارمۇ ـ يا؟ خىتاي سىناق قىلىۋاتقان ھەر قېتىملىق ئاتوم بومبىلىرى خىرۇشىما، ناگاساكى دا تاشلانغان ئاتوم بومبىلىرىنىڭ بەش ھەتتا ئون بارابەر كۈچىگە تەڭ كېلىدۇ.

ئىزا تارتماي، ئاۋىستىرالىيە، دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ گېزىت ـ ژورنال، رادىئو ۋە تېلىۋىدىنىيەلىرىدە بەزى ئاتالمىش "ئالىم ۋە سىياسىئۇن" لارنىڭ مۇنازىرەلىرىدە نادانلىق ۋە ئادالەتسىزلىك بىلەن كوممۇنىست خىتاي ئاتوم قۇراللىرىنى ئۆز مەملىكىتىدە سىناق قىلىۋاتقانمىش، لوپنور ـ تىبەتتە ئىمىش... ۋاھاكازالار... ئۇچىغا چىققان تونترۇقسىزلىق ھەم بىمەنىلىك! نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان خىتاينىڭ تارىخى چېگىراسى سەددىچىننىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى كۆز قارچۇغىدەك ساقلاپ كەلگەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ياۋروپاغا قىلىدىغان تىجاۋۇزچىلىق يولىنى پولات قورغان بولۇپ توساپ كەلگەن، تېخى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتىرىلىرىدا بەزى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن شەرقى تۈركىستاننى دۇنيا ئۇنتۇپ بولسا ـ ھە؟ شەرقى تۈركىستان ھېچقاچان خىتاينىڭ بىر پارچىسى بولغان ئەمەس، شەرقى تۈركىستانلىقلارمۇ ھېچقاچان خىتاي ئەمەس! ئۇ تۈرك نەسلىگە مەنسۇپ بولغان

ئېرقى، دىنى، تىلى، ئۆرپ- ئادىتى، مەدەنىيىتى ھەتتا چىراي شەكلى شەرقى - جەنۇبى ئاسىيالىق خەلق بولۇپ، خىتايلاردىن قەتئى پەرق قىلىنىدىغان ئۆزگىچە مىللەتتۇر.

كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيەسىنىڭ قانلىق زۇلمى ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستان خەلقى بېيجىڭنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ دەھشەتلىك ئاسارىتى ئاستىدا ھايات - ماماتلىق گىرداۋىدا ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى تارتىۋاتقان جەبرى - زۇلۇم، ئازاپ - قايغۇلارنى ھۆر دۇنياغا ئاڭلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس. شۇڭا، ئاۋسترالىيە ۋە چەتئەللەردە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار ئۆز خەلقىمىزگە ۋەكالەتەن ئاۋسترالىيە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە شۇنى سەمىمى ئۇقتۇرىمىزكى؛ شەرقى تۈركىستان - شىنجاڭ ئەمەس. شەرقى تۈركىستان خۇددى تىبەتكە ئوخشاشلا كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيەسىنىڭ مۇستەملىكىسىدۇر.

شەرقى تۈركىستانغا مۇستەقىللىق كېرەك، شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى- ئۇنىڭ خوشنىلىرىغا، دۇنيا خەلقلىرىگە مەڭگۈ تىنچلىق ئاتا قىلىپ، كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيەسىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى توسايدۇ!.

شەرقى تۈركىستان خەلقى ئاۋسترالىيە ۋە پۈتۈن دۇنيا مەملىكەتلىرىدىن خىتاينىڭ ئاتوم سىنىقىنى توختۇتۇشىنى، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ئىمپىرىيەسىگە قارشى ھەققانى كۆرۈشىنى قوللاشقا چاقىرىدۇ.

**1995- يىلى، سىنتەبىر. ئادېلايدې - ئاۋسترالىيە.**

www.uyghurkitap.com

# ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ئاۋىستىرالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گارېس ئېۋانىسقا يازغان ئۈچۈق خېتى ۋە جون. ر.كولتېر

تەھرىر ئىلاۋىسى: 1995- يىلى 9- ئاينىڭ 30- كۈنى ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتى جەنۇبى ئاۋىستىرالىيە پايتەختى ئادېلايدې شەھرىدە كومۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە، ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى دەپسەندە قىلىشى ھەم لوپنۇر پولىگونىدا توختىماي ئاتوم قوراللى سىناقلىرىنى داۋاملىق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك، داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزگەن، بۇ نامايىشقا ئاۋىستىرالىيەدىكى ھەر قايسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشقان. ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى نامايىشقا قاتناشقان ئاۋىستىرالىيە دېموكراتلىرىنىڭ باشلىغى ھەم ئاۋىستىرالىيە سېنات ئەزاسى جون. ر.كولتېرغا جەمئىيەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گارېس ئېۋانىسقا يازغان ئۈچۈق خېتىنى نىق مەيداندا تاپشۇرغان. بىز بۇ يەردە سىناتۇرنىڭ شۇ خەتنى ئاۋىستىرالىيە پارلامېنتىدا ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلايمىز...

سىناتىرنىڭ ھازىرقى مۇنازىرە خاتىرىسى

1861- بەت 1995- يىلى 16- ئوكتەبىر

[ئىسپات]

قوشۇمچە:

ئاتوم قوراللىرى سىنىغى

سىناتور - كولتېر (دېموكراتلارنىڭ جەنۇبى ئاۋىستىرالىيەدىكى ۋەكىلى، چۈشتىن كېيىن 7,30 دە باشلاندى).

رەھمەت سىزگە جانابى پىرېزىدېنت ھەم مەرھابا. بىر قانچە ھەپتىلەر ئىلگىرى پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن بۇ يەردىكى ۋە باشقا پارلامېنتلارنى زىيارەت قىلىپ،

فرانسىيەنىڭ مۇرۇۋا ۋە فانگا تائوفادىكى ئاتوم سىناقلىرىنى بىلىش ئۈچۈن تاھىتىغا بارغان ئىدىم. بىر ھەپتە ياكى شۇنىڭدىن كېيىن ئۈزىيۈرتلىرىدا خىتاينىڭ ئاتوم سىناقلىرىدىن ئەمدىشە قىلىۋاتقان ئادېلايدېدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ نامايىشىدا سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندىم. ئۇلار سىناتور گارېس ئۈۋانىسقا قارىتىپ "ئۈچۈق خەت" بەردى. مەن ئۇلار بىلەن سۆزلەشكىنىمدە بۇ ئۈچۈرنىڭ كەڭ دائىرىدە تارقىلىشى ئۈچۈن خەتنى دوكلاتىمغا كىرگۈزۈپ ئۇقۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلغان ئىدىم

خەت مۇنداق يېزىلغان:

"قىممەتلىك جاناب،

ئاۋىستىرالىيە فىرانسىيەنىڭ تىنچ ئوكيئاندىكى مۇستەملىكىسى مۇرۇۋا ئارىلىدا ئاتوم بومبىسى سىناق قىلىشقا قارشى خەلقئاردا باشلامچىلىق رول ئوينىدى. بۇ ئەيىپلەشلەرپارىژدىكى شىراك ھۆكۈمىتىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

دەل **1995**- يىلى، **17**- ئاۋغۇستتا خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتوم قۇراللىرىدا ھەممىنى بىسىپ چۈشۈش ھەم دۇنياغا خوجا بولۇش تەلۋىلىگىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ لوپنۇردا **43**- قېتىملىق ئاتوم قۇراللىرى سىنىغىنى ئېلىپ باردى، لېكىن دۇنيا ھەم ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئوخشاشلا مەسىلىگە پۈتۈنلەي باشقىچە قاراشتا بولدى. ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتى فىرانسىيەنىڭ مۇرۇۋا ئارىلىدا ئاتوم قۇراللىرى سىنىغى ئېلىپ بارغىنىغا فىرانسىيەنىڭ كۆز قاراشلىرىغا تەسىر قىلغۇدەك ئىقتىسادى بېسىم كۆرسەتتى. بىراق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتوم سىناقلىرىغا كەلگەندە يۇمۇشاققىنە تېگىپ ئۆتۈپ كەتتى...

بىز ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ سىزنىڭ خىتاينىڭ ئەھۋالى فىرانسىيەنىڭكىگە كۆپ ئوخشمايدۇ. ئۇ ئاتوم قۇراللىرىنى چەكلەشكە ئىمزا قويمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىدە، ئارالدا ئەمەس، جوغراپىيەلىك جەھەتتىن نىسبەتەن مۇقىم رايوندا سىناق قىلىۋاتىدۇ" دەپ ئېلان قىلغان باياناتىڭىزدىن بەك ئۈمىتسىزلەندۇق. بىز سىزنىڭ بۇ باياناتىڭىزنى ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان خەلقىگە قىلغان ئادالەتسىزلىك ھەرىكەت دەپ

www.uyghurkitap.com

چۈشۈنۈپ ئۈنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىمىز. سىزنىڭ باياناتىڭىزنى تارىخ پاكىت – رىياللىقلارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكلىرى بىلەن ئەيىپلەيمىز. فرانسىيە مۇرۇۋۋا ئارىلىنى 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسى مۇستەملىكە قىلىنۋالغان ئىدى. نەق مۇشۇ مەسىلىدە، ئاۋىستىرالىيە ئىنسان ھوقۇقلىرى كومىسسىيەسىنىڭ 1992 يىلىلىق دوكلاتىدا شەرقى تۈركىستان – ئىككى مىڭ يىلدىن ئۇشۇغراق ۋاقىتتىن بۇيان تۈركى خەلقلەر ۋەتىنى بولۇپ كەلگەن ھەم 1949- يىلى "خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى" بېسىپ ئالغانغا قەدەر مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت ئىدى، دەپ كۆرسىتىلگەن.

مۇرۇۋۋا ئارىلى – ئوكيانىنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان بولسا، لوپنۇر - شەرقى تۈركىستانىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىنىڭ 600 كم نېرىغا جايلاشقان. مۇرۇرئا ئارىلىدا ئاھالىلار شالاڭ، شەرقى تۈركىستانىنىڭ لوپنۇردا بولسا، مىليونلاپ ئاھالە ياشايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى 1955- يىلى لوپنۇردا ئۆزىنىڭ 1- ئاتوم پولىگونىنى قۇرۇپ، 1964- يىلى 1- ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتتى. بۇ شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئېكولوگىيىسى ۋە مۇھىتىدە دەھشەتلىك ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ كەلدى. پۈتۈن سۇ مەنبەلىرى، تۇپراق، ھاۋا پۈتۈن ئۆسۈملۈك – دەل – دەرەخ ھەم جان – جانىۋارلار رادئو ئاكتىپ نۇرلىرى بىلەن زەھەرلىنىپ، بۇلغىنىپ بولدى.

250,000 دىن ئۇشۇق شەرقى تۈركىستانلىقلار رادئوئاكتىپ نۇرلىرىدا زەھەرلىنىپ، ئۆپكە، جىگەر، تېرە، قان راكلىرى قاتارلىق دەھشەتلىك كېسەللىكلەر بىلەن ئۆلدى. بۈگۈن بىز شۇنى قەتئى كېسىپ ئەيتالايمىزكى؛ رادئو ئاكتىپ نۇرلىرى بىلەن زەھەرلەنمىگەن بىرمۇ شەرقى تۈركىستانلىق يوق!

بۈگۈن بىز رادئو ئاكتىپ نۇرلىرىنىڭ بۇلغىشى بىلەن شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئاتاقلىق نەشۈتى ۋە شىرىن قوغۇنلىرىنىڭ دۇنيا بازارلىرىدىن قايتۇرىلىشىنى، لېكىن ئۇ مىۋە قوغۇنلارنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن ئەرزان باھادا يەرلىك ئاھالىلارغا سېتىۋاتقانلىقىنى كۆزىمىز كۆرۈپ، شۇنىڭغا شاھىد بولىۋاتىمىز.

مۇشۇنداق ۋەيرانچىلىق – بوزغۇنچىلىقلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە لوپنۇر، مۇرۇرئا ئارىلىغا قارىغاندا نىسبەتەن مۇقىم" دەپ كىممۇ ئەيتالىسۇن؟!سىزنىڭ بۇ باياناتىڭىز كىشىنىگە خىتاينىڭ ئاتوم قۇراللىرىنى چەكلەش شەرتنامىسىگە قول قويماسلىقى – بۇ قىلمىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى، دىگەن تەسىراتىنى بېرىدۇ. بۇلارنى

ھساپلىمىغاندىمۇ، خىتاينىڭ ئاتوم بومبىسى ۋە ئۇمۇمىيۈزلۈك ۋەيران قىلىش كۈچىنىڭ فرانسىيە ئاتوم بومبىسى ھەم ئۇنىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك ۋەيران قىلىش كۈچىدىن قېلىشمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز خىتايغا تېخىمۇ كۆپرەك بېسىم كۆرسىتىش كېرەك، دەپ ھساپلايمىز. چۈنكى خىتاي دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ پىكرىنى كۆزگە ئىلماي، ئاتوم قوراللىرىنى چەكلەش ئەھدىنامىسىگە قول قويماي كېلىۋاتىدۇ.

بىز سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەكسىچە، شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار، دەپ ئىشىنىمىز. خىتاي ئۆزىنىڭ كىلەچەكتىكى كېڭەيمىچىلىكى ئۈچۈن شەرقى تۈركىستانىنىڭ تۈگۈمەس تەبىئى بايلىقلىرى، پايانسىز زېمىنىدىن پايدىلىنىپ، ئاتوم قوراللىرىنى سىناق قىلىۋاتىدۇ.

ئەمدى شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى – بۇ بۆلاپ – تالاشلار، ئىزىش ۋە كېڭەيمىچىلىككە خاتىمە بېرىدۇ.

شەرقى تۈركىستان – خىتاي بېسىپ ئالغان تىبەتكە ئوخشاشلا خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى، لېكىن ھازىرغىچە ئاغزاكى قوللاشقىمۇ ئېرىشەلىگىنى يوق.

ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جامائەتچىلىكى مۇسۇلمانلار، باشقا دىنلار ۋە دىن بىلەن ئالاقىسى بولمىغان خەلقلەرنىڭ قوللىشى بىلەن بۇ يىل **1995**- يىلى **9**- ئاينىڭ **30**- كۈنى (شەنبە) نامايىش ئۆتكۈزمەكچى..."

مەن بۇ يەرگە قىستۇرۇپ قوياي، بۇ مەن قاتنىشىپ، جامائەتچىلىككە سۆزلىگەن نامايىش شۇ ئىدى.

..."مەخسەت يوقىرىدىكى مەسىلىلەرگە ئاۋىستىرالىيە جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى تارتىپ، ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خاتا خاھىش - ھەرىكەتلىرىگە نارازىلىغىمىزنى بىلدۈرۈش.

شۇڭا بىز، سېناتور ئىۋانس جانابلىرى، سىزنىڭ تۇتقان مەيدانىڭىز ھەم ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ ئاتوم قورۇاللىرىنى لوپنۇردا سىناق قىلىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىشىغا قوللانغان سىياستىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە چاقىرىمىز.

سىزگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن بۇ خېتىمىزگە بىر قىسىم ماتېرىياللارنى قوشۇمچە قىلدۇق.

بىز يەنە ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھەققانى كۈرىشىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشكە چاقىرىمىز."

بۇ خەتكە ئاۋستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئىمزا قويۇلۇپ، 1995- يىلى، 25- سىنتەبىر ـ دەپ چېسلا قويۇلغان.

مەن بۇكۈن كەچتە بۇ خەتنىڭ بىر نۇسخىسىنى پارلامېنت خاتىرىسىگە بېرىپ، ئەتە بۇ خەتنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىنى ئۆز قولۇم بىلەن سېناتور گارېس ئىۋانسقا تاپشۇرىمەن.

سېنات ـ چۈشتىن كېيىن 7,37 دە تۈگەتتى.

--------------

* سېناتور ـ جون كولتېر ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇپ، خېتىمىزنى پارلامېنتتا ئوقۇپ، 1995- يىلى 10- ئاينىڭ 20- كۈنى بىزگە جاۋاپ قايتۇردى، لېكىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گارېس ئىۋانسقا يازغان خېتىمىزنىڭ جاۋابى بولمىدى.

(ئاپتۇردىن)



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

## يېڭى ئۈمىت، قۇتلۇق قەدەم...

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

"شەرقى تۈركىستان ياشلىرى" گېزىتىدىكى - مۇھتەرەم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىم ۋە بارلىق يولداشلار: سىلەرگە بولغان قىزغىن سالام ۋە ھۆرمەتلىرىمدىن كېيىن سىزلەرنىڭ جان پىداكارلىق، غەيرىتىڭىزلار نەتىجىسىدە دۇنياغا كەلگەن "ياشلار گىزىتى"ڭىزلارنىڭ 2- سانىنى (25پارچە نۇسخە) تاپشۇرۇپ ئېلىپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇق. گىزىتىڭلار ئۆزىنىڭ ياش، يېڭىلىقىغا قارىماي مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتە زور مۇۋاپىقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىگىنى كۆردۇق. گىزىتىڭىزلارنىڭ دۇنياغا كىلىشى بىلەن سىزلەرنى چىن دىلىمىزدىن قۇتلۇقلايمىز! ئىنشا الله، بۇندىن كېيىنمۇ سىزلەرنىڭ تىرىشچانلىغىڭىزلار ۋە پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن گىزىتىڭىزلارنىڭ زور ئىشەنچ – ئابرويغا ئىگە بولىدىغانلىغىغا ئىشىنىمىز. بۇ ئىزگۇ خىزمەتنى سىزلەرگە جانابى الله دىن يەنىمۇ زور مۇۋاپىقىيەتلەر تىلەيمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سۇغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ بەربات بولىشى ۋە شەرقى ياۋرۇپا، سوۋېت سوتسيالىزىمىنىڭ توتالىتارىزىملىق تۈزۈمىنىڭ سىستېما سۈپىتىدە يىمىرىلىشى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، دۇنيادىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئەركىنلىك، دېموكراتىيە شاماللىرى دۇنيا مىقياسىدا توسۇپ ئالالمايدىغان كۈچكە ئايلاندى...

قىزىل خىتاي ئىمپېرىيالىزىمىنىڭ زۇلمى ئاستىدىكى ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستانغا يېڭى ئۈمىت، پارلاق كېلەچەك بېغىشلىدى. ۋەتىنىمىز ئىچىدە ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىغى ۋە خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك زۇلمىغا قارشى كۆرەش توختىماي ئەۋج ئېلىپ، يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. خەلقئارادىكى ۋەتەنداشلارنىڭ غەيرىتى ۋە پىداكارلىغى بىلەن شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىنى نىشان قىلغان يېڭى – يېڭى تەشكىلاتلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇلدى ھەم قۇرۇلماقتا. دۇنيا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ

قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق ھەيئەت رىياسەتتىگە ۋەتەنداشىمىز ئىسا ئالپتېكىننىڭ رەئىس بولۇپ سايلىنىشى، ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاسىيا ۋە باشقا قىتئەلەردىكى مەملىكەتلەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان ۋە ئۇنىڭ ئەسىر مىللىتىنىڭ ئەركىنلىگى ھەققىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئەۋج ئېلىشى شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئىستىقلال داۋاسىنى خەلقئار سەھنىگە چىقىشقا سەۋەپچى بولىۋاتىدۇ ھەم بۇ داۋانى دۇنيا خەلقلىرى ئېتىراپ قىلىۋاتقان دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ئىنسان ھەقلىرى ھەققىدىكى داغ ـ دۇغىلىق ئۇلۇغ كۈرەشكە قوشتى. بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە ئېچىلغان شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتايى، قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقى تۈركىستانىنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىنكى 40 يىلدىن كۆپىرەك ۋاقىت ئىچىدىكى 1 ـ قېتىملىق ئالەمشۇمۇل تارىخى ئەھەممىيەتلىك ۋەقەدۇر.

1- بۇ قۇرۇلتاي قىزىل خىتاي ئاسارىتىدىكى شەرقى تۈركىستان خەلقىگە يېڭىچە ئۈمىت ئىشەنچ بېغىشلاپ، پۈتۈن دۇنيادىكى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىتتىپاقلىق نامايەندىسى بولۇپ تارىخقا كىردى.

2- ئىستانبۇل قۇرۇلتايى قۇرۇلتاي قاتنىشچىلىرىنىڭ بىردەملىگى بىلەن دەۋىر روھىغا ماس ئىلمى قىممەت، ئەمىلى ئەھەممىيەتكە ئىگە شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ كۈرەش نىشانىسىنى ئىشلەپ چىقىپ، 17 ماددىلىق سىياسى پىراوگراما، بىر قاتار ھۆججەتلەر قوبۇل قىلدى. ئەمدى شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ كۈرەش يولىدا ئېنىق مەخسەت ـ نىشانغا ئىگە بولۇپ، شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق داۋاسىنىڭ توغرى ئىستىراتىگىيە ـ تاكتىكىلىق يوللىرىنى تاپتى.

3- شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتايى قىزىل خىتاي ئىمپىريالىزىمىنىڭ مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىگە ئەجەللىك سوققى بولۇپ، خىتاي دائىرىلىرىنى سەراسىمگە سېلىپ ھەيرەتتە قالدۇردى. قىزىل خىتاي ئىمپىريالىزىمگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان يالغۇزگىنە تىبەت خەلقى ئەمەس. بۇ كۈرەشتە شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق داۋاسى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقىدۇر.

4- شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتايى شەرقى تۈركىستان مىللى مۇستەقىللىق داۋاسى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارغا مۇنتەزىم ۋە رەسمى يۈسۈندا

جاكالىغان جەڭگىۋار ئايغاقچىدۇر. قۇرۇلتاي تەسىر بىلەن ئۇنتۇلغان ئۇلكە شەرقى تۈركىستان، ئۇ ئەسىرى خەلقىنى ھەم ئۇنىڭ ھەق ـ ئادالەتكە ئاساسلانغان ئىستىقلال داۋاسىنى دەسلەپكى قەدەمدە دۇنياغا ئاڭلاتتى. ئەنە شۇنداق تارىخى ۋە رىيال ئەھەممىيەتكە ئىگە بولغان قۇرۇلتاي بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلى ئۆزى قوبۇل قىلغان سىياسى پىروگراممىا – قارارلىرىنى ئەمىلىلەشتۈرەلمەي بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر سوزۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ مەسىلىدە قۇرۇلتاي تەرتىپ كومىتېتى، پىشقەدەم ئىنقىلاپچىلىرىمىز، قۇرۇلتاي قاتناشچىلىرى، ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىنقىلاۋى تەشكىلات ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ناھايىتى زور مەسئۇلىيىتىمىز بار. ھازىر بىز ۋەتەن مۇستەقىللىقى ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن تازا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن چىقىرىپ قويىۋاتىمىز. ۋاقىتلار بىكارغا ئۆتمەكتە. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندا ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى مىنۇت – سىكۇنۇت سايىن كۈچەيتىپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىنى يوقۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن بارچە مۇدھىش چارە ئۇسۇللارنى قوللانماقتا...

مانا مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ ئىنقىلاۋى مەتبۇئاتىمىزنىڭ بىردىن – بىر ۋەزىپىسى پۈتۈن دۇنيادىكى شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئىستىقلالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلارنى ۋەتەنپەرۋەر شەخىسلەرنى ئۆتكەن يىل ئىستانبولدا ئۆتكۈزۈلگەن مىللى قۇرۇلتاينىڭ يەكدىللىك بىلەن قوبۇل قىلىنغان سىياسى پىروگرامما ۋە ھۆججەتلىرى ئاساسىدا ئىتتىپاقلىققا چاقىرىپ، ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، پالەچ ھالىتىدە تۇرغان رەھبەرلىك ئورگىنىنى دەرھال ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تولۇقلاپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى خەلقئاردا كۈچلۈك بىر تەشكىلات قۇرۇشىمىز ئارقىلىق شەرقى تۈركىستانىڭ مۇستەقىللىق داۋاسىغا خىزمەت قىلىشتۇر.

ياشلار ھەرقايسى دەۋىرلەردە بولمىسۇن ئىنقىلاۋى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئىنقىلاپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى ۋە ئاۋانگاردى بولۇپ كەلگەن. ئىشىنىمىزكى؛ يېڭىدىن قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان خەلقئارلىق ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئۇنىڭ

ئورگانى "شەرقى تۈركىستان ياشلىرى" گېزىتى بۇ يولدا زور مۇۋاپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ. ئىنشا الله!

سىزلەرگە ئالى ئېھتىرام بىلەن :

ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى:

ئەخمەت ئىگەمبەردى

1993- يىلى، 9- ئاينىڭ 6- كۈنى. ئادېلايدې - ئاۋستىرالىيە

# ئىلى دەرياسى بويىدا 600 كىشىلىك جەسەتلەر ئازگىلى تېپىلدى

ئۆتكەن يىلى فېۋرالدا يۈز بەرگەن غولجا ۋەقەسىدىن كېيىن كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئونمىڭلىغان ياشلىرىمىز قولغا ئېلىنغان ئىدى. خىتاي جاللاتلىرى ياشلىرىمىزنى شۇنداق قەھرىستان قىشتا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ، توك ئىسكىلاتلىرىغا سولىدى، سوغاقلاردا توڭلىتىپ ئۆلتۈرۈلدى، زىندانلاردا ۋەھشىلارچە قىناپ قول ـ ئاياقلىرىنى سۇندۇرۇپ، تىرناقلىرىنى سوغۇرۇپ، ئازاپلاپ ئۆلتۈردى. يۈزلىگەن قىز ـ خوتۇنلىرىمىزغا ئومۇمىيۈزلۈك باسقۇنچىلىق قىلدى... غولجا شەھىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتىدىكى تۈرمىلەر يېتىشمەي قالدى. ھازىرغا قەدەر مىڭلىغان ياشلىرىمىزنىڭ ئىز ـ دىرىكى يوق. ئۇلارنىڭ ئىزدەپ سورىغىنى قىلغان ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىغا خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىنتايىن زالىملىق بىلەن يالا چاپلاپ: "سىلەر ئۇلارنى ئۆزەڭلەر نەگە قاچۇردىڭلار، بىز بىلمەيمىز، ئۇلار چېگرادىن قېچىپ كەتتى، سىلەر يەنە ۋەتەنگە ئاسىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرنى ئىزدەمسىلەر، سىلەر ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرمەكچىمۇ؟" دەپ تەھدىت سېلىپ، قورقۇتۇپ كېلىۋاتاتتى.

يېقىندا غولجا شەھىرىدىن كەلگەن ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، غولجا شەھىرىنىڭ دەريا بويىدا بۇ يىل 8- ئايدىكى سۇ تاشقىنلىرى نەتىجىسىدە دەريا بويىدىكى قۇمغا كۆمۈلگەن 600 كىشىلىك جەسەت ئازگىلى ئاشكارىلانغان. بۇ جەسەتلەر نەق ئۆتكەن يىلى "غولجا قانلىق ۋەقەسى"دە كەمۇنىست خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئىزسىز يوقالغان ھەم خىتاي ھۆكۈمىتى: "چەتئەللەرگە قېچىپ كەتكەن ۋەتەن خائىنلىرى" دېيىلگەن ئۇيغۇر ياشلارنىڭ جەسەتلىرى بولۇپ چىققان، ئۆلگەنلەرنىڭ ئاتا ـ ئانا، يېقىنلىرى جەسەتلەرنىڭ قالدۇق كىيىم ـ كېچەك، بەدەن، قالغان نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ جىگەر ـ پارىلىرىنىڭ خىتاي باسقۇنچى فاشىستلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئازاپلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇنى كۆرگەن ئاڭلىغان غولجا خەلقى قاتتىق غۇلغۇلىغا چۈشكەن، بۇنىڭدىن چۆچىگەن خىتاي باسقۇنچى جاللاتلىرى مىلىلاردىن

چىققان بىر ئۇچۇم مۇناپىقلارنى موللا ـ كادىر، خادىملارنى ئەۋەتىپ، بىر تەرەپتىن خەلقنى ئالداشقا كىرىشسە، يانا بىر تەرەپتىن غولجىدا قاتتىق ھەربى ھالەتنى داۋاملاشتۇرماقتا.

دۇنيا ھازىرغىچە بوسنىيەدە، كوسوۋادا، ئاۋغانىستاندا ۋە باشقا يەرلەردە ئاممىۋى قەتلىئام قىلىنغان مۇسۇلمانلار ھەققىدە ھىچنەرسە دىگىنى، يا بىر ئىش قىلغىنى يوق. ئەمدى خىتاينىڭ قولىدا قالغان ھىچ ئىگىسى يوق ئۇيغۇرلارنى دەپ "خىتاي چوڭ بازاردىن" كېلىدىغان مەنپەئەتتىن قورۇق قالسۇنمۇ؟! بۇ ئادالەتسىز دۇنياغا پۇل كېرەكتە؟! دۇنيا خىتاينىڭ ئىككىتال پۇلىغا ئالدىنىپ، شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇنمىڭلىغان مۇسۇلمانلار كۆمۈلگەن ئۆلۈم گوداڭلىرىنى كۆرگىسى كەلمەيۋاتىدۇ...

قەتئى شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى: فاشىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قانلىق دۆلەت تېررورى نەتىجىسىدە ئۇنداق "600 كىشىلىك گوداڭ" لار ـ شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىگە قېزىلغان!!!

سۆيۈملۈك شەرقى تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىم، سىزنىڭ خىتاي قولىدا ئۆلگەن بىگۇناھ جىگەر ـ پارەلىرىڭىز شۇ گووداڭلاردا يېتىپتۇ" ئۇلار چىگرانى ئاتلاپ، قازاقستان، قىرغىزىستان، ئاۋغانىستانلارغا قېچىپ كەتكىنى يوق، جاللاتقا ئالدانماڭ! شېھىدلەر قىساس تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، قىساس..."!!!

جاللات جاڭزېمىن بىلەن لي فىڭ چوقۇم بۇ قانلىق ھىساۋىنى بېرىشى ھەم ھەق ـ ئادالەت دارىغا ئېسىلىشى كېرەك!

1998- يىلى، 17 نويابىر، ئادېلايدې ـ ئاۋىستىرالىيە

## "ئىلى دەرياسى بويىدا 600 كىشىلىك جەسەتلەر ئازگىلى تېپىلدى" دىگەن خەۋەرگە قوشۇمچە

8 - ئاينىڭ ئاخىرى غولجىدا بولغان بىر شاھىتنىڭ تەستىقلىشىچە، ئۆتكەن يىلى 2- ئايدا يۈز بەرگەن "غولجا قانلىق ۋەقەسى" كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى ئۇنىمىغىلغان بىگۇناھ ئۇيغۇر ياشلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، نۇرغۇنلىرىنى دەھشەتلىك قىناقلار بىلەن ئۆلتۈردى. جاللاتلار مۇنداق كۆپ جەسەتلەرنى ھەرخىل يوللار بىلەن ھەرخىل يەرلەرگە كۆمۈپ، ئۆزىنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقى ئالدىدىكى تارىختا كۆرۈلمىگەن قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى يۇرشۇرۇش ئۈچۈن، قىشنىڭ قەھرىستان سوغاقلىرىدا قاتتىق توڭلىغان يەرلەرنى قېزىشتىن قېچىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ بويىدىكى قوم دۆڭلىرىگە كۆمگەن جەسەتلەر، بۇ يىل يازنىڭ كېلىشى بىلەن دەريانىڭ سۈيى ئۆلغۈيۈپ، دەريا تاشقىنى دەريادىكى قوملارنى ئېقىتىپ، ئاخىرىدا 5- 6- ئايلاردىلا قومغا كۆمۈلگەن ياشلارنىڭ جەسەتلىرى ئاشكارىلىنىپ چىقىشقا باشلىغان، نەتىجىدە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر ساقچى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا خەۋەر قىلغان، ئېنىق خەۋەرلەرگە قارىغاندا، جەسەتلەرنىڭ سانى 600 دىن ئوشۇق ئىكەنلىكى قەيت قىلىنماقتا، جەسەتلەرنىڭ قالدۇق كىيىملىرى، ئازاپلانغان، زەخمىلەنگەن بەدەنلىرى، قالدۇق نەرسە - كېرەكلىرىدىن ئۇلارنى قاتتىق ئازاپلاپ ئۆلتۈرگەنلىگىدىن خەۋەر بېرىپ تۇرىدۇ. بالىلىرىنىڭ ھاياتلىغىدىن خەۋەر ئالالمىغان جەسەتلەرنىڭ ئىگىلىرى جەسەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىگىنى بىلىپ، نالە - پەريات كۆتەرگەن، مۇنداق ئاتا _ ئانىلار ئىلى تەۋەسىدە مىڭلاپ _ مىڭلاپ تېپىلىدۇ. 8- ئايلاردىكى ئىلى رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددى ھەم قورقۇنچلۇق، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ جاللاتلىغىنىڭ پاش بولۇپ قالغىنىنى بىلىپ، يېزا شەھەرلەردە ھەربى ھالەت كۆچەيتكەن، كەچ بولۇشى بىلەنلا ئادەم تۇتۇش باشلىنىدىكەن، مۇنداق چاغدا ئىتلار ھاۋۇشۇپ _ قاۋاشقا باشلايدىكەن، كىم بۇنداق چاغدا ئىشىكتىن چىقىپ قالسىلا، ھىچقانداق گەپ يوقلا شۇ ئادەمنى ۋە پۈتۈن ئائىلىنى تۇتۇپ كېتىپ، ئىزسىز يوقۇتۇدىكەن، بىز جەسەتلەر ئازگىلىنىڭ ئىلى دەرياسىنىڭ قايسى تەرىپىدە، قايىرىدە بولغانلىغى ھەققىدە

www.uyghurkitap.com

ئېنىق يەر ئىسمى يوق، جەسەتلەرنىڭ كىيىمى بىر خىل قارا دىگەننى ش[illegible]مىز رەت قىلىدۇ، جەسەتلەرئادەتتىكى ئۆز كىيىملىرىدە بىر قىسىملىرىنىڭ كىيىمسىز يالىڭاچ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئىلى تەۋەسىدىكى خەلقنىڭ نارازىلىقى، غەزىۋى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئەۋجىگە چىققان ھەم ھۆكۈمەت، قانۇن، سود ئورۇنلىرىدىن بۇ يەرلەرگە ئادەم ئەۋەتكەن.

2- نەق مۇشۇ 8 - ئاينىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ "12بۆلگۈنچى تېررورىستىنى" تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق چىقىرىلغان بولۇپ، مەيلى تېررورىست بولسۇن، يا ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا قارشى ئادەملەرلا بولسا، ساقچى، ئەسكەرلەرگە سۈرسىز ئېتىپ تاشلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، نەتىجىدە ناھايىتى كۆپلىگەن تىنچ ئاھالىلار مۇشۇ تېررورىستلار قاتارىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، تۇتۇش بۇيرۇغىدا ئەگەر تېررورىستلارنى، يوشۇرغان، كۆرگەن بولسىمۇ ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلمىغانلارنى قولغا ئېلىش، ئۆي بىنالىرىنى مۇسادىر قىلىش، ياكى كۆيدۈرۈپ تاشلاش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلگەن، مۇشۇ بۇيرۇق تۈپەيلى نۇرغۇن كىشىلەر قولغا ئېلىنغان، نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىز - دېرىكى يوق. بۇنداق دەھشەتلىك ئىرقى قىرغىنچىلىق، مىللى زۇلۇمنى كۆرگەن كۆپلىگەن ئۇيغۇر ساقچىلىرى ئۆزلىرىدىن نەپرەتلىنىپ، خىزمەتلىرىنى تاشلاپ، ئىشسىز بولۇپ ياشاشقا رازى بولماقتا ھەم شۇنى شەرەپ بىلمەكتە ئىكەن، غولجا بازارلىرىدا بۇرۇنقىدەك ئۇيغۇر يىگىتلىرى يوق دىيەرلىك، ئاساسەن قېرى - چۆرى، خوتۇن قىزلار ئىنتايىن خورلۇق- ئازاپ، قايغۇ، قورقۇنچ ئىچىدە ھايات كۆچۈرمەكتە.

1998- يىلى، 18- نويابىر. ئادېلايدې - ئاۋىستىرالىيە

## سابىت ئۇيغۇرى ۋە ئۇنىڭ "ھايات ناخشىلىرى " كىتاۋى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋى شائىرى سابىت ئابدۇراخمان ئوغلى (ئۇيغۇرى) 1928 ـ يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ تۇۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ چىلەك رايونىدا دۇنياغا كەلگەن. تۆرت ياش ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن غولجا شەھىرىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى كۆپرەك ئۇيغۇرىستانىنىڭ غولجا شەھرىدە ئۆتكەن.مەن سابىت ئابدۇراخمان بىلەن دەسلەپ، 1953- يىلى ئۇرۇمچىدىكى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەن ۋاقتىمدا تونۇشتۇم. ھىلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە بار. شۇ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىنىستىتۇتقا يېڭى كەلگەن كۈنلىرىم ئىدى. غولجىلىق ساۋاقداشلىرىم ماڭا: ئۆزى قاراقۇمچاق كەلگەن، ئۇچىسىغا كوستيۇم، بېشىغا يارىشىملىق بادام دوپپا كىگەن، 25 ياشلاردىكى ستۇدېنت يىگىتنى كۆرسىتىپ:

ـ مانا بۇ يىگىت- شائىر سابىت ئابدۇراخمان بولىدۇ. ئۇ شەرقى تۈركىستان ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىپ، مىللى ئارمىيە سېپىدە خىزمەت قىلغان ـ "گوڭشەنداڭغا قوشۇلمايمىز" ـ دەپ مىللى ئارمىيە ئىچىدە يوشۇرۇن تەشكىلات قۇرغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىدىمۇ ياتقان ئىكەن. ھازىر "چولپان" تەخەللۇسى بىلەن گىزىت ـ ژورناللاردا شېرلىرى چىقىپ تۇرىدۇ،- دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ چاغلاردا، گۈزەل ئەدەبىياتقا ئىخلاس قويۇپ، ئەمدىلا شېر يېزىشقا باشلىغان بىزدەك ھەۋەسكار ياشلار ئۈچۈن، شېرىيەت چولپانىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش- خۇددى مۆجىزىدەك بىلىنىپ، ئاجايىپ كۈچلۈك تەسىرات قالدۇرغان ئىدى. ئىنىستىتۇتتا بىللە ئوقۇش جەريانىدا، بىز ئاستا- ئاستا يېقىنلىشىپ، ئاخىرىدا قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ كەتتۇق.

ھايات تەسادۇپلەرگە باي. مەن 1954- يىلى ئايرىلىپ كەتكەن شائىر دوستۇمنى، شەرقى تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي ھۆكمرانلىرىغا قارشى ئۇمۇمى يۈزلۈك قوزغىلاڭ تەييارلىنىۋاتقان 1969- يىلى باھار پەسلى غولجىدا ئىنتايىن جىددى ۋەزىيەتتە ئالدىراش، ئىككىلا قېتىم كۆرۈشۈپ، ھەر ئىككىمىز ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى

دۇشمىنى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىر سەپتە ئىكەنلىكىمىزدىن ھەممىز بولغان ئىدىم. بىراق سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ قېتىمقى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۇ يىلى 16- ئىيۇندىن باشلاپ ئىلى تەۋەسىدە قولغا ئېلىنىشلار باشلاندى. 1- قېتىملىق قارا دولقۇندا بىر قىسىم سەپداشلىرىم بىلەن قولغا ئېلىندىم. 1970- يىلىنىڭ فېۋرالدىكى 2- قېتىملىق قارا دولقۇندا سابىت ئابدۇراخمان قولغا ئېلىنىپتۇ. مىڭلىغان ئىنقىلاۋى سەپداشلار قاتارىدا مەنمۇ، سابىت ئابدۇراخمانمۇ ئون يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىت خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا يېتىپ، چىدىغۇسىز ئېغىر ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈردۇق...

سابىت ئابدۇراخمان بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئون يىل خىتاي زىندانلىرىدا يېتىپ چىققان ئىدى. شائىر ئۆزىنىڭ ئالتۇندىن قىممەت ياشلىق- قىرانلىق ھاياتىنى خىتاينىڭ قان پۇراپ تورغان قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئۆتكۈزۈپ، 1980- يىلى ئاپرېلدا يورۇق دۇنياغا چىقتى. بۇ دىياردا ئەمدى ئۆزىنىڭ بىرەر ئىنقىلاۋى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن شائىر سوۋېت پۇخراسى بولغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 1981- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قېرىنداش قازاقىستان تەۋەسىگە كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلاشتى. مەن بولسام 1985- يىلى ئاۋسترالىيەگە كەتتىم. مەن مەسىلەكداش، قەلەمداش دوستۇم بىلەن ئارىدىن سەل كام 30 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن 1998- يىلى ئاپرېلدا تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە ئۇچراشتىم. بۇ قېتىم مەن دوستۇمنى چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، پىشانىسىگە قورۇقلار چۈشكەن قىياپەتتە ئۇچراتتىم. ئۆزىمۇ ئېغىر بېسىق، سالاپەتلىك كۆرىنەتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى شائىر باشتىن كەچۈرگەن ئېغىر يىللارنىڭ يالدامىسىدۇر بەلكى- دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. بىر خۇشال بولغىنىم دوستۇمنىڭ سالامەتلىكى ياخشى، ئىنقىلاۋى ئىرادىسى ھېلىمۇ كۈچلۈك ئىدى، كېيىن بىلدىمكى، ئۇ قازاقىستانغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز ۋەتەن خەلقىنى، بىر مىنۇتمۇ يادىدىن چىقارمىغان. شائىر سوۋېت ئىمپىرىيەسىنىڭ پارچىلىنىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە ئوخشاش ۋەتەن پەرۋەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى (ئۇ ئا ت) قۇرۇپ چىقىشقا ئاكتىپ قاتناشقان. كېيىنكى ئىككى يىلدىن بېرى مۇشۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئىكەن. مەن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئاۋسترالىيەدىكى شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى، سابىت ئابدۇراخمان – قازاقىستاندىكى ئۇ ئا ت رەئىسى سوپىتدە بىر قىسىم تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ۋەتەنىمىز سىرتىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرلەشكەن ئورگىنى – خەلقئار شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزىنى قۇرۇش تەييارلىق يىغىنىغا كەلگەن ئىدۇق. كۆپچىلىك تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىغى نەتىجىسىدە بۇ ئىزگۇ ئارزۇيىمىز ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. 1998 – يىلى 12- ئاينىڭ 12- كۈنى مىللى مەركەزنىڭ قۇرۇلغانلىغى تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرە شەھرىدە پۈتۈن دۇنياغا جاكالاندى!

ئەمدى، شائىرنىڭ "ھايات ناخشىلىرى" دەپ ئاتالغان شېرى كىتاۋىغا كىلىدىغان بولساق. ئىستانبۇلدىكى ئۇچرىششىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا دوستۇم ئۆزىنىڭ قىزىل مۇقاۋىلىق قول يازمىسىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ:

ئۆزى خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ياتمىغان، تۈرمە ئازاۋىنى تارتمىغان ئادەم – تۈرمە ھاياتىنى چۈشەنمەيدۇ، ئىككىمىزنىڭ تەغدىرى قىسمەتلىرىمىز ئوخشاش بولغانلىقتىن، مېنىڭ بۇ شېرلىرىمنى سىز ياخشىراق چۈشۈنەلەيسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ قول يازمامنى ئوقۇپ چىقىپ، پىكىر يېزىپ بېرىڭ! – دېدى. راستىنى ئېيتسام مەن قول يازمىنى ئوقۇشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا، خوددى رەڭمۇ- رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن شېرىيەت گۈلشىنىگە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. شائىر بىلەن مەسلەكداش، تەغدىرداش بولغىنىمىز ئۈچۈنمۇ، قول يازمىدىكى ھەر بىر شېر، باللادا، داستانلاردا ئېيتىلغان پىكىر ۋە ھىسسىياتلار خوددى مېنىڭ ئۆز پىكرىم، ئۆز ھىسسىياتىمدەك قەلبىمگە يېقىن بولۇپ تۇيۇلدى. قىسقىسى، سابىت ئۇيغۇرى پىشقەدەم، ئىنقىلاۋى شائىر. ئۇنىڭ ھاياتى ئانا ۋەتەنگە ۋە خەلقىگە بېغىشلانغان ھايات، ئۇنىڭ ئاۋازى – ئىنقىلاۋى كۆرەشكە چاقىرغان جاراڭلىق سادا!

"ھايات ناخشىلىرى" كىتاۋى 5 ئاساسى بۆلۈم، ئىككى قوشۇمچە بۆلۈم، جەمئى 7 بۆلۈمدىن تەركىپ تاپقان. ئۇنىڭ 1- بۆلۈمى "كۆرەش ناخشىسى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بۆلۈمگە 1944- 1949- يىللاردىكى ئىنقىلاۋى كۆرەش دەۋرىدە يېزىلغان شېرلاركىرگۈزۈلگەن. مەن مۇشۇ بۆلۈمدىكى شېرلارنى ئوقۇغاندا شۇنى ھىس قىلدىمكى: شائىر ئۆزىنىڭ ياشلىغىغا قارىماي، شۇ دەۋىردىكى مۇرەككەپ سىياسى

ۋەزىيەتنى توغرا چۈشەنگەن. ۋەقەلىرىگە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى دادىل ئىپادىلىگەن شائىرنىڭ 1946- يىلى ئىيۇندا يازغان "ئەيلىمە" رادىفلىق شېئىرىدا:

ئەي قېرىنداش، ئالدىراپ تىچلىقنى خۇمار ئەيلىمە،
تىچلىق شۇئارىنى بوينۇڭغا زۇننار ئەيلىمە.

بۇ جاھان ئەرك ئۈچۈن، قايناق كۈرەش مەيدانىدۇر،
جەڭ قىلماي ئۆزى كېلەر جەننەتنى خۇشتار ئەيلىمە!

مىللىتىڭ دۈشمەن قولىدىن خار بولۇپ ياتقاندا سەن،
پادىشالىق تەختىگە يەتمەكنى خۇمار ئەيلىمە.

قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ يەتكەن ئازاتلىق دەۋرى بۇ،
سەن ئۇنى قولدىن بېرىپ، ئاخىر پۇشمان ئەيلىمە.

- دەپ يازىدۇ. كېيىنكى سەرگۈزەشتىلەر، شائىرنىڭ يۇقارقى تەشۋىشى ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەپسۇسكى؛ تارىخنىڭ يولى ئەگىر — توقاي بولىدىكەن، دۇنيانىڭ ئىقمى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىغا بېقىنمايدىكەن، دۇنيا سىياسىتىنى بەلگۈلەيدىغان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ شەرقى تۈركىستان ھوقۇقىنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن يارىشىشقا مەجبۇر قىلىشى بىلەن باشلانغان تەسلىمچىلىك يولى ئاخىرى بېرىپ 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئازات شەرقى تۈركىستاننى، پۈت قولىنى باغلاپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تۇتۇپ بېرىش بىلەن ئاياقلاشتى. شۇنداق قىلىپ، 1944- يىلى ئىلىدىن باشلانغان، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدا غەلىبىگە ئېرىشكەن مىللى ئازاتلىق ئىنقىلاۋىمىز مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى...

ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە يانغان ئازاتلىق ئىدىيەلىرى ئۆچمىگەن ئىدى. ئازاتلىق غايىسىدىن ۋازكەچمىگەن شائىر **1950**- يىلى يانۋاردا يازغان " ئىرادە" ناملىق شېرىدا:

ئىشىنىمەن، خەلقىمىزنى كۈتىدۇ تاڭلار،
كۈرەش بىلەن تاپىمىز بەختنى ھامان.

ئەگەر ـ توقاي بولسىمۇ تارىخنىڭ يولى،
چوقۇم ئازات بىزلىدۇ بۇ ئۇيغۇرىستان.

دەپ ئۈمىتۋار روھىنى ئىپادىلەيدۇ.

كىتاپنىڭ "تاك ناخشىسى" دەپ ئاتالغان **2**- بۆلۈمىدە، ئەزگۈچى زالىملارغا نەپرەتلىنىش، يوقسۇللار "ئازاتلىغى"نى مەدھىيىلەش مەزمۇنىدىكى بەزى شېرلارنى ئوقۇيمىز. بىز بىلىمىزكى؛ ھەر بىر شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەندى، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىغا ياشىغان دەۋرىنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيەسى تەسىر قىلماي مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا شائىر، توپلىمىنىڭ بۇ **2**- بۆلۈمىدىكى بىر قىسىم شېرلاردا يالغان يوقسۇللار ئازاتلىغىنىڭ مەلۇم تەسىرلىرىگە ئاز-تولا ئۇچرىغانلىغىنى كۆرىمىز. بىز بۇنى تەبىئى ئەھۋال، دەپ ھىساپلايمىز. بىراق، شائىر ئىجادىنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرىدىن تارتىپ، ئاخىرىغىچە بولغان بارلىق شېرلىرىغا سىڭگەن ئاساسى ئىدىيە؛ ۋەتەن مىللەتكە مۇھەببەت، ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەغدىرىگە ئېچىنىش، ئامىنى كۈرەشكە چاقىرىش، ئازاتلىققا ـ ئىستىقلالىيەتكە ئىنتىلىشتىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شائىرنىڭ بۇ كىتاۋىنى رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغان شېرى گۈلزارلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرشېرلار بىلەن تولدۇرۇلغان قىممەتلىك غەزىنە دەپ قارايمىز. ئەسلىدە بۇنداق كىتاپلار، ئەلۋەتتە بىر نەچچە قېتىم يورۇق كۆرۈشى كېرەك ئىدى.

كىتاپنىڭ **2**- بۆلۈمىگە قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن "كۆڭۈل كۈيلىرى" بابىدىكى ئىشقى ـ مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان شېر ـ غەزەللىرى، چوڭقۇر لىرىزمى، يۈكسەك بەدىئىلىگى، پەساھەتلىك تىل بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن: "قىلدىم" رادىفلىق غەزىلىدە مۇنداق دەپ كۈيلەيدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر، سەھەرلەردە ناۋا قىلدىم،
مۇھەببەت ئەرزىنى ئېيتىپ، ئۆزەڭگە ئىلتىجا قىلدىم.

نېتەي ئەمدى، سېنىڭ ئىشقى ئوتۇڭدا كۆيگىنىم قالدى،
بۇ ھىجران خەنجىرى بىرلەن يۈرەگىمنى يارا قىلدىم.

تىۋىپكە ئەرزى ھال ئېيتسام، ۋىسالىڭنى شىپا دەيدۇ،
ۋىسالىڭدىن شىپا ئىزلەپ، ئەزىز جاننى پىدا قىلدىم.

مېنىڭ تارتقان ئازاۋىمنى سېنىڭدىن ئۆزگە كىم بىلسۇن؟
جۇنۇن ۋادىسىدا تەنھا ئۆزەڭگە ئىختىدا قىلدىم...
... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

كىتابىنىڭ 3- بۆلۈمى، "زىندان ناخشىسى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تەسادىپى ئەمەس. تۈرمە زىندان – ئۇ سىناق مەيدانى. تۈرمىدە ھەر بىر ئىنسان قاتتىق سىناقتىن ئۆتىدۇ. بىر ئىنساننىڭ ھەقىقى ئىنسانلىغى – تۈرمە ھاياتىنىڭ ئېغىر قىيىن – قىستاق، ئازاپ – ئوقۇبەتلىرىنى باشتىن كۆچۈرۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانى ۋىژدانىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى، مۇسۇلمانلىق ئىمانىنى پاكىز ساقلىغان بولىشىدا، ھاياتىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن سورۇنماي ئۆتەلىشىدە، سابىت ئۇيغۇرى ئەينە شۇنداق ھايات سىناقلىرىدىن سۈرۈنمەي ئۆتەلىگەن شائىر. ئۇ ئۆز خەلقى بىلەن تەغدىرداش بولۇپ ياشىدى، ئەسەرلىرىدە جاپاكەش مىللىتىنىڭ قايغۇ – ھەسرىتىنى، ئارزۇ – ئارمانلىرىنى، ئازاتلىققا بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرەلىدى. ئۇ **1958** – يىلى يانۋاردا يازغان "بورانلىق كۈنلەر" ناملىق شېرىدا:

ئۇچۇق تۇرغان ئاسمان تۇتۇلدى بىردىن،
قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندى كۈندۈز.

گۈلدۈر ماما گۈلدۈرلەپ پەلەك قەسرىدىن،
چاقماق چېقىپ سامادىن قويۇلدى يۇلتۇز.

ئارقىدىن باشلاندى كۆرەش يىغىنى،
مەرتلەرنىڭ بېشىغا تەگمەكتە تاياق،

تۆھمەتنىڭ قاپقىغى ئېچىلدى بىردىن،
بورانلىق شۇم كۈنلەر باشلاندى شۇنداق!

دەپ خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا كۈنلەرنى ئوبرازلىق مىسرالاردا بايان قىلىپ بېرىدۇ.

يوقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تۈرمە (زىندان) ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن سىناق مەيدانىدۇر. ھەقىقى ئىنسانلار بۇ مەيداندا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ئېغىر ئازاپلارنى يېڭىپ ئۆتىدۇ ياكى شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچىدۇ.ئىنتايىن ئاز ساندىكى قورقۇنچاقلار ئاسانلىق ئىزدەپ خائىنلىق يولىغا ماڭىدۇ. شائىر تۈرمە ھاياتىدا يۈز بېرىدىغان مۇنداق رىئاللىقنى "خائىنىنىڭ ئۆلۈمى" ناملىق شېئىرىدا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يارقىن ئوبرازلاردا مۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

قەھرىمان بوپ ئۆلدى ئىمىنجان ئىكرام،
"خائىن" دەپ نام ئالدى كەنجاخۇن بەدنام.

ئەسلىدە كىم بولۇپ يارالسا ئادەم،
شۇ بولۇپ ئۆتەركەن دۇنيادىن تامام.

خاتالىق قىلغاننى كەچۈرۈش مۇمكىن،
خائىنلىق قىلغاننى كەچۈرۈپ بولماس.

خەلقىڭگە خىيانەت قىلغان ئىكەنسەن،
ئەبەدى قارا يۈز بولىسەن، خالاس !

ئۇزۇن يىللىق ئۆمرىنى خىتاي زىندانلىرىدا، ئېغىر ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ئۆتكۈزگەن شائىر ئەشۇ دوزاق ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۆز ۋەتىنىگە، خەلقىگە بولغان ساداقىتىنى ساقلىدى. 1971- 1972- يىللاردا يازغان "مىللى ناخشىلار" ناملىق شېئىرىنىڭ ئاخىرقى كوپلىتىدا:

دولقۇنلىنىپ، كۆكنى يېرىپ، تاغلاردىن ئۆتەر،
جان يۇرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق ئاۋازىم.

قاچان كېتەر زىمىستانىڭ، كېلەر باھارىڭ،
ئەي ئەسىرلىك مۇڭغا چۆككەن ئۇيغۇرىستانىم؟!

دەپ كۈيلەيدۇ.

كىتاپىنىڭ 4- بۆلۈمى "ھىجران ناخشىسى" دەپ ئاتالغان، بۇ ھەرگىزمۇ تەسادىپى ئەمەس. شائىر 1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قازاقىستان تەۋەسىگە كۆچۈپ چىقتى. بۇ تەۋەدە شەخسەن ئۆزى خاتىرجەم ياشاش شارائىتىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ زۇلمى ئاستىدا ئازاپ چېكىۋاتقان خەلقىنى ئويلاپ بىئارام بولاتتى. 50 يىللىق ھاياتى ئۆتكەن ئانا دىيارىنى سېغىنىپ، ھىجران ئازاۋىنى تارتاتتى. ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ چەتئەللەردە مۇساپىر بولۇپ ياشاش ھەر قانداق كىشىنىڭ قەلبىنى ئازاپلايدىغان ئېغىر قىسمەت. شائىر قازاقىستان تەۋەسىگە چىقىپ ئاز كۈندىن كېيىن يازغان "ھىجران" ناملىق شېئىرىدا بۇ تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئۆتكەن ئۆمۈرگە،
ھېچ كىشى كۆڭلىدە رىزا بولمىغان.
دېمەككى، ئۆز ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا،
ۋەتەنسىز خوش ئۆمۈر ئەسلا بولمىغان.

شائىر 1991- يىلدىن كېيىنكى دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلىرىنى "ئىستقلال ناخشىسى" دەپ ئاتاپ، بۇ كىتاپنىڭ 5- بۆلۈمىگە كىرگۈزگەن. بۇمۇ تەسادىپى ئەمەس. ئۇتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش خەلقلەر، ئۆز ئىستقلالىغا

دەپ كۆيلەيدۇ.

كىتاپنىڭ 5- بۆلۈمىنىڭ ئاخىرىغا "تەپەككۇر دۇردانىلىرى" دەپ ئاتالغان بىر بۆلۈم قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن. بۆلۈمدە ئاساسەن ئىخچام شەكىل، چوڭقۇر فىلوسوفىيەلىك پىكىرلەرگە ئىگە رۇبائىيلار بىلەن پارچىلار ئورۇن ئالغان. بۇ شائىر ھاياتىنىڭ ئەگىر- توقاي يوللىرىدا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلەر، تەقدىر سالغان ئېغىر قىسمەتلەردىن چىقىرىلغان مەنتىقى خۇلاسە، فىلوسوفىك يەكۈنلەردىن ئىبارەت. شۇڭا، "تەپەككۇر دۇردانىلىرى" دەپ ناھايىتى توغرا، ئورۇنلۇق نام بېرىلگەن.

مىسال ئۈچۈن مۇشۇ بۆلۈمدىكى رۇبائىيلاردىن بىر ئىككىسىنى كەلتۈرىمىز:

ئەي، ۋەتەن، مېھرىڭدىن ئايرىما مېنى،
ئۇچقۇرلۇق قاناتتىن قايرىما مېنى،
ئامالسىز قوينۇڭدىن كەتتىم يىراقلاپ،
كەچۈرگىن، ئەيىپكە بۇيرىما مېنى!

* * *

يىتىم سەن – ئەگەر ئۆز ئېلىڭ بولمىسا،
قولىڭدا دۆلىتىڭ، يېرىڭ بولمىسا،
دۇنياغا كەلگىنىڭ، كەتكىنىڭ بىكار،
ھاياتتىن بىر قېتىم كۆڭلۈڭ تولمىسا!

كىتاپتا مۇنداق رۇبائىيلارنى يۈزلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

شۇنداق قىلىپ "ھايات ناخشىلىرى" شائىر ھاياتىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، ئىنقىلاۋى شائىرنىڭ ئۆز خەلقىگە تەغدىم قىلغان يۈرەك سوغىسىدۇر. ئۇ كومپوزىتسىيەلىك قۇرۇلۇشى جەھەتتىن بىر – بىرىگە ئورگانىك ھالدا باغلانغان 7 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان. مۇئەللىپ ئۆزى ئېيتقاندەك "ھايات ناخشىلىرى" 7 يۇلتۇزدىن تەركىب تاپقان ئۈركەرگە ئوخشايدۇ. ئۈكەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن بولمىغاندەك، بۇ توپلامنى بۆلۈۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ كىتاپ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى، رەڭدار شېئىر شەكىللىرى ۋە مۇستەھكەم كومپوزىتسىيەلىك

قورۇلۇشى بىلەن شائىرنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنى، سۇنماس ئىرادىسىنى، جوش ئۇرۇپ تۇرغان شائىرلىق تالانتىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. بۇ كىتاپ ــ شائىر ھاياتىنىڭ ئەينىگى سۈپىتىدە، خەلقىمىزنىڭ روھى بايلىغى بولۇپ قېلىشقا، خەلقىمىزنىڭ ۋە ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

مەن قەلەمداش دوستۇمنىڭ تېنى ساق بولۇپ، خەلقىمىزگە تېخىمۇ كۆپىرەك نادىر ئەسەرلەر يارىتىپ بېرىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن تىلەيمەن.

كىتاپخانلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە سالاملار بىلەن:

ئەخمەت ئىگەمبەردى

1998- يىل، ئۆكتابىر، ئادېلايدې ــ ئاۋستىرالىيە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى نۇرسۇلتان نازار بايېۋ جانابى ئالىيلىرىغا

ھۆرمەتلىك جانابى ئالىيلىرى،

مەن بۇ خېتىمنى يىراق ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار نامىدىن يېزىۋاتىمەن.

ئالدى بىلەن جانابىڭىزنى قازاقىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن يېقىنقى سايلاملاردا مۇتلەق كۆپچىلىك ئاۋاز بىلەن قازاقىستانلىقلارنىڭ ئىشەنچ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىس جۇمھۇرلىقىغا قايتا سايلانغانلىقىڭىزنى چىن دىلىمدىن تەبرىكلەيمەن ھەم قازاقىستان خەلقىگە تىنچ- خاتىرجەم، بەختلىك ۋە پاراۋانلىق تۇرمۇشلار تىلەيمەن.

ئۆزىڭىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (شەرقى تۈركىستان) **1,828,417** كۋادىرات كىلو مېتىرلىق تېرىتورىيەگە ھەم **25- 30** مىليونغا قەدەر ئۇيغۇر تۈركلىرىنى ئاساس قىلغان قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك ۋە تاتار قاتارلىق تۈركى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مىللى ۋە قانۇنى ئانا يۇرتى ھېساپلىنىدۇ.

شەرقى تۈركىستان خەلقى چەتئەل باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ ئازات- ئەركىن ياشاش ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىپ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىلا ئىككى قېتىم: **1933- 1937**، ۋە **1944- 1949** - يىللىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرغان بولسىمۇ، چوڭ مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى قۇربانى بولۇپ، **1949** - يىلىنىڭ ئاخىرى ماۋزېدۇڭنىڭ قىزىل ئارمىيىسى تەرەپىدىن قانۇنسىز ئىشغال قىلىنغان مۇستەملىكە ئۆلكىدۇر.

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاننى قانۇنسىز بېسىپ ئالغاندىن كېيىن يەرلىك خەلقنىڭ ئاساسى ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشنى قاتتىق ئاياق ئاستى قىلىپ، يەرلىك خەلققە قارىتا ئىنتايىن

دەھشەتلىك ئاسىملاتسىيە ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىقنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېررور سىياستىنى يۈرگۈزدى.

1- 5- يىللاردىن باشلاپ شەرقى تۈركىستان خەلقىغە قارشى جازا يۈرۈشلەرىنى باشلاپ، ئىككى مىليونغا يېقىن ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنى ئۆلتۈردى. بىر مىليوندىن ئوشۇق شەرقى تۈركىستانلىقلارنى ۋەتىنىنى تاشلاپ چەتئەللەرگە قېچىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. ھازىرمۇ تۈرمەلەردە نەچچە يۈز مىڭلاپ ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز ئازاپ چەكمەكتە.

2- بېيجىڭ ھۆكۈمىتى 50- يىللاردىن باشلاپ خىتاينىڭ مەركىزى رايونلىرىدىن ئىنتايىن زور كۆلەمدە خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقى تۈركىستانغا كۆچۈرۈشنى داۋاملاشتۇرماقتا. 49- يىلى، شەرقى تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ 2-3 % نى تەشكىل قىلغان خىتايلار بۈگۈن شەرقى تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىپ يەر ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازسانلىق ھالىغا چۈشۈرۈپ قويدى.

3- بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاندا بورۇنلا باشلىغان "تۇغۇت چەكلەش" سىياستى 1984- يىلى رەسمى ئېلان قىلىندى. شۇندىن بۇيان ھازىرغىچە ئۈچ مىليون بوۋاق ئوكۇل بىلەن كۆتۈرۈلگەن بولسا، ئىككى مىليوندىن ئوشۇق بوۋاق ئابورتسىيە، تۇغماس قىلىش يوللىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يىللىق ئۆسۈشى توختاپ، نوپۇسى ئازايىشقا قاراپ ماڭدى.

4- بېيجىڭ 1964- يىلدىن ھازىرغا قەدەر لوپنۇردىكى ئاتوم پولىگونىدا 46 قېتىملىق يەر ئۈستى، يەر ئاستى ئاتوم سىناقلىرىنى يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن شەرقى تۈركىستاننىڭ يەر، سۇ، ھاۋا — پۈتۈن مۇھىتىنى بولغىدى. ئاتوم زەررىچىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك 250- 260 مىڭغا قەدەر شەرقى تۈركىستانلىقلار خىتاي ئاتوم سىناقلىرىنىڭ بىگۇنا قۇربانلىرى بولدى. ئاتوم زەررىچىلىرىدىن نورمال بولمىغان باللار كۆپلەپ تۇغۇلۇشقا باشلىدى.

5- دىنى ئەركىنلىگىمىز قاتتىق چەكلەندى. مەسچىتلەرنىڭ نۇرغىنى بېيپۇتىلدى، بۇزۇلدى، ئىسكىلات، ئات ئېغىلى چوچقا قوتانلىرىغا ئايلاندى. دىنىمىز قاتتىق ھاقارەتلىنىپ قۇرئان كەرىم كۆيدۈرۈلدى، ئۇچۇق مەسچىتلەردە ھۆكۈمەت قويغان كوممۇنىست ئىماملار تەرپىدىن ھۆكۈمەت سىياستى ھەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتېئىزىم تەرغىپ قىلىنماقتا. مەسچىتكە كىرگەن ئىشچى - خىزمەتچىلىك خىزمەتتىن، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلەردىن ئايرىلماقتا. گۇناسى ئېغىر دەرد تونۇلغانلاردىن ئېغىر ئىقتىسادى جېرىمانە ئېلىنماقتا. ھەتتا تۈرمەلەرگە تاشلانماقتا.

6 - ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتۈن بايلىقلىرىغا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. خىتاينىڭ 32 ئۆلكىسى شەرقى تۈركىستاننىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاپ تالىماقتا. يەرلىك ئاھالە ئۆز يەرلىرىنىڭ بايلىقلىرىدىن مەنپەئەتدار ئەمەس. شەرقى تۈركىستان خەلقىنى تەمىنلەپ كەلگەن بارلىق يەرلىك ئىگىلىكنى ۋەيران قىلىپ، خەلق ئىگىلىگىنى مىليونلاپ كەلگەن خىتاي كۆچمەنلىرى تارتىپ ئالدى. يەرلىك ئاھالىنىڭ 80 % تىن كۆپرەگى كەمبەغەللىكنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىدە ياشايدۇ.

7 - ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونومىيەسى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بويىنىغا سېلىنغان سىياسى زەھەرلىك سىرتماق. ئۇ شەرقى تۈركىستان خەلقىنى ۋە دۇنيا خەلقىنى ئالداش ئۈچۈن بىرىلگەن جوڭگوچە ئاپتونومىيە، بۇ ئاپتونومىيە رايونىغا جايلاشقان كوممۇنىست توتالىتەر دىكتاتورلىغىدىكى بىر قانچە ھۆكۈمەتلەرنىڭ قاتمۇ - قات بېسىمى ئاستىدا بولۇپ ھېچقانداق ھوقۇقى يوق. پۈتۈن سىياسى، ئىقتىسادى ھوقۇقلار بېيجىڭنىڭ قولىدا بولۇپ، ئاتالمىش ئاپتونوم رايوننىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ھوقۇق خىتايلار تەرەپىدىن يۈرگۈزىلىدۇ. مۇشۇنداق زۇلۇم ئىسكەنجىلىرى ئۈستىگە، 1996- يىلى 19- مارتتا خىتاي كومپارتىيەسى جاڭزېمىن رىياسەتچىلىگىدە يىغىن ئېچىپ، "شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش" دىگەن ئىنتايىن مەخپى 7 نومېرلىق ھۆججەت ئېلان قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى دۆلەت تېررورىغا يېشىل چىراق ياققان بۇ ھۆججەتتىن كېيىن " 100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش" ھەرىكىتىنى باشلىدى. 1996 - يىلى 24- 26- ئاپرىللاردا شاڭخەيدە رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ھۆكۈمەتلىرى بىلەن خىتاي "شاڭخەي خىتاپنامەسى"نى ئېلان قىلىپ، شەرقى تۈركىستاندا تارىختا كۆرۈلمىگەن قانلىق تېررورنى باشلاپ، 1996- يىلدا 15 ۋىلايەت ۋە رايونلاردا قوزغالغان 65,000 كىشىلىك نامايىشلارنى قانلىق باستۇردى.

· ئارقىدىنلا 1997- يىلى 4- 5- فېۋراللاردا غولجا قانلىق ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، كوچىلاردا يۈزلەپ نامايىشچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. غولجىدا 2- 3 كۈن ئىچىدە 5000 ئادەم قولغا ئېلىندى. 2000 غا يېقىن ياشلارنىڭ ھازىرغىچە ئىز -

دەرىگى يوق. "غولجا قانلىق ۋەقەسى" غا مۇناسىۋەتلىك دەپ بىر قانچە يۈز ئۇيغۇر ياشلاردىن ئاز قىسمىنى ئۇچۇق، كۆپ قىسمىنى مەخپى سوت بىلەن ئېتىش ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. مىڭلىغان ياشلار 7 يىلدىن يۇقىرى ئۆمۈرلۈك قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىندى. ھازىر 500,000 دىن ئوشۇق شەرقى تۈركىستانلىقلار قولغا ئېلىنىپ بولدى. ( بۇ مەسىلىدە خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ 1978- يىلى 17- ئىيوندا ئېلان قىلغان "خىتاي ھەققىدىكى ئومۇمى خۇلاسە" دوكلادىنىڭ "شىنجاڭ" قىسمىنى دىققەتىڭىزگە ھاۋالە قىلىمەن).

دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ نەزىرىدىن چەتلەشتۈرۈلگەن شەرقى تۈركىستان، بۈگۈن كوممۇنىست خىتاينىڭ ئاسىملاتسىيون ئىرقى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېررۇر سىياسىتى نەتىجەسىدە بۇسنىيە، كىرۇيشە، كوسوۋالاردىنمۇ دەھشەتلىكرەك ئىنسانىيەت فاجىئەلىرىنىڭ ئوچىقى بولۇپ قالدى. قانلىق تېررۇردىن چوچىگەن، ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمىگەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا ـ قازاقىستانغا، قىرغىزىستانغا ھەتتا پاكىستان ۋە تۈركىيەلەرگە قېچىۋاتىدۇ. مۇستەقىل مەنبەلەرگە قارىغاندا،يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان بۇ يەرلەردە قاچاقلار سانى ئونمىڭ ئەتراپىغا يەتتى.

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا سالغان زۇلمىنى ئاز دەپ ئۆزىنىڭ قانلىق قولىنى مۇستەقىل قالغان قازاقىستان، قىرغىزىستانلاردا سىياسى باشپانالىق تىلەپ قىلىپ قېچىپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارغا ئۇزاتتى. بۈگۈن قازاقىستان، قىرغىزىستانلار ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى ئوۋلايدىغان شىكار مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئامنىستى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ (خەلقئار كەچۈرم تەشكىلاتىنىڭ) Reuters ئاگانتىلىغى بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋەرلىرىدە 99- يىلى 2- ئاينىڭ 12- كۈنى قازاقىستاننىڭ TV31 قانالى 11- فېۋرال كۈنى قازاقىستان مىللى خەۋەپسىزلىك مىنىستىرى 1997- يىلى 5- فېۋرال غولجىدىكى نامايىشلارغا قاتناشقان مەھمەت مەمەت، ئىلياس زوردۇن ۋە قاسىم ماخپىر لارنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن خىتايغا تاپشۇرغانلىغىنى ئۇختۇردى. ئامنىستى ئىنتېرناتسىئونال بۇنىڭغا قارىتا قازاقىستاننىڭ 3 ئۇيغۇر سىياسى باشپانالىق تەلەپ قىلغۇچىنى قايتۇرۇشنى خەلقئارلىق كىلىشمىلەرنى ئاياق ئاستى قىلىش ئىكەنلىگىنى، ئۇلارنىڭ خىتايغا

قايتۇرۇلۇشى ئۇلارغا ئۆلۈم ياكى ئېغىر جازالار كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

راس دىگەندەك، بۇ قايتۇرۇلغان ئۈچ ئۇيغۇر سىياسى مۇساپىر چېگرادىن ئۆتۈشى بىلەنلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا قېرىنداش قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز- تولا مەنپەئەتلەرنى دەپ كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قانلىق جىنايەتلىرىگە شېرىكلىشىپ يەنە **40** تىن ئوشۇق ئۇيغۇر سىياسى قاچاقلىرىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بىرىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىمىز بار.

ھۆرمەتلىك رەئىس:

تارىخى كېلىپ چىقىشىمىز، ئېتنىك قۇرۇلۇشىمىز، تىلىمىز، دىنىمىز، ئۆرپ – ئادەتلىرىمىز، جوغراپىيە يېقىنلىغىمىز دىن ئېيتقاندا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار بىر خەلقمىز. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ تەغدىرىمىز خوشاللىق ھەم قايغۇلۇق كۈنلەردە بىرگە بولۇپ كەلدۇق. ئىنشائاللاھ، كەلەچېكىمىزمۇ بىرگە بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ئۇيغۇرلارغا ئىنتايىن زور خوشاللىق ئېلىپ كەلدى. بىزنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇلىرىمىزغا زور ئىلھام. ئۇيغۇر خەلقىمۇ سىزلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانلاردىن. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىغا، مەدەنىيەتىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان خەلق بولۇپ، دۇنيا تارىخىدا ئالاھىدە ئورنى بار. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى سىرىق ئاپەتنىڭ تېجاۋۇزىدىن قوغداپ كەلگەن پولات قورغان ئىدى. لېكىن بۇ پولات قورغان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ، خىتاي ئېمپىرىيەسىنىڭ پولات تاياقلىرى ئاستىدا ئېزىلىۋاتىدۇ. بۈگۈن خىتاي ئېمپىرىيەسى شەرقى تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگىمۇ يامان نىيەتتە بولىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ھېچقاچان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى بولۇپمۇ قازاق خەلقىنىڭ دۈشمىنى بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى. مۇستەقىل شەرقى تۈركىستاننىڭ دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئېچىشى قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تىنچ ئامانلىغى، پاراۋانلىغى، دۆلەت پۈتۈنلىگى ئۈچۈن زور تۆھپە بولۇشىدۇ، دۇنيا تىنچلىغى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن ئەھەممىيەتلىك.

يوقىرىدىكى ئۈچ ئۇيغۇر ياشنىڭ ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن خىتايغا ئۆلۈمگە قايتۇرۇلۇشى قېرىنداش تۇققانچىلىق تەرەپىمىزدىنمۇ، ئەدەپ ـ ئەخلاق جەھەتتىنمۇ ياكى بولمىسا خەلقئارلىق قانۇن ـ قائىدىلىرى تەرەپىدىن بولسۇنمۇ ئىنسانىيەتكە ئۇمۇمى ئورتاق بولغان ئەدەپ قائىدىلارنى بوزغان قانۇنسىزلىق بولدى.

تارىخىمىزغا نەزەر تاشلىساق، ئىككى قېرىنداش خەلق تارىخىنىڭ ھەر قانداق دەھشەتلىك ئېغىر دەۋرلىرىدە بىر ـ بىرلىرىگە قېرىنداشلىق ياردىمىنى بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەيلى قاچان، قايەردە بولمىسۇن قېرىنداش قازاق خەلقىگە پايدىمىز تەگسە تەگدى، زىيانىمىز تەگمىگەن. بۇنىڭدىن 100 يىللاردىن كۆپرەك ئىلگىرى، "1871 ـ يىلى ئۇلى جوزى" روسىيە تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان دەۋرىدە يېڭىدىن ئاياقلا تۇرغان، ئاجىز ئۇيغۇر ئىلى سۇلتانلىقى رۇس تاجاۋۇزىدىن قورقماي، تازابېك باتىرمانوۋ 1,000 دىن ئوشۇق ئادىمى بىلەن باشپانالىق تىلىگەن قازاق قېرىنداشلىرىغا ئۆز بېشىغا قانداق كۈنلەرنىڭ كېلىشلىرىدىن قەتئى نەزەر، ئۆز باغرىدىن ئىسسىق ئورۇن بەرگەن، خوشال قايغۇلۇق كۈنلىرىنى بىرگە كۆرگەن ئىدى. بۇنى ئىلى سۇلتانلىقىنى بېسىپ ئېلىش سەۋەپلىرىدىن بىرى قىلغان چار رۇسىيە گېنرالى كولپاكوۋسكى قوشۇن تارتىپ، ھۇجۇم قىلىپ، ئىلى سۇلتانلىقىنى بېسىپ ئالغان ئىدى.

ھەتتا ھازىر يىراق ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان مۇساپىرلىق دەۋرلىرىمىزدىمۇ شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئاۋستىرالىيەگە باشپانالىق تەلەپ قىلىپ كەلگەن قازاق قېرىندىشىمىز جارقىن مۇقانغا ھەممىمىز ياردىم قىلىپ، ئۇنىڭ خىتاي زۇلمىدىن قوتۇلۇپ، ئاۋستىرالىيەدە سىياسى مۇساپىرلىق نامىنى ئېلىشغا قولىدىن كەلگەن بارلىق ئىمكانىيەتنى قىلدى. بۇنداق مىساللارنىڭ سانى ئاز ئەمەس. بىز قېرىنداشلار بىز. بىزنىڭ ھەر ـ بىرىمىزدە قېرىنداشلىق ھەققىمىز بار. ئەگەر بۇ قېرىنداشلىق ئادا قىلىنمىسا ئۇنداق ئادەملەر ئىنسانىيەت تەرىپىدىن لەنەتلىنىدۇ.

ھۆرمەتلىك رەئىسىمىز!

ھۆكۈمىتىڭىز تەرىپىدىن ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ سىياسى قاچاقلارغا قىلىنىۋاتقان غەيرى دوستانە سىياسىتىنى توختىتىپ ئۇلارغا قېرىنداشلىق بولمىسىمۇ، ئىنسانى مۇئامىلە قىلىشنى سۇرايمىز. سىزدىن ئىلتىجايىمىز، ئۇيغۇر سىياسى قاچاقلىرىنى

تۆتۆۋىلىش ئورۇنلىرىدىن بوشۇتىڭ، خىتايغا قايتۇرۇلۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ئۇيغۇر سىياسى قاچاقنى خىتايغا قايتۇرماڭ، يەنە ئەگەر قېرىنداشلىق ئىنسانىيەتلىك ئەخلاقلىرىغا زىت يوقۇرىدىكىدەك بەزى ئەھۋاللار تەكرارلانغ تەقدىردە، يىراق ئاۋىستىرالىيەدىكى كونسۇلخانىڭىزنىڭ ئالدىنى بوش قويمايمە ئەڭ ئاخىرىدا زالىم كوممۇنىست خىتاي زۇلمىدىن قېچىپ چىققان ئۇيغ قېرىنداشلىرىڭىزغا ئىنسانى مۇئامىلە قىلىشىڭىزنى قايتا ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى:
ئەخمەت ئىگەمبەردى

1999- يىلى، 1- ئاپرىل. لىۋېرپول ـ سىدنېي

# مىللى ئارمىيەمىزنىڭ 54- يىللىق شانلىق تارىخىنى خاتىرىلەيلى!

(1999 – يىلى 8- ئاپرېل شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى شەرقى تۈركىستان مىللى ئارمىيەسىنىڭ 54 يىللىق خاتىرە كۈنى)

1944- يىلى 11- نويابىر غۇلجا ئازات قىلىنىپ، 12- نويابىردا شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىغى ئېلان قىلىندى. جۇمھۇرىيەتنىڭ 9 ماددىلىق مۇستەقىللىق باياناتى ئېلان قىلىندى. 17 كىشىدىن تەركىپ تاپقان يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تۈزۈلدى ھەم مىللى ئارمىيە قۇرۇش پىلانى قوبۇلدى. بىر قانچە ئايلاردىن كېيىن 1945 – يىلى 4- ئاينىڭ 8- كۈنى غۇلجا شەھرىدىكى تەنەربىكەت مەيدانىدا ئارمىيەنىڭ قۇرۇلغانلىغى رەسمەن ئېلان قىلىنىپ، ئازات قىلىنغان غۇلجا خەلقىنىڭ غەلىبە شادىياسىدا مىللى ئارمىيە قىسىملىرى پاراد مارشىدىن ئۆتتىدۇ.

شۇ چاغدىكى مىللى ئارمىيە 13 مىڭ جەڭچىدىن تەركىپ تېپىپ، 5 پولككا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاتلىق قىسىملار، پىيادە قىسىملار ھەم مىخانىكىلاشقان قىسىملارغا بۆلۈنەتتى. ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قوراللىرى ئاساسەن سوۋېت قوراللىرى ئىدى. مىللى ئارمىيە تېزدىن تەرەققى تېپىپ 30 مىڭغا يەتكەن ئىدى.

مىللى ئارمىيە ئالدىدا گومىنداڭ زۇلمى ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستان تېرىرىغىنى ئازات قىلىش كېرەك ئىدى. 1- ئاۋغۇستتا تارباغاتاي، 6- سىنتەبىردە ئالتاي، كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ ئاساسى شىخو ئېلىنىپ، مىللى ئارمىيە ناھايىتى تېزلىك بىلەن غەلىبىلىك يۈرۈشلەر قىلىپ، ئۈرۈمچىگە 180 كم كېلىدىغان ماناسقىچە كەلدى. ماناس دەرياسى بويىدىن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان چاغدا دىكتاتور ستالىننىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئارمىيەنىڭ يۈرۈشى توختىدى.

شەرقى تۈركىستان مىللى ئارمىيەسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى مارشال ئېلىخان تۆرە، زۇنۇن تەيىپوۋ ، ۋە باشقىلار بولۇپ پارتىزان قىسىملىرىنىڭ كوماندىرلىرى غېنى باتۇر، ئەكبەر باتۇر ھەم پاتىخ باتۇرلار ئىدى.

مىللى ئارمىيە پۈتۈنلەي تارىختىكى ئوغۇزخاندىن تارتىپ قۇرۇلغان ئۇيغ
دۆلەتلىرىنىڭ ھەربى تىرادىتسىيەلىرنى داۋاملاشتۇرغان ھەقىقى مىللى ئار
ئىدى. مەرھۇم گېنىرال مايۇر زۇنۇن تەيىپوۋ "ئازاتلىق ئۇچۇن" دىگەن كىتاۋىدا:
شەرقى تۈركىستان تارىخىدا بۇ ئارمىيە ھەقىقى مىللى، زامانىۋى ئارمىيە بولۇ
ئوتتا ئاسىيا رىسپوپلىكىرىنىڭ ھىچقايسىدا يوق ئىدى" دەپ يازغان. بۇ ئارمى
گومىنداڭنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى 100 مىڭ ئارمىيىسىنى ئاساسەن كاردى
چىقارغان ئىدى. شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى ئۇچۇن ئەڭ دەسلىپكى
تۇزاق "11 بىتىم" بولدى، 1950 – يىلى 14- فىۋرالدا ستالىن بىلەن ماۋزىدۇڭ
ئاراسىدا شەرقى تۈركىستان خەلقىنى ساتقان "جوڭگو – سوۋېت شەرتنامىسى"
تۈزۈلدى. شەرقى تۈركىستان مىللى ئارمىيىسى جالات ۋاڭجىن ۋە ۋاڭئىنماۋ
قوماندانلىغىدىكى 5- كورپۇس ئازاتلىق ئارمىيە تەركىۋىگە كىرگۈزۈلدى. 1950
– 1955 – يىللار داۋامىدا كوممۇنىست خىتايلار تەرپىدىن "پان تۈركىزىمگە
قارشى، پان ئىسلامىزىمگە قارشى، ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا قارشى، ئۇچ خىل
ئۇنسۇرلارغا قارشى" دىگەن شەرقى تۈركىستان خەلقى ھەم ئۇنىڭ مىللى
ئارمىيەسىدىن ئۆچ ئىلىشنى ئاساس قىلغان مۇستەملىكىچىلىك، باسقۇنچىلىق
سىياسى ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە، 100 دىن ئوشۇق مىللى ئارمىيە ئوفىتسەرلىرى،
جەڭچىلىرى، ۋەتەنپەرۋەر رەھبەرلىرى، زىيالىلىرى ۋە دىنى زاتلىرىنى ئۆلۈمگە
مەھكۇم قىلدى. قالغانلىرى ئافغانىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە ۋە
ئاۋسترالىيەلەرگە چىقىپ كىتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇندىن قالغانلىرىنى بولسا،
كىيىنكى ھەرىكەتلەردە ئاساسەن يوق قىلىپ تۈگەتتى.

1999- يىلى 5- ئاپرىل. لىۋېرپول – سىدنېي

# ئۆلۈغ شېھىد توختى قۇربانىنى ئەسلەيمەن

شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ قەھرىمانى، جەسۇر مۇجاھىت، ئاتاقلىق ژۇرنالىست توختى قۇربانىنىڭ كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن شېھىد قىلىنغانلىقىغا بۈگۈن 17- ماي 19 يىل توشتى.

توختى قۇربان 1924 – يىلى ئۈرۈمچى مال بازىرىدە تۇغۇلۇپ، باشلانغۇچ ئوتتۇرا مەكتەپ تەلىملىرىنى ئېلىپ، شەرقى تۈركىستان دارىلفۇنۇنىنى تۈگۈتۈپ، دەسلەپ ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن. بۇ دەۋىرلەردە ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىق، مىللەتنىڭ ئەركىنلىك غايىلىرىگە چىندىن بېرىلگەن توختى قۇربان ئىنقىلاۋى پائالىيەتلىرى ئۈچۈن خىتاي ئىستىبدات ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان، 2 يىل تۈرمىدە يېتىپ، خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ بېسىمى بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قەشقەرگە سۈرگۈن قىلىدۇ. 1948 – يىلى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن توختى قۇربان يېڭىچە غەيرەت بىلەن يەنە ئىنقىلاۋى ئىشلىرىگە بېرىلىپ كېتىدۇ. 1949 – يىلدىن 1960 – يىللارنىڭ بېشىغا قەدەر "شىنجاڭ گېزىتى" ۋە 60 – يىللارنىڭ بېشىدىن 70 – يىللارنىڭ بېشىغا قەدەر "شىنجاڭ نەشرىياتى" دا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرى خىزمەتلەردە ئىشلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ بار كۈچى ۋە ئەقىل پاراستىنى ئىشقا سېلىپ شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مەدەنىيەت، نەشرىيات، مائارىپ ئىشلىرىنى قوغداش تەرەققىياتى ۋە بىر بۆلۈم مىللى كادىرلارنى تەربىيەلەش ساھالىرىدە ئالاھىدە تۆھپىلەر قوشتى، كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستە- ملىكىچىلىك، چوڭ خىتايچىلىق فاشىست سىياسىتىگە قارشى كۆكرەك كېرىپ چىققان بۇ جەسۇر مۇجاھىدىمىزنى ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرىدىن كۆرۈپ، 1957 – يىلدىكى "يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش"، 62 – يىلدىن باشلانغان "شىئۇجېڭجۇيىچىلىققا قارشى تۇرۇش"، 64 – يىلىدىكى "4 نى ئىنقىلاش" ۋە كېيىنكى "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى"ناملىق شەرقى تۈركىستان خەلقىغە قارشى يۈرگۈزۈلگەن جازا يۈرۈشلىرىدە ئۇنىڭغا "يەرلىك مىللەتچى"، "چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر"، "ئەكسىلئىنقىلاپچى" دىگەندەك

بەدناملارنى چاپلاپ، خىزمەت ئۆرۇنلىرىدىن چۇشۇرۇپ، كۆپ قېتىملاپ جازالىغان ئىدى.

توختى قۇربان مىللىتىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان پىشقەدەم ئىنقىلاپچىلار ئەمەس، ھەر تەرەپلىمە بىلىملەرگە باي تونۇلغان، ئاتاقلىق ژۇرنالىست ئىدى. ئىسىمدا، 1959 - يىلى يازدا تاشكەنتتىن پىراكتىكا ئۆچۈن ساۋاقداشلىرىم دولقۇن ياسىن، ھەبىبۇللا يۇنۇسلار بىلەن "شىنجاڭ گېزىتى" گە كېلىپ بىر ئاي ئىشلىگەن ھەم ئۆگەنگەن ئىدۇق. بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان مۇئاۋىن باش تەھرىر توختى قۇربان، ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق بىلىمى، پىشقان ژورنالىستلىق تەجرىبىسى بىلەن بىزگە ئالاھىدە تەسىر بەرگەن. 1961 - يىلى 7- ئاينىڭ ئاخىرى ساگونىڭ ئورتا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنى دۆلەت ئىمتىھانى تۈگىگەن كۈنى شۇ دۆلەت ئىمتىھان كومىسسىيەسىنىڭ باشلىغى، سەمەرقەنت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئۆزبېك پىرافېسور مېنىڭ شەرقى تۈركىستاندىن كەلگەنلىگىمنى بىلىپ، 1956 - يىلى توختى قۇربان بىلەن ئۆزبېكىستاندا ئۇچرىشىپ، (شۇ چاغدا ۋاكالەتنامە باشچىلىغىدا شىنجاڭ ئۆمىگى ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان ئىدى). ئۇنىڭ بىلىم قابىلىيىتىگە قايىل قالغانلىغىنى، شەرقى تۈركىستاندا ژورنالىست بولسا 1- ژورنالىست شۇ ئىكەنلىگىنى، شەرقى تۈركىستاندا توختى قۇرباندەك قابىل ئادەمنىڭ بارلىغىغا ھەيران بولۇپ، خىتاي ھۆكمرانلىغى ئاستىدا تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ مائارىپ مەدىنىيەتتىكى ئىلغارلىغىنى ساقلاپ، توختى قۇرباندەك ئىنسانلارنى يېتىشتۈرگەن ئۇيغۇر خەلقىگە ئافىرىن ئېيتقان ئىدى.

مەن توختى قۇرباننى ئاخىرقى قېتىم 67 - يىلى ئوكتەبىردە داۋانچىڭدىكى نازارەتتىن قېچىپ كەلگەن كۈنلىرىمدە ياڭخاڭ كىتاپخانىسى ئالدىدا قول ھارۋىسىدا قەغەز، كىتاپ، ماتېرىياللارنى نەشرىياتقا سۆرەپ كېتىۋاتقان ھالدا كۆردۈم. بىر مەھەل بىز ۋەزىيەت ھەققىدە سۆزلىشىپ قالدۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدارىدە نازارەتتە ھەم ئەھۋالىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىگىگە قارىماي: "ھە، ھەرگىز ئۈمىدسىز ئەمەسمىز، ئىنشائاللاھ، بىزنىڭ كوچىدىمۇ بايرام بولىدۇ.." دىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزەينەك ئاستىدىكى ئويچان كۆزلىرىنىڭ ئۈمىد نۇرلىرى بىلەن چاقناپ، شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئىدىم...

ئۆزىنىڭ باشتىن ئاخىر پۈتۈن بارلىغىنى شەرقى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئاجايىپ ئىنقلاپچى توختى قۇربان 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى شەرقى تۈركىستانغا كەڭ يېيىلغان ئۇمۇمى قوزغىلاڭغا باشتىن - ئاخىر قاتنىشىپ، ئۇنىڭ مۇھىم رەھبىرى تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

ئەفسۇسكى؛ يانا خوشنا دۆلەتنىڭ يەنە بىر قېتىم شەرقى تۈركىستان خەلقىگە قىلغان خىيانىتى بىلەن ھىچقانداق تاشقىرى ياردىمسىز قالغان ئۇمۇمى خەلق قوزغىلىڭى كومىنىست خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلدى. 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بېيجىڭنىڭ بىۋاستە قوماندانلىغىدا دۆلەت مۇداپىئە قوشۇنلىرى شىنجاڭ ھەربى رايونى، ساقچى، 2- مىليوندەك بىڭتۇەن قوشۇنلىرى، مىنبىڭلارنى ئىشقا سېلىپ، بىر ۋاقىتتا غولجا، ئۈرۈمچى، ۋە قەشقەر قاتارلىق شەرقى تۈركىستاننىڭ 15 شەھەر، ناھىيەلەر، يېزا - قىشلاقلار تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىنىشقا باشلىدى. پۈتۈن قاتناش يوللىرى قامال قىلىندى. شەھەر يېزىلار قورشالدى، بۇ تۇتقۇندا ۋەتەنپەرۋەر زىيالىلار، دىنى زاتلىرىمىز، ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئىشچى - دېھقانلار، ھەتتا شەھەر ئاھالىلىرى قارا قۇيۇق تۇتقۇن قىلىندى. پەقەت ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىدىلا 23 - ئىيۇن كۈنى ئاز دىگەندە 50 مىڭدىن ئوشۇق كىشى تۇتقۇن قىلىندى. پۈتۈن شەرقى تۈكىستاندىكى ئىدارە - ئورگانلار، كىنو - تىياتىر خانىلار، مەكتەپ - دوختۇر خانىلار، ئىسكىلات - ئامبارلار ھەتتا خاڭلارغا يۈز مىڭلىغان كىشىلەر سولىنىپ، پۈتۈن شەرقى تۈركىستان بۇ دۇنيانىڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قانلىق زىندانغا ئايلاندى.

ئەشۇ تۇتقۇندا قولغا ئېلىنغان توختى قۇربان 45 يېشىدا ئۈرۈمچىدە، 1970 - يىلى 17 - ماي كۈنى نىياز ئۆمەر، ئابدۇرەھىم باقى، ھۇشۇر قارى ياش قەھرىمان دولقۇن ئىبراھىم قاتارلىق 30 نەپەر مۇجاھىد بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئىنقلاپ رەھبەرلىرىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمنوف دۇختۇرخانىدا زەھەرلىك ئوكول بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. بۈتۈن شەرقى تۈركىستاندا قانلىق باستۇرۇش 6 ئاي داۋام قىلىندى. ھەتتا ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ھوقۇقى بېرىلىپ پەقەت

www.uyghurkitap.com

شۇ بىر كۈن ئىچىدە پۈتۈن شەرقى تۈركىستان بويىچە نەچچە يۈزلەپ ۋەتەنپەرۋەر شېھىت قىلىندى.

شۇ تۇتقۇندا قولغا ئېلىنغان خەلق، ۋەتەنپەرۋەرلەر ھازىرمۇ **1997**- يىلى، **5-6**- فېۋرالدا غولجا ئىنقىلاۋىدا قولغا ئېلىنغان ئون مىڭلاپ قەھرىمانلار بىلەن گۇڭچەندانىڭ قانلىق تۈرمىلىرىدە دەھشەتلىك ئازاپلارنى چېكىۋاتىدۇ. يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاساسى قاتلامدا يىلتىزتارتقان "شەخسىيەتسىز كىشىلەر" دەپ ئاتالغان **10** كىشىنى مۇكاپاتلاپ بېيجىڭنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى شەرمەندە غالچىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئارقىلىق كىشىلەرنى گۇڭچەندانىڭ مۇستەملىكچىلىك، باسقۇنچىلىقىغا جېنىنى ساتقان بۇ غالچىلاردىن ئۈگۈنىشكە چاقىردى. خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ بازارغا سېلىۋاتقان ئىسمى يېڭى بۇ كونا ماللىرىنىڭ ئاتالمىش لېفىڭ، ۋاڭجېي، جياۋيۇيلۇ نامىلىق خىتاينىڭ مۇستەملىكچى ئەرۋاھلىرىدىن نىمە پەرقى بار؟ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مەقسىدى يەنىلا بىز ئۇيغۇرلارنى ئۆزىمىزنىڭ مەدىنىيەت ئەنئەنىمىز، ئالىجاناپ مىللى روھىمىزدىن ئاجرىتىپ تاشلاپ، خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە بىزنى سادىق قۇل ـ ئىتائەتمەن ئەسىر بولۇشنى تەرغىپ قىلىدىغان زەھەرلىك قىلتاق، مۇنداق قىلتاقلارغا تالاي دەسسەپ ئۆز ئانا يۇرتىمىزدا نەپرەتلىك قوللارغا ئايلاندۇق، ئۇنداق نىملەرنى ئۈگەنگەنسىرى دۈشمىنىمىزنى سەمىرتىپ، ئۆزىمىزنى نەس بېسىپ، يوقۇلۇش ئالدىدىكى ئەبگاھلارغا ئايلاندۇق، بەس يېتەر، ئۇنداق بىز ئۈچۈن بالايى ئاپەت ئۈلگىلىرىنى گۇڭچەندانىڭ ئۆز بىشىغا تاڭسۇن! بىز ئۇيغۇر بىز، بىز تۈرك ـ بىز مۇسۇلمان بىز، بىزنىڭ ئۈگىنىدىغان ئۇلۇغ قۇرئانىمىز، ھەدىسلىرىمىز بار.

بىزنىڭ ئۈگىنىش ئۈلگىلىرىمىز شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرۈشۈپ شەھىت بولغان رەھمەتۇللاھ بەگ، سادىر پالۋان، نوزۇگۇم، ئەخمەتجان قاسىمى،رىزۋانگۈل، غەنى باتۇر، كاپىتان ياقۇپجان راخمانوف، مەمتىمىن ئېمىنوف ، توختى قۇربانلارغا ئوخشاش

خەلقىمىزنىڭ ھەقىقى مىللى قەھرىمانلىرى. بىز شۇلارنى ئۈلگە قىلىشىمىز، شۇلاردىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك! ئاخىرىدا مەن شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازاتلىقى يولىدا ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلغان ھۆر ۋەتەن قۇربانلىرىغا مەڭگۈلۈك ئىمان، شېھىتلىك ماقامى ۋە قالغان ھايات ياشاۋاتقانلىرىمىزغا نۇسرەت بېرىپ، غازىلىق مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلىشىنى جانابى ئاللاھدىن تىلەيمەن، ئامىن!

1999 - يىلى، 23- ئاپرىل. لىۋېرپۇل – سىيدنېي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىز كىم ئىدۇق، هازىر كىم بولدۇق، خىتاي باسقۇنچىلىرى بىزنى يەنە نېمە قىلماقچى؟

ئەقلى - هوشى بار هەربىر ئۇيغۇر دوپپىسىنى ئالدىدا قويۇپ، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ جوت ئايىغى تەككەن ئەشۇ قارا كۈن ۋە قانلىق يىللارنى ئەسلەپ باقسۇن. يېشى كىچىكلەر چوڭلاردىن، ئاتا _ ئانىلىرىدىن سوراپ باقسۇن. بىز زادى كىم ئىدۇق؟ ئۆتمۈشتە يېزا - قىشلاقلىرىمىز، شەهەرلىرىمىز قانداق ئىدى؟ هازىر ۋەتىنىمىز قانداق هالغا چۈشۈپ قالدى؟ خىتايلار تەرىپىدىن "شىنجاڭ" دەپ ئاتالغان بۇ لوقما گۆشنىڭ خىتايدىن ئىبارەت بۇ سېرىق ئەژدەرهانىڭ چاڭگىلىدا تۇرغىنىدا، "سېرىق ئەژدەرها" نېمە قىلىۋاتىدۇ، يەنە نېمە قىلماقچى؟

50 يىل بۇرۇنقى ئەهۋالدا، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان تولۇق مەنىدىكى مۇستەقىل مەملىكەت بولمىسىمۇ، 33- يىلدا قەشقەردە قۇرۇلغان "شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى"، 44- يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان "شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمهۇرىيىتى" ۋە شۇ چاغدىكى سىياسى ئېقىمنىڭ تەسىرلىرىدىن بىز شەرقى تۈركىستانلىقلار ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىنى گومىنداڭدىن ئازات قىلىپ، ۋەتەن تارىخىدا يېڭىچە بىر باسقۇچقا كىرگەن ئىدۇق. ئەلمىساقتىن ئاللاھ بىزگە نەسىپ قىلغان، ئەجدادلارنىڭ مىراسى بولغان سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنىڭ مۇبارەك نامى _ "شەرقى تۈركىستان" نى غۇرۇر بىلەن تىلغا ئالاتتۇق. سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ساهەلىرىمىز ۋە مەدىنى _ مائارىپىمىزئاساسەن يەرلىك خەلقلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. دىهقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، كانچىلىق، باغۋەنچىلىك يەرلىك سانائەت ، قول _ هۈنەر سانائەتلىرى، مىللى ئىگىلىككە مەنسۇپ بارلىق مىللى تارماقلار ئاساسەن شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ قولىدا بولۇپ، خىتاي ئاهالىسى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى قوشقاندا ئارانلا 250 – 300 مىڭغا قەدەر ئىدى. مۇنداق ئېيتقاندا، ئۆز ۋەتىنىمىزگە ئۆزىمىز خوجا ئىدۇق. دەريا _ كۆللىرىمىزدىكى بېلىقلارنىڭ سانىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. دىهقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەهسۇلاتلىرى خەلقىمىزگە يېتىپ ئېشىپ، خەلقىمىز باياشات ياشايتتى. ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس مىللى مەدىنىيىتىمىز، مائارىپىمىز،

ئۆزىمىزنىڭ خەلقىمىز ۋە دىنىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. خۇنۇكلىكتىن يىراق، گۈللەنگەن ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز بار ئىدى.

بىر ئېغىز سۆز، ئۆز ۋەتىنىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇپ، مىللىتىمىز ھالاكەت گىرداۋىدىن يىراق، مىللى روھىمىز مۇنقەرىزلىكتىن ئازات، شەرقى تۈركىستانلىقلارغا خاس ئىمانىمىز ھەم ۋىجدانىمىز بىلەن ياشاپ، ئۆزىمىزنى ئادەم ھىساپلايتتۇق.

بۈگۈنچۇ؟ سوۋېت ئىمپېرىيالىزىمىنىڭ ئىنقىلاۋىمىزغا قىلغان ساتقىنلىقى ھەم بىزنى بېسىپ بېرىشى بىلەن، ماۋنىڭ باسقۇنچى ئارمىيەسى ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالدى. ئۇلار كىرگەن ۋاقىتتا ئۆزلىرى ۋەتىنىمىزگە بىرەر چىشقان ئوغلاق، بىرەر تونا بۇغداي ياكى خىتاينىڭ بايلىقىنى ئېلىپ كىرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاچلىقتا جېنىنى باقالماي، گۈزەل، باي ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن كىرگەن. ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقىنى، مىللىتىمىزنىڭ قولىدىكى يەر ـ مۈلۈك، پۈتۈن ئىگىلىك، بار ئىمكانىمىزنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، "سوتسىيالىزىم" دىگەن بۇ زەھەرلىك قىلتاقتىن پايدىلاندى. "سىنىپى كۈرەش" دەپ ئاتالغان بۇ نەيرەڭنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىر پۈتۈن مىللىتىمىزنى بارچىلارغا بۆلۈپ، "باي، كەمبەغەل، زومىگەر" دىگەنلەرگە ئايرىپ، بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلەشتۈردى. كوممۇنىستلار خەلقىمىزنى قۇتقۇزغۇچى ئەۋلىيا سىياقىغا كىرىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى يوقسۇللارنىڭ باشپاناھى قىلىپ كۆرسۈتۈپ، يەر، سۇ، مۈلۈك، چارۋا، كان، زاۋۇت، فابرىكا ئورۇنلىرىنى خەلقىمىزنىڭ قولىدىن مەجبۇرى تارتىۋېلىپ، ئۇنى بىر مەزگىل دۆلەتنىڭ خوجىسى "ئىشچى ـ دىھقانلار" غا بۆلۈپ بەرگەن بولدى. " دۆلەت خوجىسى" ئىشچى دىھقانلارنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. قارنىنى تويغۇزۇپ ئۆزىنى بوردىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى، خەلقىمىزگە قارىتا يېڭى جازا يۈرۈشلىرى باشلىدى. "گوڭشې" دەپ ئاتالغان بۇ تۇزاق ئارقىلىق يېزىلاردا دىھقانلىرىمىزنىڭ قولىغا ئەمدى تەككەن يەر، سۇ، مۈلۈكلەرنى تارتىۋالسا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلارنىڭ ماللىرىنى ھەر خىل كوللىكتىپ ھەم دۆلەت ئىگىلىگىدىكى چارۋا مەيدانلىرىغا يىغىۋالدى. سودا ـ تىجارەت، زاۋۇت ـ فابرىكا، يەرلىك سانائەتنى "سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش" دىگەن قىلتاق بىلەن دۆلەت ئىگىلىگىگە ئۆتكۈزۈپ ئالدى.

شەرقى تۈركىستاندىكى بارلىق ئىمتىيازلار خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ دىكتاتۇرلىغىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەشۇ "سوتسىيالىزىم" دىگەن نەيرەڭ ئارقىلىق بىزنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىمىز بولغان خىتاي باسقۇنچىلىرى بىزنىڭ پۈتۈن بارلىغىمىزنى تارتىۋالدى.ئىنسانى ھوقۇقىمىزنى، ئار ـ نۇمۇسىمىزنى ئاياق ـ ئاستى قىلىۋاتىدۇ. كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ "ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى" دىگىنى، ماھىيەتتە بولسا باسقۇنچى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ، بىزنىڭ جۇڭگونى سۆي، ۋەتىنىڭ شەرقى تۈركىستاننى ئۇنتۇپ، مەڭگۈلۈك مۇنقەرىز بول دىگەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. "مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى" دىگىنى، خىتاي ھۆكمىرانلىرىغا ئىتائەتمەن قول بولۇپ، شۇلارنىڭ توپان بالاسىدا مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقال، دىگەنلىك. ئەمدى ھازىر يەنە "سوتسىيالىزىم تەربىيىسى" نى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ، قالغان يەر ـ زىمىن، مۈلۈكلەرنى خىتايلارغا ئۆتكۈزۈپ بەر، دىگىنى. ئۇلارنىڭ جار سېلىپ، "ماركىسىزىملىق دۆلەت، مىللەت، دىن، تارىخ، مەدىنىيەت تەربىيەسى" دىگەنلىرى، خىتايلارنىڭ ئادالىتى ئۇچۇن ئۆزەڭنى، مىللىتىڭنى، دىنىڭنى، دۆلىتىڭنى، تارىخىڭنى ئۇنۇت، دىگەنلىك. مۇشۇ مەخسەت بىلەن ئايىغى ئۈزۈلمىگەن ھەرىكەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، ھەر خىل جازالارنى ئېلىپ باردى. خەلقىمىزنى قانلىق زىندانلارغا تاشلىدى. مىليونلارچە ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئۆلتۈردى ۋە كەستى، ھەرقانداق جايدا خىتاي باسقۇنچىلىرى مىللىتىمىز ئىچىدىكى ئاز ساندىكى ئەقىلسىز، گالۋاڭ، ئىمان ـ ۋىجدانلىرىنى ساتقان بىر ئوچۇم مۇناپىقلارنى يېتىشتۈرەلىدى. بۇ خائىن ـ مۇناپىقلار ھىچقاچان خەلقىمىزگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، خىتاي باسقۇنچىلىرى مەيلى قانچىلىك قۇترىمىسۇن، قەھرىمان خەلقىمىزنى ھىچقاچان بويسۇندۇرالمايدۇ. ئىنشائاللاھ، خەلقىمىز گۇڭسەنداڭنىڭ **50** يىلدىن بۇيان قوللانغان قاتتىق ـ يۇمۇشاق چارىلىرى، زۇلۇم ئىسكەنجىلىرىنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىپ ئويغاندى. ئاتاقلىق ئىنقىلاۋى شائىر، ئۆلۈغ مۇجاھىد ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ **70** يىل بۇرۇن، "ئەي پېقىر، ئويغان ئۇيغۇر، ئۇيقۇڭ يېتەر، سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر!" دىگەن ئىنقىلاۋى چاقىرىغى خەلقىمىزنى يېڭى كۆرەش سەپلىرىگە چاقىرۋاتىدۇ.

**1999- يىلى 6- ئاي. لىۋېرپۇل ـ سىدنىي**



www.uyghurkitap.com

## ئاۋستراليەدە ئىلى مەشرىپى

مەشرەپ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى دەستۇرغا ئىگە خەلقىمىزنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، مەدىنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنى،رەڭدار شەكىللىرى، ئاجايىپ تەربىيەۋى ئەھەممىيىتى بىلەن ئۇزۇن تارىخى دەۋرلەردىن بۇيان مىللىتىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، مەدىنىيەت، ئىلىم ـ پەن، گۈزەللىك ۋە ئۇملۇكنى سۆيۈپ، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيدىغان خەلقىمىز بىلەن بىرگە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. مەشرەپ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىغا كۆرە،يالغۇزلا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ قالماستىن، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەن سىياسى، ئىجتىمائى، مەدىنىيەت، ئەدىبىيات ـ سەنئەت، ئىلىم ـ پەن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرى بويىچە ۋايىغا يېتىپ ئەۋلاتلارنى تەربىيەلەپ كەلگەن ئۇلۇغ ئاممىۋى مەكتەپتۇر. پايانسىز ۋەتىنىمىزدە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن مەشرەپنىڭ ئىسىملىرى تۈرلۈك، شەكىللىرى ھەر خىل بولسىمۇ، مەزمۇنى يەنىلا كەڭ خەلق ئاممىسىنى تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىدۇ.

ئىلى رايونىدا مەشرەپلەر ئىچىدە "ئوتتۇز ئوغول مەشرىپى" دەپ ئاتىلىپ ئۆزىدە كۆپ مەزمۇنلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇمۇمى يۈزلۈك سەنئەت ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەشرەپكە جان كىرگۈزىدىغان خىلمۇ ـ خىل خەلق ئويۇنلىرى بولىدۇ. "ئوتتۇز ئوغول مەشرىپى" نىڭ قاتنىشىش دائىرىسى پەقەتلا ئەرلەر بىلەن چەكلىنىپ، ئۆز جامائەتى ئىچىدە ھەر خىل ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ باشقۇرىدۇ. ئادەم سانى **30** ـ **40** كىشىدىن ئاشمايدۇ. مەشرەپكە ئەزا بولۇش، تەشكىلى تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولىدۇ.

دولان مەشرەپلىرىدە بولسا، دىراماتىك خارەكتىرىنى ئالغان ھەر خىل كۈلكۈلۈك ئويۇنلار ئوينىلىدۇ. شەرقى تۈركىستانىنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان "قېيت مەشرىپى" (قېيت) نىڭ بىرىدە دائىرىسى تارراق بولسا، يەنە بىرىدە توي ـ تۈكۈنلەردە قىزنى كۈچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن توي ئاخشىمىدىن تارتىپ ئەتىسى كېچىگىچە ئۆتكۈزىلىدۇ. توي مەشرەپلىرىگە بېغىشلانغان بۇ

مەشرەپلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول بولۇپ، بىر ـ ئىككى يۈزدەك تۈرى بولغان يىگىت ۋە قىزنىڭ تەڭتۇش دوستلىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ.

ئەمدى ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن تاكى كېلەر يىلنىڭ ئەتىيازىغىچە داۋاملىشىدىغان قەدىمدىن ئەنئەنە بولۇپ قالغان "مايسا مەشرىپى" قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ قۇمۇلدا "كۆك مەشرىپى" دەپ ئاتالسا، پىچاندا بۇرۇنقى نامى بىلەن "مىلىس مەشرىپى"، "مايسا ئويۇنى" دەپ ئاتالغان. مەيلى بۇ مەشرەپلەرنىڭ ئاتىلىشى، دائىرىسى شەكىللىرىنىڭ بەزىدە پەرقلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، مەشرەپ ھەر بىر تارىخى جەريانلارغا ماسلىشىپ شۇ دەۋر تەلىۋىگە مۇناسىپ ھالدا خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ناخشا ـ ئۇسۇل، نەغمە ـ ناۋا، شېئىر ـ بېيىت، كۈلكە ـ چاقچاق، پەندى ـ نەسىھەت، دىنى تەلىم، خەلق ئەقىل ئىدراكىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شۇڭا خەلقىمىز: "ئۇيغۇر بار يەردە مەشرەپ بار، مەشرەپ بار يەردە ئۇيغۇر بار" دەپ دانا خۇلاسەنى بىكارغا چىقارمىغان.

ئەفسۇسكى: ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننى قانۇنسىز بېسىپ ئالغان ئەجدادى ۋە ئەۋلادى يېغى دۈشمىنىمىز ـ خىتاي باسقۇنچىلىرى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ پۈتۈن بارلىقىنى تارتىۋالغانلىقىنى ئاز دەپ، بۈگۈن ئۆز ۋەتىنىمىزدە مىللى مەۋجۇتلىقىمىزنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن سىياسى، ئىجتىمائى، مەدىنىيەت،ـ تارىخ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە باشقا ساھالەردە جازا يۈرۈشىنى كۈچەيتىپ، ئىرقى قىرغىنچىلىق ھەم خىتايلاشتۇرۇش سىياستىنى جىددى يۈرگۈزمەكتە. ئەژداتلارنىڭ ئۆلمەس مىراسى بولغان مەشرەپنى كۆزىگە قادالغان مىخ كۆرۈپ، **1995** ـ يىلى غولجىدا باشلانغان ئاممىۋى مەشرەپ ھەرىكىتىگە قارشى ھىلە ـ مىكىرلىرىنى ئىشلىتىپ، ئاخىرى بۇ ئاممىۋى خەلق ھەرىكىتىنى ـ "ئۆزىمىزنىڭ مىللى مەدىنىيىتىمىز، ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىمىزنى ساقلايلى، ھاراق ئىچمەيلى، خىرويىن چەكمەيلى، بىزمۇ ئىنسانچە ياشايلى" دېگەنلىرى ئۈچۈن قانلىق باستۇردى ھەم قانلىق باستۇرۇشنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى خوددى ئوغرىنىڭ ژۈرىگى پوك پوك دېگەندەك **4** ئۇيغۇرنىڭ بىر يەرگە كېلىشىدىن ئۆلگىدەك قورقۇپ، خەلقنىڭ ئادەتتىكى

يىغىلىشلىرىنى چەكلەۋاتىدۇ. دىنى مەكتەپ - مەسچىتلىرىمىزنى تاقاۋاتىدۇ. دىنى ئۆلىما ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى، ياشلىرىمىزنى قارا قويۇق قولغا ئېلىپ، قانلىق زىندانلارغا تاشلاپ، قىرىۋاتىدۇ - ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ.

مۇشۇنداق ۋەتىنىمىزنىڭ مۇنقەرىز، خەلقىمىز قوللۇق ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ، بىلىپ تۇرغان يىراق ئاۋستىرالىيەدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار 1996 - يىلى باھاردا ۋەتىنىمىزدە باشلانغان باھار ئىنقىلاۋى ۋە 1997 - يىل 4- 5- فىۋراللاردا غۇلجىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىراتىدا غۇلجا شەھىرىدە ۋەتەنپەرۋەر ياشلىرىمىز قوزغىغان ئىلى مەشرىپىنى ئاۋستىرالىيەدە قانات يايدۇرۇپ، ئىلى ياشلىرىنىڭ ئىنقىلاۋى ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاۋستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمىيىتىنىڭ تەشكىللىشى، ياشلىرىمىزنىڭ غەيرىتى بىلەن خەلقىمىز كۆپرەك جايلاشقان ئادېلايدې شەھىرىدە، ئۇندىن كېيىن سىدنېي شەھەرلىرىدە "ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى" نى تەشكىللەش ئىشىگە كىرىشىپ، رەسمەن ھەر ئايدا بىر قېتىم ئاينىڭ ئاخىرقى شەنبىسىدە دەۋر قىلىپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان مەشرەپنى باشلىدۇق. ئىلى مەشرەپنى يىراق ئاۋستىرالىيەدە ئۆزىمىزنىڭ نوپۇسىمىزنىڭ ئازلىغى جايلاشقان ئورۇنلىرىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن يىراق چېچىلىپ كەتكەنلىگىمىز، ھەر قايسىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالاھىدە ئەھۋاللىرىمىزغا ئاساسەن، مەشرىپىمىزنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ۋە شەكلىنى ساقلاپ، ئۇنى ھازىرقى شەرقى تۈركىستان داۋاسى تەقەززا قىلىۋاتقان مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتۇق. 1997 - يىلى 30- ئاغۇست 34 نەپەر مەشرەپ ئەھلىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن مۇنتىزىم، كۈچلۈك ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان ياشلار مەشرىپى نىزامنامىسى تەستىقلىنىپ، مەشرەپ يىتەكچى گۇرۇپپىسىغا قازى، يىگىت بېشى، مۇفتى، پەششاپ، كۆل بىگلەر سايلاندى.

مەشرەپ نىزامنامىسىدە مەشرەپ ھەققىدە: مەشرەپ ئاۋستىرالىيەدىكى بارلىق ۋەتەنداشلار ئىچىدە ئىلىپ بېرىلىپ، ئۆز - ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئەجداتلار ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، بىلەن بىرگە، مەنىۋى ھاياتىمىزنى جانلاندۇرۇپ، ئاۋستىرالىيەدىكى مىللى مەۋجۇتلىغىمىزنى ساقلاش ۋە ھازىرقى خىتاي باسقۇنچىلىرى دەپسەندە قىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى دەۋاسىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەن خەلقىمىزگە

ماددى، مەنىۋى ياردەمدە بولۇش" دەپ يېزىلغان. بۇنىدىن باشقا، مەشرەپنىڭ ئەرتىسى مەشرەپ ئەھلىنىڭ ۋەزىپىسى، مەشرەپ يىتەكچى گورۇپپىسىنىڭ ۋەزىپىسى، قارى مۇفتى، يىگىت بېشى ۋە پاششاپ ۋە كۆل بىگىلەرنىڭ ۋەزىپىسى دىگەنلەر، مەشرە نىزامنامىسىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىدە مەشرەپكە دائىر قائىدە — تۈزۈملە ھەرقايسى دائىرىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىنىق مۇقىملاشتۇرۇلغان. بۇ ھازىرچە سائەتلىك مەشرەپتە مەشرەپنىڭ باشلانغانلىغى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ۋەتە ھەققىدىكى خەۋەرلەر، جامائىتىمىز ئىچىدىكى مەسىلىلەر، ئەڭ ياخشى كىتاپلاردىن برەر ئاپزاس ئوقۇلىدۇ. (مەسىلەن: *ئادىلايدېدا* "مەمتىلى تەۋفىق ئەپەندى" كىتاۋى ئوقۇلسا، *سىدنېيدا* ئەزىمەتنىڭ "مۇستەقىللىق كۆرىشى" ئوقۇلغانغا ئوخشاش) قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن قىسقىچە تەبلىغ ئېلىپ بېرىلىدۇ. گۈلچاينىڭ ئايلىنىشى بىلەن ئۆز — *ئارا* دوستلۇق — ئىتتىپاقلىق، ۋەتەن، مىللەت ھەققىدىكى بېيىت — شېئىر، يۇمۇر - لېتىپىلەر ئېيتىلىدۇ. ئارىلاپ نەغمە — ناۋا، مىللى ئۇسۇل، مەشرەپ ئويۇنلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. *ئاخىرىدا* مەشرەپ ئەھلىنىڭ 2 مەشرەپ ئارىلىغىدا يۈزبەرگەن يىتەرسىزلىك — نوقسانلىرى بىتەرەپ قىلىنىپ، ھەر خىل ئەھۋاللارغا قارىتا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ماددى ۋە مەنىۋى جەرىمانە ۋە چارىلار بىرىلىپ، كېيىنكى مەشرەپنى ئالغۇچىلارنىڭ رەسمىيىتى ئوقۇلۇپ، مەشرەپ ئاخىرلاشقانلىغى جاكارلىنىدۇ.

*ئادېلايدېدا* ئىككى، *سىدنېيدا* بىر يىلغا يېقىن ئۆتكۈزگەن مەشرەپلەردىن ئالغان تەجرىبە — ساۋاقلىرىمىز شۇكى:

1- مەشرەپ تارىختىن بۇيان مىللى مەۋجۇتلىغىمىزنى ساقلاش ۋە مىللىتىمىزنى تەربىيەلەشتە، ئۇنىڭ ئەدەپ — ئەخلاقىنى داۋاملاشتۇرۇشتا مەكتەپلىك رولىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز بەزى ئادەملەردىكى تەربىيەسىزلىكلەرنى كۆرگەندە ئۇمۇمىلاشتۇرۇپ "مەشرەپ كۆرمىگەن" دىگەن ئەقىلانە ھۆكۈمنى چىقارغىنى بېجىز ئەمەس. مەشرەپ مىللىتىمىزنىڭ تەربىيەۋى مەكتۇۋى، ئۇ مىللىتىمىزنىڭ مىللى مەنپەئەتىگە ئىنتاين فايدىلىق، بۇنى تارىخ، ئەمىلىيەت ئىسپاتلاپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەدە، قاچان، قانچىلىك ئادىمىمىز بولۇشتىن قەتئى نەزەر، ئۇنى دەرھال باشلاپ، قەتئى داۋاملاشتۇرىشىمىز كېرەك.

2- مەشرەپتە مىللىتىمىزنىڭ مىللى مەدەنىيىتى، تارىخى، دىن، ئۆرپ – ئادەت، گۈزەل ئەدەپ – ئەخلاقىمىزنى، ئەڭ مۇھىمى قېرىنداشلىق ئىتتىپاقىمىزنى ساقلاپ ئۇنى مۇستەھكەملەيدىغان ئاجايىپ قىممەتلىك خۇسۇسىيەتلەر بولغىنى ئۈچۈن، كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى مەشرەپنى چەكلىدى. ئۇنىڭ قاتناشچىلىرىنى قاتتىق باستۇرۇۋاتىدۇ. "جىنىڭ قەستى شاپتۇلدا" دەپ خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاساسى مەقسىتى، مىللى روھىمىزنى ئۇجۇقتۇرۇپ ھەر - بىر شەرقى تۈركىستانلىقنى ۋەتىنى مەڭگۈ قۇل بولغان، ئىتائەتچان قۇللارغا ئايلاندۇرۇش. بۇ مەسىلە بۈگۈن مىللەتنىڭ ھايات – ماماتىغا تاقىلىپ تۇرغان ۋاقىتتا، مەشرەپ ناملىق بۇ روھى بايلىغىمىزنى قەتئى ساقلاپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

3- بولۇپمۇ خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكچىلىك زۇلمى ئاستىدا چەتئەللەرگە تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن شەرقى تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ۋەتەنسىزلىك، چەتئەلدىكى مۇساپىرچىلىق- سەرگەردانلىق ھايات جېنىمىزغا قاتتىق پېتىۋاتقان شۇ ئاي – شۇ كۈنلەردە ئاز بولسىمۇ 5- 10 ۋەتەنداشلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ، ئايدا بولسىمۇ بىر قېتىم دىدارلىشىپ، قېرىنداشلىق ئىتتىپاقىمىزنى كۈچەيتىپ، مىڭ يىللاردىن بىرى ۋەتىنىمىز تۇپرىغىدا ئېچىلىپ يايراپ، كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرىنىڭ تومۇر تاپىنىدا يەنچىلىۋاتقان مەشرەپ ناملىق مەڭگۈ سولماس گۈلىمىزنى ئەسلەش، ئۇنى قايتا جانلاندۇرۇش، روھىمىزغا يېڭىدىن ئوزۇق، جىسمىمىزغا قايتىدىن كۈچ – قۇۋۋەت بېرىپ، ئىمان ۋە ۋىجدانىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ.

4- بىز – ئاۋسترالىيەدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار مەشرەپنىڭ يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان خاسىيەتلىك روھى ئوزۇغى ۋە جىسمىمىزغا بەرگەن كۈچ – قۇۋۋەت نىمەتلىرىدىن دەسلەپكى قەدەمدە بەھرىمەند بولدۇق. شۇڭا، بۇ نېمەتتىن ۋەتەننىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ تەڭ – شېرىك بەھرىمەند بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھازىر يۇرىۋاتقان يەرلىرىدە ئەجداتلارنىڭ مىراسى بولغان مەشرەپنىڭ نۇرلۇق چىرىغىنى يېقىپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمەن...

1998- يىلى، 30 – ئىيۇن. لىۋېرپۇل – سىدنېي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دۈشمەنندە رەھىم، دوستتا ۋاپا يوق، ئەمدى بىز نىمە قىلىشىمىز كېرەك؟

(قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان سىياسى مۇلاھىزە)

"دوست، بىپەرۋا، پەلەك بىغەم، دەۋران سكۈت،
دەردى كۆپ، ھەمدەردى يوق، دۈشمەن قەبىھ، تالىھ زەبۇن." - فۇزۇلى

قازاقىستان ھۆكۈمىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ۋە خەلقئاردىكى شەرقى
تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ قاتتىق ئەيىپلەشلىرىگە قارىماي، **99** – يىلى **11**
فېۋرال خىتايدىن قېچىپ چىقىپ سىياسى پاناھلىق تەلەپ قىلغان، خەمىت مۇھەممەت
قاسىم مەخپىر، ئىلىياس زوردۇن قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتاي
ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ياشلارنى تاپشۇرۇپ
ئېلىپلا دەرھال ئۆلارنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. بۇ گۇناھسىز ئۈچ
ۋەتەندىشىمىزنىڭ تۆكۈلگەن مۇبارەك قانلىرى تېخى سوۋۇماستىن ۋە بۇنىڭدىن
خەۋىرى بولغان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ كۆزلىرىدىن
ئاققان غەزەپلىك قانلىق ياشلىرى قۇرۇماستىن، ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا
يەنە قازاقىستان ھۆكۈمىتىدىن سىياسى باشپاناھلىق تىلەپ قىلىۋاتقان، ھازىر
قازاقىستان خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى تۈرمىسىدا تۇتۇپ تۇرىلىۋاتقان **10** غا
يېقىن شەرقى تۈركىستانلىق قېرىنداشىمىزنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى يەنە خىتاي
ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ.

قازاق ھۆكۈمىتىنىڭ قېرىنداشلىق ئەھدىنى ئاياق – ئاستى قىلىپ، يامانغ
يانتاياق بولۇپ قىلىۋاتقان بۇ ياۋۇزلىقىغا قارىتا خەلقىمىزنىڭ دەرت – ئەلىمىنى
ئىچىگە يۇتۇپ، چىشىنى چىشلەشتىن باشقا ئامال يوق. لېكىن بىز چەتئەللەرد
ياشاۋاتقانلار، بولۇپمۇ ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان **1000** غا يېقىن شەرقى
تۈركىستانلىقلار بىرىنچىدىن كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرىنىڭ ئۇيۇرلار ئۇستىدى

يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ ئېغىر قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىپلىسەك، ئىككىنچىدىن، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تېررورلۇق سىياسىتىگە يانتاياق بولىۋاتقان قازاقىستان نەزەر بايېۋ ھۆكۈمىتىنىڭ، قازاقىستانغا سىياسىي باش پاناھلىق تەلەپ قىلىپ چىققان ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تۇتۇپ بېرىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئورتاق بولىۋاتقانلىق قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىپلەيمىز ھەم لەنەتلەيمىز.

قازاق ھۆكۈمىتى بېيجىڭغا بولغان غالچىلىقىنىڭ سەمىمى ساداقىتىنى گۇناھسىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پاك قانلىرى بەدىلىگە ئىسپاتلىماقچى بولىۋاتىدۇ.

**1991** – يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەر قاتارىدا قازاقىستانمۇ مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. بۇ بىر تارىخى ۋەقە ئىدى، قازاقىستاننىڭ مىللى مۇستەقىللىقىدىن ئۇنىڭغا چېگرداش ھەم قېرىنداش بولغان ئۇيغۇر خەلقىمۇ ھەقىقى شاتلىق تەنتەنىسىگە چۆمدى. دۆلەت مۇستەقىل بولۇپ **8** يىلدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان رېئال ئەھۋاللار، قازاقىستان دۆلىتىنىڭ ئىچكى – تاشقى سىياسىتىدە كۆپلىگەن ساغلام بولمىغان ئامىللارنىڭ يەنىلا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خىتاي بىلەن بولغان تاشقى سىياسىتىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلار، قازاقىستاننىڭ بۈگۈنكى مۇستەقىل، دېموكراتىك، پاراۋان دۆلەت بولۇپ تۇرىشىغا تەسىر قىلىپ قالماي، كېلەچەكتىكى قازاقىستاننىڭ مۇستەقىل، ئەركىن، باياشات مەملىكەت بولۇپ تۇرىشىغا تەھدىت كەلتۈردىغان بالايى – ئاپەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ قويىدى. بولۇپمۇ قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ **1996** – يىلى، **24- 26-** ئاپرىللاردا خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن شاڭخەي بايانامىسى، بىر قاتار چېگرا كېلىشىملىرى ۋە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئاتالمىش "تېررورىست" لارنى بىرلىكتە بىرتەرەپ قىلىشنى كۆزدە تۇتقان كېلىشىم – ھۆججەتلىرىدىن كېيىن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدىدا سىياسى، ئىقتىسادى تەرەپلەردىن بېقىندىلىق ھالغا چۈشۈپ، بېيجىڭنىڭ قوماندا تايىقىغا بوي سۇنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ بېقىندىلىق سىياسىتىنىڭ كېلچەكتىكى ئاقىۋەتلىرى تېخمۇ خەتەرلىك. بۇ ئەھۋاللار، ئۇنىڭغا خوشنا بولغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس.، بولۇپمۇ سېرىق ئەجدىھانىڭ بىۋاستە تەھدىدى ئالدىدا تۇرغان قازاق خەلقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئۈچۈن

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى

ئىنتايىن خەۋپلىكتۇر. كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا قارىدىغان هازىرقى قازا
هۆكۈمىتى بۇنى چۈشەنمەيدۇ ھەم چۈشۈنۈشنىمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى
ئۆتمۈشتىكى ۋە هازىرقى خىتاي ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ باسقۇنچىلى
سىياسەتلىرىنى ۋە زۇلۇملىرىنى 200 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتىن بۇيان تارتقا
ئۇيغۇر خەلقىدەك تېتىپ يەتكىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيا
ئوتتۇرا ئاسىياغا يامان نىيەت بىلەن خىرىس قىلىپ كەلگەن خىتاي باسقۇنچىلىرىغ
دەرۋازىلىرىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، قاراقچىنى ئۆيگە باشلاپ قويۇپ، ئوڭدىسىغا يېتىپ
چۈشەكەپ ئۇخلاۋاتىدۇ. كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت
بىلىپ، قازاقىستاننى سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنىيەت، ئاڭ ـ پىكىر
تەرەپتىن ئۆمۈچۈك تورىدا چىرماپ بېقىندى هالغا چۈشۈرۈپ قويدى. خىتاي
دائىرىلىرى بىر مىللى ۋەزىپە سۈپىتىدە، 50 يىلدا ئوتتۇرا ئاسىيانى، 100 يىلدا
شەرقى ياۋروپانى ئۆزلەشتۈرۈش پىلانىنى قەدەم باسقۇچلۇق هالدا ئەمەلگە
ئاشۇرىۋاتىدۇ.

مەن يۇقىرىدا ئەيىپلىگەنلىرىمنىڭ هەممىسىدە پەقەتلا قازاق هۆكۈمىتىنى كۆزدە
تۇتتۇم. ئەگەر قازاق هۆكۈمىتىدە هەقىقى دېموكراتىيە، كەڭچىلىك، باراۋەرلىك
بولغان بولسا ئىدى، خىتايغا بولغان خۇشامەتچىلىك دىپلوماتىيەسى بىلەن،
قازاقىستاندىن باشپانالىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى خىتاي
جاللاتلىرىغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگەن بولاتتى. مۇشۇ ئەھۋالدا قازاقىستان يەنە
قايسى يۈزى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىن دوستى بولالىسۇن؟

ئەمدى نىمە قىلساق بولار؟ بىز ئۆزىمىز ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز ـ ئارا سەمىمى
ئىتتىپاقلىشىپ، مۇجادىلە سېپىمىزنى مۇستەھكەملەيلى. ئىقتىسادى ئورنىمىزنى
ياخشىلاشقا تىرىشايلى. ئىتتىپاقلىششقا ۋە هەمكارلىششقا بولىدىغان بارلىق
كۈچلەردىن پايدىلىنايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىش، بەدەل تۆلەشتىن قاچماي،
جىددى هەرىكەتكە كېلىپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، تۈرك
دۇنياسىدىكى، ئىسلام دۆلەت ـ لىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا، ئامېرىكا ۋە
ياۋروپانى گەۋدە قىلغان هۆر دۇنيا مەملىكەتلىرىگە ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرىگە
تېزراق ئاڭلىتىش ئۈچۈن جىددى هەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. مېنىڭ بۇ هەقتىكى
قاراشلىرىم تۆۋەندىكىچە.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بۇ مەسىلىگە تېخىمۇ جىددى قاراپ، قازاق خەلقىگە ، بولۇپمۇ قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قازاق خەلقىنىڭ قېرىنداشلىق تارىخىنى ھارماي ــتالماي تەشۋىق قىلىپ ۋە چۈشەندۈرۈشى، خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە تۇتقان مۇستەملىكىچىلىك غەرەزلىرىنى ئۇلارغا ئاڭلىتىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى، ۋاكالەتخانىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىشى كېرەك.

ئەگەر قازاق ھۆكۈمىتى بىزنىڭ قېرىنداشلارچە سىلىق مۇئامىلىلىرىمىزنى توغرا چۈشەنمەي، بۇنى ئاجىزلىق، ئىقتىدارسىزلىق دەپ قارىسا، تېخىمۇ قاتتىق ۋە جىددى چارە ــ تەدبىرلەرنىمۇقوللىنىشقا ئۆتۈش كېرەك.

ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان، خەلقئارلىق قانۇنلارنى بۇزغان بۇ جىنايەتلىرىنى ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان مەملىكەتلەردىكى ھۆكۈمەت، مۇناسىۋەتلىك تەشكىلات، شەخسلەرگە ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ يالاقچىسى قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە بولغان بېسىمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قانۇنسىز جىنايەتلىرىنى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنى ئاساس قىلغان دۇنيادىكى ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى قوللايدىغان خەلقئار تەشكىلاتلارغا ۋاقتى ــ ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تورىشى ۋە ئۇلاردىن ئەمىلى چارە قوللىنىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئامېركا باشچىلىقىدىكى ھۆر دۇنيا مەملىكەتلىرىگە خىتاي ۋە قازاق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاڭلىتىپ، ئۇلاردىن ئەمىلى ياردەم تەلەپ قىلىش كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئامېرىكا، ئەنگىلىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە، ياپونىيە ۋە ئاۋستىرالىيەدە ياشىۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئالاھىدە ۋەزىپىسى بار. بۇنى ئۇلار چۈشۈنىشى كېرەك.

نۆۋەتتە خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ "شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ بۇ مەسىلىدە كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقى ۋە

پائالىيەتلىرى تازا يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. ئاۋستراللىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيەتى
شۇ مىللى مەركەزىنىڭ قۇرغۇچى بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مىللى مەركەزىنىڭ
تەرەپتىكى پائالىيەتلىرىنى يەنىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، ئۇلۇم گىرداۋىدا قالغ
قېرىنداشلىرىمىزنى تېزدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دۇنيا مىقياسىدا يېڭىدىن كە
كۆلەملىك ھەرىكەتكە ئاتلىنىشنى ئۈمىت قىلىدۇ.

1999- يىلى، 6- ئاي. ئاۋستراللىيە ـ سىيدنېي

# ئاۋستراليە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ
# خىزمەت دوكلادى

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكىلىرىدىن بىرى - شەرقى تۈركىستان (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى)دا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى تۈپەيلى شەرقى تۈركىستانلىقلار 50 – يىللاردىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ ھەر خىل يوللار بىلەن ئەتراپتىكى قوشنا مەملىكەتلەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى. يەنا شۇ سىياسەت تۈپەيلى 1970 – يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، بىر قىسىم ئۇيغۇر، ئۆزبەك، تاتار، قىرغىز ئائىلىلىرى ئاۋستراليەگە كېلىپ ئادېلايدې، سىدنېي ۋە مېلبورنلارغا ئورۇنلىشىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ 1985 – يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئاۋستراليەگە كەلگەن شەرقى تۈركىستانلىقلار سانى ھەسسىلەپ كۆپەيدى.

هازىر ئادېلايدېدا 100 ئائىلە 700 جان، مېلبورندا 37 ئائىلە 125 جان سىدنېيدا 15 ئائىلە 50 جان ئاۋستراليەدە جەمى 1000 غا يېقىن شەرقى تۈركىستانلىقلار ياشايدۇ.

ئاۋستراليەدىكى باشلانغان يېڭى ھايات شارائىتىمىزدا ھەممىنى باشتىن باشلاشقا توغرى كەلدى. ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەرگە دۇچار بولدۇق. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدە مىللى مەۋجۇتلىغىمىزنى ساقلاپ، ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننى ئاۋستراليە ۋە دۇنياغا تونۇتۇشنىڭ جىددى، زور مەسىلە ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر ھىس قىلدۇق. مانا مۇشۇنداق زەرۇرىيەت ئىزگۈ مەخسەتلەرنى ئاساس قىلىپ، ئاۋستراليەدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ بىرلىشىشىدا 1992 – يىلى 25 – ئاپرىلدا ئادېلايدېدا ئاۋستراليە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى رەسمى قۇرۇلدى. جەمئىيىتىمىزنىڭ 2- قۇرۇلتايى1994 – يىلى 1- مايدا ئادېلايدېدا ئۆتكۈزۈلدى.

1998 – يىلى 1- نايابىردا جەمئىيىتىمىزنىڭ 3- قۇرۇلتايى ئادېلايدېدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئېھتىياجلىرىغا ماسلىشىپ، پۈتۈن پائالىيەتلىرىمىزنى شەرقى تۈركىستان ئاتلىق نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن جەمئىيەت نامىنى ئاۋستراليە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىگە ...پ، جەمئىيەت نىزامنامىسىگە شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىگە دائىر مۇھىم مەزمۇنلار كىرگۈزۈلدى.

جەمئىيەتنىڭ شۆبىلىرى 1997- يىل مارتتا سىدنېي ۋە مېلبورن شەھەرلىرىدە قۇرۇلغان بولۇپ، 1999- يىلى فېۋرالدا سىدنېيدىكى شەرقى تۈركىستان شۆبە جەمئىيىتىنىڭ 2- قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلۈپ، يېڭى رەھبەرلىك ئىدارىسى مەيدانغا كەلدى. سىدنېي شۆبە جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

جەمئىيىتىمىز ئاساسى قانۇندا كۆرسىتىلگەن مەخسەتلىرىگە ئاساسەن، 92- يىلى ئاپرىلدىن — 99- يىلى ئىيۇنغا قەدەر تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى:

1. سىياسى ۋە تەشۋىقات — تەرغىبات.

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش پرىنسىپلىرىنى ئىنتايىن قاتتىق ئاياق ئاستى قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن جەمئىيىتىمىز مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

(1) شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئاساسى مەزمۇن قىلغان "ATA News" (ئاۋستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى خەۋەرلىرى) نامىدا جەمئىيىتىمىز 94- يىلدىن — 96- يىلغا قەدەر ئېنگلىز تىلىدا 18 سان 600 نۇسخە خەۋەر نامە چىقىرىپ، ئاۋستىرالىيە خەلقئارادىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تارقاتتى.

(2) بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى زۇلمى، ئاتوم سىناقلىرىغا قارشى ئادېلايدې، سىدنېي ۋە كانبىررالاردا 2000 دىن ئوشۇق كىشىنىڭ قاتنىششىدا 6 قېتىملىق چوڭ نامايىشلار ئۆتكۈزۈلدى. تەبىئىكى، بۇ نامايىشلاردا تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ رولى ئالاھىدە بولدى. بۇ نامايىشلارغا ھەر دەرىجىلىك پارلامېنت، پارتىيە، گۇرۇھ تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. ئاۋستىرالىيە دېموكراتلىرىنىڭ رەئىسى، John Coulter، جەنۇبى ئاۋستىرالىيە پارلامېنتى لىبېرال پارلامېنت ئەزالىرىدىن Sam Bass،Julie Greig، لايبۇر پارلامېنت ئەزالىرىدىن Terry Reberts ھەم Marray Delaine، دېموكراتلاردىن Saudr Kankلەر قاتناشتى. بۇ نامايىشلار TV، رادىئو گېزىتلەردە كۆرسىتىلىپ ئېلان قىلىندى.

(3) SBS ئەركىن مۇخبىرى Elizabeth Tadic ئىشلىگەن، جەمئىيىتىمىز يادەمدە بولغان "Torbeddin Province" ناملىق شەرقى تۈركىستان ھەققىدىكى 20 مىنۇتلۇق پروگراممىا 97-يىلى 1-2- نويابىرلاردا SBS تا كۆرسىتىلدى.

(4) جەمئىيىتىمىز تىبەتلىكلەر ئۇيۇشتۇرغان كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى 2 قېتىملىق نامايىشلارغا قاتنىشىپ تىبەت جەمئىيەتلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(5) جەمئىيىتىمىز شەرقى تۈركىستان داۋاسى ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك دۆلەت، تەشكىلاتلار ھەم كومپىتتلارغا 20,000 بەتتىن ئوشۇق خەۋەر ـ ماتېرىياللار تارقاتتى 10 قېتىمدىن 1000 كىشى قاتناشقان مەخسۇس شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى مەزمۇن قىلغان خاتىرىلەش يىغىنى (مەجلىس) ئۆتكۈزدى.

(6) جەمئىيىتىمىز "يېڭى ھايات" "بىرلىك" "شەرقى تۈركىستان خەۋەر نامىسى" ئىنفورماتسىيە مەركىزى ھەم شەرقى تۈركىستاندا قىيچىلىقتا قالغان قېرىنداشلىرىمىزغا 10,000$ دىن ئوشۇق ياردەم قىلدى.

(7) جەمئىيىتىمىز ئاۋغانىستان، بوسنىيە ھەم چېچەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنى قوللاش پائالىيەتلىرگە قاتنىشىپ، چېچەنلىكلەرگە ماددى ياردەمدە بولدى.

2. مەدىنى ـ مائارىپ

جەمئىيىتىمىز 7 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تىلى مەكتىۋىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر مەكتەپتە 40 نەپەر بالا ئوقۇيدۇ. مىللى مەكتىۋىمىز 5 قېتىم مىللى مەكتەپلەر پارادىغا قاتنىشىپ، 3 قېتىم سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسەتتى. 3 قېتىم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ سەنئەت كېچىلىرىگە قاتنىشىپ، ناخشا ـ ئۇسۇل نومۇرلىرى كۆرسىتىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا تىل ئۆگىتىش بىلەن بىرگە دىنى تەلىم، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى 5 قېتىم باغ سەيلىسى، ساياھەت، كەمپلەر (لاگېرلار) غا ئۇيۇشتۇردۇق.

جەمئىيىتىمىز خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى فولكلور، مەدەنىيەت مەشغۇلاتى بولغان "مەشرەپنى" ئاۋستراليىدە باشلىغىلى 2 يىل بولدى، ھازىر ئادېلايدى ھەم سىدنېيلاردا ھەر ئاينىڭ ئاخىرقى شەنبى كۈنى نۆۋەت بىلەن دەۋرى قىلىدىغان مەشرەپ توختىماي داۋاملىشىۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

### 3. ئىچكى ــ تاشقى مۇناسىۋەتلەر

جەمئىيىتىمىز ئاۋستراليەنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىدارە، تەشكىلات، مىللىي كومپېتنتلىرى ھەم قېرىنداش تەشكىلاتلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۆز ــ ئار ئىنفورماتسىيەلەر (فىكىر وە مەلۇمات) ئالماشتۇرۇپ، ئۆز ــ ئارا ھەمكارلىشىۋاتىدۇ.

شەرقى تۈركىستان داۋاسى ھەققىدە ئاۋستراليە ھۆكۈمىتى ئاۋستراليە ۋە خەلقئاردىكى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلار، دۆلەتلەرگە 20 پارچىدىن ئوشۇق خەتلەر يېزىپ، خىتاي كوممۇنىست باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇملىرى پاش قىلىنىپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئاڭلىتىلدى. 95- يىلى سىنتەبىرنىڭ ئاخىرى ئاۋستراليە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گاررىئېس ئىۋانىسقا يازغان خېتىمىز ئاۋستراليە دېموكراتلارنىڭ باشلىغى John Coulter تەرىپىدىن ئاۋستراليە سىناتىدا رەسمەن ئوقۇلۇپ، ئەنگە ئېلىندى.

جەمئىيىتىمىزنىڭ رەھبىرى 1- قېتىملىق خەلقئار شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتايى، 2- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان مەدىنىيەت ۋە تارىخ سىمفئوزىمى، 2- قېتىملىق خەلقئار ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتايلىرىغا رەسمەن تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ تۈركىيە، سەئۇدى ئەربىستان، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، گېرمانىيە، ئامېرىكا، مىسىر قاتارلىق جايلاردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا كۆرۈشۈپ، ئورتاق مىللى مەركەز قۇرۇش مەسىلىسىدە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

جەمئىيىتىمز رەھبىرى 6- قېتىملىق خەلقئار تۈرك دۆلەت ۋە جامائەتچىلىكلىرى قۇرۇلتايى ۋە قەيسەرىدىكى ئېرجېست قۇرۇلتايلىرىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى يىغىنلاردا سۆزگە چىقىپ ئاڭلاتتى.

جەمئىيىتىمىز خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزىنى تەسىس قىلغۇچى تەشكىلاتلاردىن ھىساپلىنىپ، شەرقى تۈركىستان مىللى مەكىزىگە ئەزا تەشكىلات جەمئىيىتىمىزنىڭ رەھبىرى شۇ مىللى مەركەزنىڭ مەركەزىي كومىتېت ئەزاسى ھىساپلىنىدۇ. جەمئىيىتىمىز خەلقئاردىكى 36 شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ھەم شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىيە مەركىزى ھەم ھۆر ئاسيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇرچە بۆلۈمى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

4. سىياسى باشپانالىق تەلەپ قىلغۇچىلار (سىياسى قاچاقلار) مەسىلىسى

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈگۈزىۋاتقان ئاسىملاتسىيە ھەم ئىرقى قىرىنچىلىقنى ئاساس قىلغان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى تۈپەيلى چەتئەللەرگە خەر خىل يوللار بىلەن چىقىۋاتقان سىياسى قاچاقلارنىڭ سانى يىل ساين ئېشىشقا باشلىدى. بۇنداق قاچاقلار 1997 – يىلىدىن باشلاپ ئاۋستراليەگىمۇ كېلىشكە باشلىدى. جەمئىيىتىمىزبۇ يىڭى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاۋستراليە نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، 5 ئۇيغۇرنىڭ ئاۋستراليەدە مۇھاجىر بولۇپ قېلىشىغا ياردەملەشتى.

5. باشقا مەسىلىلەر

جەمئىيىتىمىز ياشلار، ئاياللار خىزمىتىنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ياشلارنى سپورت، كۆڭۈل ئېچىش، پىكنىكلەرگە ئۇيۇشتۇرۇش، ئاياللارنى ھەر خىل مەزمۇندىكى لىكسىيە، سوھبەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

جەمئىيىتىمىز پىنسىيەدىكى، ئاغرىقچان، قىيىنچىلىغى بار ئائىلىلەرگە قولدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. جەمئىيىتىمىز پەقەت 95- يىلىنىڭ ئىچىدە 2 قېتىم چوڭلارغا پىكنىك ئۆتكۈزۈپ بەردى. جومئىيىتىمىز ۋەكىللىرى 15 قېتىم دوختۇرخانە ۋە ئۆيلەرگە بېرىپ كىسەل يوقلىدى.

جەمئىيىتىمىز جامائەتچىلىگىمىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 93- يىلدىن 94 – يىلنىڭ ئاخىرغىچە مەسچىت ئېلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ 18,000$ ۋاندانامە مەسچىتنى ئېلىشقا نەق پۇل ياردەم قىلدى. 2,000$ لىق مەسچىت ۋە مەكتەپ بىناسى ئۈچۈن ئەسلىھەلەر ئالدى. جەمى 20,000$ دولار ياردەم بەرددى.

جەمئىيىتىمىز 7 يىلدىن بۇيان ئادىلايدې سىيدنېيلاردا 25 قېتىملىق يېڭى يىل، روزا ھېيت، قوربان ھېيت، نەۋرىز بايراملىرى، جەمئىيىتىمىز پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك 25 قېتىم خاتىرىلەش، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ باردى. بۇپائالىيەتلەرگە 5,000 دىن ئوشۇق كىشى قاتناشتى.

93- يىل 26- ئاپرىلدا جەمئىيىتىمىز بىر يىللىق خاتىرىسىنى خولدىن خېلىل كومىتېتى زالىدا ئاتكۈزدى. بۇ 300 كىشى قاتناشقان ھەيۋەتلىك زىياپەتتە جەنۇبى ئاۋستراليە ھۆكۈمىتى سابىق پىرىمىرى، پارلامېنت ئەزاسى جون بانون مىللى ئىشلار كومىتېتى، ئىنفىيلد شەھەر باشلىغى، جەنۇبى ئاستراليە ئىسلام

جەمئىيىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. سابىق پىر
جون بانۇن ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتىگە قىلغان 1000$
چەكنى جەمئىيەت رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردىگە تاپشۇردى. خاتىرە كېچە
ئىنتايىن كۆڭۈللۈك، دوستلۇق ۋەزىيىتىدە ئۆتتى. مېھمانلىرىمىز مىزىلىك، خىلمۇ
خىل تۈركىستان تائاملىرىدىن بەھرىمەند بولۇپ، تۈركىستان مىللى مەك
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىدا كارسۇتۇلگەن ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە ناخ
ئۇسسۇللاردىن ھوزۇرلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېقىندىن مۇستەقىللىق ئالغان ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەت
"ۋەتەن" جەمئىيىتى تاشقى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بارى ئادىل بايىۋنا
قاتنىششى زىياپەتىمىزگە يېقىنچە مەزمۇن قوشتى.

1999 – يىلى، 23 – ئىيۇل، لىۋېرپۇل – سىدنېي

# شەرقى تۈركىستانلىقلار ئاۋستراليەدە

تونۇتۇرۇش

• شەرقى تۈركىستان ــ (ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) قەلبى ئاسياغا جايلاشقان، ئۇ شەرقى شىمالدا مونغولىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى، شىمالدا رۇسىيە فىدراتسىيىسى، غەربى شىمالدا قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، غەرپتە ئاۋغانىستان، غەربى جەنۇپتا پاكىستان ھەم ھىندىستان، شەرقتە خىتاي بىلەن چېگرالىنىدۇ.

• شەرقى تۈركىستانىنىڭ يەر مەيدانى1,824,218 چاسا كىلومېتىر بولۇپ، خىتاينىڭ مۇستەملىكىلىرى تىبەت، ئىچكى مونغۇلىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈگۈنكى خىتاي يەرمەيدانىنىڭ بەشتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاسيادىكى ئەڭ چوڭ 5 تاغنىڭ ئۈچىسى ئالتاي تاغلىرى، قاراقۇرۇم تاغلىرى (كۇئېنلۇن) ھەم تەڭرى تاغلىرى شەرقى تۈركىستانغا جايلاشقان، تەڭرى تاغلىرى مەملىكىتىمىزنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالى جەنۇبى شەرقى تۈركىستانلارغا بۆلۈپ تۇرىدۇ.

• ئۇيغۇرلار شەرقى تۈركىستانىنىڭ يەرلىك خەلقى بولۇپ، يەرلىك ئاھالىنىڭ 80% ئىنى تەشكىل قىلىدۇ. خىتاينىڭ يېقىنقى نوپۇس تەكشۈرۈشلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 8 مىليون ئەتراپىدا دەپ كۆرسىتىدۇ. شەرقى تۈركىستانىنىڭ نوپۇسى مۇنازىرەلىك مەسىلە بىزلۇپ، ھازىرغىچە ئېنىق كىشىنى قايىل قىلارلىق نوپۇس سانى يوق. مۇستەقىل مەنبەلەرگە قارىغاندا، شەرقى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ سانى 25 مىليون بولۇشى كېرەك. قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ھەم تۈركمەنىستانلاردا 1 مىليون ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. پاكىستان، ئافغانىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، ياۋرۇپا مەملىكەتلىرى، ئا ق ش، كانادا ۋە ئاۋستراليەدە 100,000 ئەتراپىدا ئۇيغۇرلار ماكان تۇتۇپ ياشاۋاتىدۇ.

• خىتاينىڭ تارىخى مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلارنى ھۇنلارنىڭ[1] بىۋاستە ئەۋلاتلىرى دەپ كۆرسەتكەن، "ئۇيغۇر" دىگەن نام خەن سۇلالىسى مىلادىتىن بۇرۇنقى 206 ــ مىلادى 220 ــ يىللار)، ۋېيى سۇلالىسى (289 ـ265)، تاڭ سۇلالىسى (906 ـ61)،

---

[1] İ. Kafes Oğlu T ürk dunyası El kitabı , ankara 1976, p. 725. Muhammed Emin Buğra Sh İstandul 1998.

www.uyghurkitap.com

ۋە سۇڭ سۇلالىسى (960 – 906) لىرىنىڭ تارىخى خاتىرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان
يۇنان، ئىران ۋە خىتاي مەنبەلىرىدە مىلادىدىن 3[2] ئەسىر ئىلگىرىلا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى
ۋە تاماق قەبىلىلىرىنى شەرق تەرەپتە سىر سىرىق دەريانىڭ غەربى قىرغىقى، غەربتە
شەرقى تۈركىستان، شەرقى شىمالدا موڭغۇلىيە داللىرىدەك پايانسىز زېمىنلاردا
ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

• ئۇيغۇرلار هۇن ئىمپىرىيەسى – (ئىرادىن بۇرۇن 220 مىلادى 386 –
يىللار)، تابغاچ (386 – 534)، كۆكتۈرك (552-580 )، ئۇيغۇر[3] ئىمپىرىيەسى (46-
840 )، قاراخانىلارسۇلالىسى (840 - 1218)، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (846 –
1397)، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (850 - 1228)، تۈرك - موڭغۇل خانلىقلىرى -
(1218 – 1759)، قەشقەرىيە (شەرقى تۈركىستان) دۆلىتى (1863- 1876)،
بىرىنجى، ئىككىنجى - (1933- 1937) ئۈچۈنجى - (1944 – 1949) شەرقى
تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرغان ۋە ئۇلاردا مۇھىم رول ئوينىغان.

• مانجۇ ئىمپىرىيىسى 1759 – يىلى شەرقى تۈركىستاننى بېسىۋالغان، بۇ
مەزگىلدە ئۇيغۇرلارمانجۇر هاكىمىيىتىگە قارشى 42 قېتىملىق چوڭ قوزغىلاڭلار
قىلىپ، 1863- يىلىدىكى ئاخىرقى قوزغىلاڭدا شەرقى تۈركىستان  تۈركىستان
خەلقى مانجۇ باسقۇنچىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتەنلىرىدىن غەلىبىلىك هالدا
قوغلاپ چىقىرىپ، پادىشا رۇسىيەسى، ئوسمان ئىمپىرىيىسى ۋە ئۇلۇغ بىرىتانىيەلەر
رەسمى ئېتىراپ قىلغان قەشقەرىيە دۆلىتىنى قۇرغان ئىدى. مانجۇ – خىتاي گېنىرالى
زو – زوڭ تاڭ قوماندانلىقىدىكى ئىنتايىن زور قوشۇن 1876 – يىلى شەرقى
تۈركىستاننى يەنە ئىشغال قىلدى. بۇ قېتىملىق ئىشغالىيەتتىن كېيىن 1884 –
يىلى، 18 – نويابىر شەرقى تۈركىستاننىڭ نامىنى خىتايچە "شىنجاڭ" (يېڭى

---

[2] Jack Cheng, Sınkıang Story , New york, 1977 .96.
[3] Collin Mackarras, The Uighur Empire , Camberra 1968. Turghun Almas Uıghurlar

تۇپراق- يېڭى مۇستەملىكە) غا ئۆزگەرتىپ، **19**- ئۆلكە سۈپىتىدە مانجۇ ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋالدى[4].

• شەرقى تۈركىستان خەلقى چەتئەل باسقۇنچىلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن داۋاملىق كۆرۈشۈپ كەلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلار قىلىپ، **1**- قېتىم **1933** – يىلى، **2**- قېتىم **1944** – يىلى غەلىبىلىك تۈردە شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرغان بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىق ئارىلىششى ھەم سىياسى سۇيىقەستلىرى سەۋەبىدىن بۇ جۇمھۇرىيەتلەر ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، دىكتاتور ماۋنىڭ جاللات قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قانۇنسىز ئىشغال قىلىندى.[5]

## ئۇيغۇر تىلى يېزىقى ۋە مەدىنىيەت تەرەققىياتى

• ئۇيغۇرلار باشقا تۈركى خەلقلەردىن بۇرۇنراق، يەر تۇتۇپ دېھقانچىلىق قىلىپ شەھەرلەردە ياشاشقا باشلىغان. ئۇلار **2**- ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا يەر ھەيداپ تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلگەن. **7** - ئەسىرلەردە بولسا ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىقتا نىسبەتەن ئىلغار ئىدى. يىراق يەرلەردىن كارىز قېزىپ، سۇ كەلتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىشتىكى كارىز ئۇيغۇرلارنىڭ كەشپىياتى. ھازىرمۇ تۇرپان ئەتراپلىرىدا دېھقانلار كارىزدىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.[6] ئۇيغۇرلار ھەرخىل زىرائەتلەر ھەم ئىقتىسادى زىرائەتلەرنى تېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىدىن چىقىپ، چەتئەللەرگە چىقىراتتى. پاختا، قاش تېشى، ئىپەكچىلىك ھەم گىلەمچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ھاياتىدا مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگەللەپ كەلگەن.

• ئىسلامىيەتكىچە ئۇيغۇرلار شامان دىنى، بۇددىزىم دىنى ۋە مانىخى دىنلىرىغا ئىشىنىپ كەلگەن.[7] مىلادى **934**- يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، **1**- قېتىم تۈرك ئىسلام دۆلىتى قۇرغان قاراخانىلار ھۆكۈمرانى سۇلتان ئابدۇلكېرىم

---

[4] Riza Nur İstanbul, 1972, p.57. Kebirov Kommunuzm Tuğu , 13.2.1973. İ. Kafes Oğlu İbid, P706 797, A. Kafes Oğlu "Eski Türki Sözlüğü" İstanbul 1968. p. 8.

[5] İ.Y.Alptekin, Op . Cit, pp. 154, 175.

[6] Denis Sinor, Op. cit. p.120.

[7] Gevin Hmley. Riza Nur

ساتوق بۇغراخان ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك خەلقل...
ئىسلامنى تارقىتىشتا چوڭ غەيرەت كۆرسەتتى. بۇ دەۋرلەردە ئونلاپ مەدر...
ئېچىلىپ، يۈزلەپ مەسچىتلەر قۇرۇلدى. 15- ئەسىردە سېلىنغان "مەسئۇ...
كۇتۇپخانىسىنىڭ ئۆزىدىلا **200,000** پارچە كىتاۋى بار ئىدى.[8]

- ئۇيغۇرلار ئەسىرلەر بويى ئۈچ خىل يېزىقنى ئورخۇن يېزىغى، (6-
ئەسىرلەردە)، ئۇيغۇر يېزىغى (8 - 9 - ئەسىرلەر)[9] دىن ئىبارەت يېزىقلارنى ئىشلىت...
ئىسلام دىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەرەپ يېزىغىنى (بولۇپمۇ 11- ئەسىرلەر...
باشلاپ ئومومى يۈزلۈك ئىشلىتىپ) هازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

- 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇلۇغ بېرىتانى...
سۋېدىن، روسىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، ئامېرىكانىڭ ئىلمى...
ئارخىلوگىيە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىپەك يوللىرى بويلا...
تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ناهايىتى كۆپ ساندا غار بۇتخانىلىر...
مۇناستىرلارنىڭ خارابىلىرى، تام رەسىملىرى، هەيكەللەر، قىممەتلىك قول يازمىلا...
كىتاپ - هۆججەتلەرنى تېپىپ ئۇلار هەققىدە تەپسىلى ئىلمى دوكلاتلار ئېلان قىلىپ...
دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاهىدە جەلپ قىلدى. بېرلىن، لوندون، پارىژ، توكيو...
پېترسبورگ هەم دېهلىلاردىكى[10] مۇزەي ۋە كۆرگەزمىلەردىكى ئەسىرى - ئەتىقىلە...
ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋرۇپالىلارغا قارىغاندا يۇقىرى سەۋىيەد...
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.[11]

- ئۇيغۇرلارنىڭ تىبابەتچىلىك، بىناكارلىقى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، مۇزىك...
ۋە مەتبۇئاتچىلىق ساهالىرىدىكى سەۋىيەسى ئالدىنقى ئورۇنلاردا تۇراتتى. مەسىلە...
ئالىملاردىن Lazlo Pasonyi ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبۇئاتچىلىقى هەققىدە
(Gutenberg) نىڭ مەتبەئەسىنى كەشىپ قىلىشتىن بىر قانچە ئەسىرلەر بۇرۇ...
ئۇيغۇرلار كىتاپنى قانداق بېسىشنى بىلەتتى،[12] دېسە، ۋولفورم ئېبېرهارد: "ئوتتۇ...

---

, İstanbul. 1969, p.452.

Owen Lattimore, Op .cit, p. 223

Lazlo Rasonyi op, cit., pp, 112  113.

ئەسرلەردىكى خىتاي شېئىرىيتى، ئەدەبىياتى، تىياترى، مۇزىكا ۋە رەسسامچىلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغان"[13] دەيدۇ.

مىڭ يىل جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسيادا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچ – قۇدرىتى، شان شۆھرەتى ۋە مەدەنىيىتى مانجۇ ئىمپىرىيەسىنىڭ ئىستىلاسى، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى دەۋرىدە مىسلىسىز چوشكۈنلۈكلەرگە ئۇچراپ خاراپلاشتى.

**ئاۋستىرالىيەگە مۇھاجىرلىق ۋە ئولتۇراقلىشىش**

- كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى **1949**- يىلىنىڭ ئاخىرى شەرقى تۈركىستاننى قانۇنسىز بېسىپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقلەرگە بۇرۇنقى خىتاي فېئودال – مىللەتپەرەستلىرى تارىختىن بۇيان شەرقى تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىرقى قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى (**1966- 1976**)، "بارىن قوزغىلىڭى" (**1990**) ھەم **4- 5**- فېۋرالدىكى (**1997**- يىلى) غولجا قانلىق ۋەقەلىرىدىن كېيىن، بېيجىڭنىڭ دۆلەت تېررور سىياستى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. نەتىجىدە، **1950**- يىلاردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقلەر سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان، پاكىستانلارغا ئۆز ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ، ھەر خىل يوللار بىلەن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى. **1970**- يىللارنىڭ ئاخىرى ئاق ئورۇس پروگراممىسىغا ئائىت روسىيەدىن كېلىپ شەرقى تۈركىستاندا ياشاۋاتقان رۇس، تاتار ۋە ئۇلارغا چېتىشلىق ئۇيغۇرلار ئائىلىلىرىمۇ جەنۇبى ئاۋستىرالىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى. بالدۇر كەلگەن ئائىلىلەر باشقىلارنى چاقىرتىش، ئۆيلىنىش ۋە ئائىلىلەرنىڭ قايتا قوشۇلۇش يوللىرى بىلەن **1985**- يىللارنىڭ ئوتتۇرالىرىدا شەرقى تۈركىستاندىن ئاۋستىرالىيەگە كەلگەن شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. ھازىر جەنۇبى ئاۋستىرالىيەدە **100** ئائىلە **700** جان بار. ۋىكتورىيەدە **37** ئائىلە **125** جان، NSW تا **15** ئائىلە **50** جان، جەمى ئاۋستىرالىيەدە **150** دىن ئوشۇق ئائىلە **1000** غا يېقىن شەرقى تۈركىستانلىقلار ياشايدۇ. **1997**- يىلىدىن باشلاپ شەرقى تۈركىستان

---

13 İstanbul, 1947, p. 116.

مۇھاجىرلىرى ئاۋستىرالىيەگە كېلىشكە باشلىدى. كەلگەن بۇ مۇھاجىر ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى ئاۋستىرالىيەدە ياشاشقا رۇخسەت بەردى. بىز مۇشۇ پۇرسەت پايدىلىنىپ، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىمىز

• ئاۋستىرالىيەدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئاز بىر قىسمى خىز تىجارەت ۋە ئۇششاق سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، باشقىل ئاۋستىرالىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىدارە - جەمئىيەت، زاۋۇت - فابرىكىلاردا خىل كەسىپلەردە ئىشلەيدۇ. ئوقۇش يېشىدىكى باللار ھەم ياشلار باشلانغۇچ ئوتت ۋە تولۇق ئوتتۇرا ۋە خەر خىل دارۇلفۇنۇنلاردا ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلى دارۇلفۇنۇنلارنى تۈگۈتۈپ چىقىشتى.

• شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ كۆپىرەگى ئادېلايدېدا ياشايدۇ. ئۇلار شەھەرنى مەركىزى رايونلىرى ھەم ئىنفېيلد، خولدىن خىلل، ۋەللى ۋېۋ، پاراۋستا، ۋە ئىنگل فارىم رايونلىرىدا ياشايدۇ. مېلبورندا دەندېنوڭ، ئەتراپىدا، ئەمدى سىدنېينى فايىر فيېلد، ئائۇبورن، لىدكومۇپ، لىۋېرپۇل ھەم سىمس فيېلد قاتارلىق رايونلارد ياشايدۇ.

مەدىنىيەت ئەنئەنىلىرى

• ئاۋستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقا شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ بىردىن - بىر رەسمەن ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگىنى ھىساۋىدا 1992 - يىلى 24 - ئاپرىلدا قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، تىزىمغا ئېلىنغان، جەمئىيەتنىڭ باش ئورگىنى ئادېلايدېغا ئورۇنلاشقان ئۇنىڭ ئىككى شۆبەسى سىدنېي ۋە مېلبورنلارغا جايلاشقان. جەمئىيەت شەرقى تۈركىستانلىقلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ قولدىن كەلگەن ئىمكانىغا قەدەر جامائەت ئۈچۈن سىياسى، ئىجتىمائى، ئولتۇراقلىشىش ھەم مەدىنى ئېھتىياجلىرىغا تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر تىلى مەكتىۋى قۇرۇلۇپ، ھازىرغىچە ۋاندانا ئىسلام كولېجى ھەم ۋاندانا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە 40 تىن ئوشۇق ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىدىغان سىنىپلارنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.

• ئاۋستراليە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى داۋاملىق ھالدا يېڭى يىل، روزى ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە نەۋرۇزغا ئوخشاش بايرام ھەم ھېيتلارنى مۇبارەكلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇندىن تاشقىرى، ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۇيغۇر مەدەنىيەت فولكلورىغا باي مىللى ئەنئەنىمىز ـ "مەشرەپ" نى ئۇيۇشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

• روزى ھېيت (ئېيدۇل فىتر) ئىسلام تەقۋىمى — ھىجرىنىڭ **9**- ئېيى رامازانغا توغرى كېلىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئايدا ئىسلامغا سادىق ھەم سالامەتلىكى يار بېرىدىغان مۇسۇلمانلار كۈن پاتقاندىن كۈن چىققاننىڭ ئارىلىغىدا ئىچمەي، يېمەي ھەم روزىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلماي روزى تۇتىدۇ. بىر ئايلىق روزىدىن كېيىن **3** كۈن ھېيت بولىدۇ. ھېيتنىڭ بىرىنجى كۈنى مۇسۇلمانلار جامائەت بولۇپ مەسچىدلەردە ھېيت نامىزى ئوقۇپ، ئۇندىن كېيىن قەۋرى بېشلىرىغا بېرىشىپ، ۋاپات بولغان ئاتا ــ ئانا ئۇرۇق تۇققانلىرىنىڭ روھىغا خەتمە قۇرئان قىلىپ دۇئا قىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن بىر بىرلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىشىپ ھېيتلىرىنى تەبرىكلەشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جامائەتچىلىك بىلەن بىرلىكتە ھەر خىل چاي زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.

• قۇربان ھېيت (ئېيدۇل ئەدھا) مۇسۇلمانچە ھىجرى تەقۋىمىنىڭ ئاخىرقى ئېيىغا توغرى كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى سىناپ، ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربان قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ساداقىتىگە قايىل بولۇپ، بىر قوچقارنى قۇربانلىق قىلىشقا بەرگەن. قۇربان ھېيت مانا شۇ دىنى، تارىخى ۋەقئەلىكنى خاتىرلىتىدۇ. شەرقى تۈركىستانلىقلار قۇربان ھېيتلىق نامازلىرىنى مەسچىدلەردە جامائەت بىلەن ئوقۇپ، بىر ــ بىرلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ھېيتلىشىپ، ئۆز ئارا بىر ــ بىرلىرىنى تەبرىكلىشىدۇ.

• نەۋرۇز ــ بايرىمى بىلەن مەشرەپ شەرقى تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. نەۋرۇز ــ يېڭى كۈن مەناسىدە بولۇپ، شەمسىيە تەقۋىمى بويىچە، **3**- ئاينىڭ **21** ــ كۈنى كۈن بىلەن تۈن تەڭلىشىدۇ. بۇ كۈنى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركى مىللەتلەرباھارنىڭ باشلىنىشى ۋە يىل بېشى ھىساۋىدا كۈتۈۋالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

• مەشرەپ بولسا ئۇيغۇرلار ئاراسىدا كەڭ تارقالغان مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل، چوڭقۇر تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە فولكلور، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت، ھەر خىل ئويۇنلارنى ئاساس قىلغان ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ھەرىكىتىدۇر. ئىككى يىلدىن بۇيان ئادېلايدې ۋە سىدنېيلاردا ھەر ئاينىڭ ئاخىرقى شەنبە كۈنى بىر قېتىمدىن دەۋرى قىلىدىغان ھالدا مەشرەپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

• ئۇيغۇرلار مۇكەممەل ھەر خىل شەكىلدىكى، رەڭدار، يەرلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، تولۇق بىر يۈرۈش كىيىم ـ كېچەكلىرى بار، بىر ئۇيغۇرنىڭ كېيگەن كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ قايسى يۇرتتىن، قانچىلىك ياشتا، ھەتتا نىمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

• ئۇيغۇرلارنىڭ تائاملىرى بىر قانچە يۈز خىلدىن ئاشىدۇ. تائاملىرى ئىنتايىن مىزىلىك بولۇپ، ئىنسان تەبىئىتىگە بەك ماس، جۇغرافىيەۋى پەرق، پەسىللەرگە قاراپ ھەر خىل پەرقلىق تائاملار تەييارلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەبىئىيتى (مىجەزى) ۋە كىسەللىرىگە قارىتا خەر خىل پەرزلىك تائاملىرى بار. تائاملارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى: پولو، مانتا، نارىن، لەغمەن، زىخ كاۋاپ، تونۇر كاۋاپى ۋە باشقىلار...

تەشكىلاتلار:

ئاۋسترالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى.

جەنۇبى ئاۋسترالىيە ئىسلام جەمئىيىتى.

ستاتىستىكا: (نوپۇس ئەھۋالى)

ئۇيغۇرلار سانى ئاز بولغانلىغى ئۈچۈن ئاۋسترالىيەنىڭ نوپۇس تىزىملىكىگە ئېلىنمىغان.

1999 ـ يىلى ئىيۇل، لىۋېرپۇل ـ سىدنېي

# جياڭ زېمىنگە ئۇچۇق خەت[14]

جانابى رەئىس:

ئالدى بلەن ئاۋستراليەدە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستان جامائەتچىلىگى سىزنىڭ ئاۋستراليەگە قىلغان رەسمى زىيارتىڭىزنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك بولۇپ، بىر مىليارت ئىككى يۈز مىليون خىتاي خەلقى، بولۇپمۇ دۆلىتىڭىزنىڭ ئىستىلاسىدا تۇرىۋاتقان شەرقى تۈركىستان، تىبەت ھەم ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىگەئىيجابى ئۆزگۈرۈشلەرنى ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. ئاۋستىراليەدە ياشاۋاتقان بىز شەرقى تۈركىستانلىقلار سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان (ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) دىن ئون نەچچە مىڭ كىلومىتىرلاپ يىراقلاردا تۇرساقمۇ، ۋەتەندە يۈز بىرىۋاتقان پاجىئەلىك ئەھۋاللارنى يېقىندىن كۆزەتمەكتەمىز.

1949- يىلىنىڭ ئاخىرى دىكتاتور ستالىنىنىڭ شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان ساتقىنلىقى ۋە خىيانىتى بىلەن دۆلىتىڭىز قانۇنسىز ھالدا شەرقى تۈركىستاننى بېسىۋالدى.

1955- يىلى ھۆكۈمىتىڭىز شەرقى تۈركىستان خەلقى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىگىنى ئالداپ "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" دىگەن سىياسى قىلتاقنى تېكىپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىگە ۋەدە قىلىنغان كۆپ ھوقۇقلارنىڭ ھىچقايسىسى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئەكسىچە، ھۆكۈمىتىڭىز شەرقى تۈركىستان خەلقىگە زۇلۇم قىلىشتا بۇرۇنقى مىللەتچى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى، گومىنداڭلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشۈپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىگە قارشى 50- يىللاردىن باشلاپ ئاخىرى ئۆزۈلمىگەن جازا يۈرۈشلەرنى باشلاپ، مىللى تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، بىر مىليوندىن ئوشۇق سابىق مىللى ئارمىيە جەڭچى ئوفىتسىرلەر، ۋەتەنپەرۋەر زىيالى ۋە مەشھۇر ئەربابلار، دىنى ئالىملىرىمىز، ئىشچى – دېھقان، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى قىردى. يېرىم مىليوندىن ئارتۇق شەرقى تۈركىستانلىقلار ئۆز

[14] مەزكۇر خەت " ئاۋستىراليە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى" نامىدىن يېقىندا ئاۋستراليەنىڭ سىيدنىيدا خىتاي ئەلچىلىكىگە يوللانغان.

ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ، ھەر خىل يوللار بىلەن قوشنا مەملىكەتلەرگە چىقىش
مەجبۇر قىلىندى. ئەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ، ئون مىليونلاپ خىتاي كۆچمەنلىر
مەجبۇرى شەرقى تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ چىقىپ، شەرقى تۈركىستانىنىڭ بەرل
ئاھالىسىنىڭ 90%تىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار، ئۆز ۋەتەنلىر
ئاز سانلىقلارغا چۈشۈرۈلدى.

80 - يىللاردا رەسمى باشلىغان توغۇتنى مەجبۇرى چەكلەش سىياسىتى
دەھشەتلىك ئۇسۇللار بىلەن قوللىنىپ، 5 مىليوندىن ئوشۇق بوۋاقلارنى ئوكۇل ھ
ئاپىراتسىيە بىلەن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇيغۇرلارنىڭ يىللىق نورمال ئۇسۇشى توختاپ
ئازىيىشقا قاراپ ماڭدى. 1964- يىلى لوپنۇردا باشلانغان ھەم 46 قېتىملىق ئاتو
سىناقلىرى نەتىجىسىدە، شەرقى تۈركىستانىنىڭ يەر، سۇ، ھاۋاسى، بىر ئېغىز سۆ
بىلەن ئېيتقاندا، پۈتۈن مۇھىتى بۇلغىنىپ ئاتوم رىئاكتىپ نۇرلىرىنىڭ زەھەرلىشى
بىلەن 260 مىڭغا قەدەر شەرقى تۈركىستانلىقلار دۆلىتىڭىز ئېلىپ بارغان ئاتو
سىناقلىرىنىڭ گۇناھسىز قۇربانلىرى بولدى. سىزنىڭ "بېيجىڭ" ماركىلىق
"ئاپتونومىيە"ڭىز، بېيجىڭ بەلگىلىگەن بىرقانچە قورچاق مۇناپىقلارنىڭ شەخسى
مەنپەئەتلىرىنى دىمىگەندە، شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئاۋام خەلقىگە ھېچ نەرس
بەرگىنى يوق. شەرقى تۈركىستانىنىڭ يەر ئاستى - يەر ئۈستى بايلىقلىرى
بېيجىڭنىڭ ماناپولىيەسىدە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى
كەمبەغەللىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدە ياشايدۇ. بۇرۇن سىزنىڭ كوممۇنىس
دىتاتورلىقىڭىزدىكى دۆلىتىڭىز شەرقى تۈركىستان خەلقىنى جىسمانى ۋە روھى
جەھەتتىن يوقۇتۇش نىشانىغا ئايلاندۇردى. سىزنىڭ دۆلىتىڭىزنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىدىكى شەرقى تۈركىستانىنىڭ ھەر بىر يېرىدە، تۇرمۇشنىڭ ھەمم
ساھالىرىدە دۆلىتىڭىز تەرىپىدىن شەرقى تۈركىستان خەلقىگە قارىتا سىياسى
ئىقتسادى، ئىجتمائىي، مەدىنى - مائارىپ، دىن، ئىلىم - پەن، ئەدىبىيات -
سەنئەت، مۇئارىپ - ئادەت، روھى ۋە جىسمانى تەرەپلەردىن ئۇمۇمى يۈزلۈك
سىستېمىلىق ئىرقى قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىملاتسىيەنى ئاساس قىلغان دۆلە
تېررورىنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ.

جانابى رەئىس!

سىزگە مەلۇمكى، 1996- يىلى 19- مارت، جوڭگو كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى سىياسى بيۇروسى سىزنىڭ رىئاسەتچىلىكىڭىزدە "شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش" دىگەن ھەر بىر خېتىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان 7- نومۇرلۇق قەتئى مەخپى ھۆججەتنى تارقاتتى. بۇ ھۆججەتنىڭ تارقىتىلىشى بىلەن، ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىگە قارشى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىملاتسىيەنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېررور سىياسىتىڭىزنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ئۆز قولىڭىز بىلەن يېشىل چىراق يېقىپ بەردىڭىز. 1996- يىلى، ئاپرىلدىن باشلاپ، "100كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش" ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىجراسى ئىنتايىن دەھشەتلىك بولدى، ئۇنداق 100 كۈندىن تالايلىرى ئۆتتى. قان تۆكۈش تېخى توختىغىنى يوق. ھۆكۈمىتىڭىز، 96- يىلى باھاردا شەرقى تۈركىستاننىڭ 15 ۋىلايەت رايونلىرىدا 65 مىڭ كىشى قاتناشقان ئاممۋى نامايىشلارنى دۆلىتىڭىزنىڭ ئاساسى قانۇنلىرى ئاساسىدا تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا، قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى قانغا پاتقۇزدىڭىز، يەنە ئاز ئۆتمەي، 1997- يىلى 5- 6- فېۋرال رامازان ۋاقىتلىرىدا غولجىدا نورمال دىنى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ۋەتەنداشلىرىمىز ھۆكۈمىتىڭىز دائىرىلىرى تەرەپىدىن قانۇنسىز قولغا ئېلىندى. ساقچىلار مەسچىتلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ناماز ئۆتەۋاتقان مۇسۇلمانلاردىن ئىككىنى ئۆلتۈردى، دىنى تەلىم ئېلىۋاتقان مۇسۇلمان ئاياللىرىنى قانۇنسىز تۇتۇپ ئۇلارنى ئاياق ئاستى قىلىشتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان بىر قانچە مىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق ئاددى خەلق ئۆز دەردىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئون مىڭلىغان ساقچى، ھەربى قوشۇنلىرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، خۇددى ئىنتايىن قاباھەتلىك دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندەك، تىك ئۇچار ئايروپىلان، يەردە تانكا، بىرونىۋىكلار بىلەن تىنچ ئاممىغا ئوت ئېچىشقا بۇيرۇق بەردىڭىز. يۈزلەپ ياشلىرىمىزنى قىردىڭىز، يالغۇز شۇ كۈنلا كىچىككىنە غولجا شەھرىدىن 5مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قولغا ئېلىندى. شۇ كۈندىن باشلاپ شەرقى تۈركىستاندا ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ، نەچچە مىڭلىغان گۇناھسىز ئىنسانلار قولغا ئېلىندى. خىتاينىڭ ھېچقايسى يېرىدەسىياسى جىنايەتچىلەرگە

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ، پەقەت شەرقىي تۈركىستاندا ئۇچۇق سوت ئېچىپ مىللىي بۆلگۈنچى"، تېررورىست، ھەم "دىنىي ئەكسىيەتچى" دېگەن بەتناملار بىلەن 200دىن ئوشۇق ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى بۇنىڭدىن بىرقانچە ھەسسە كۆپ. مىڭلىغان ياشلارنىڭ ھازىرغىچە ئىز دېرەكى يوق بالىلارنىڭ، ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ سورىغىنى قىلغانلارغا ياردەملىشىشنى ئورنىغا، ئۇلارنى قاتتىق جازالاپ تۈرمىلەرگە قاماۋاتىدۇ... نىمە ئۇچۇن بۇ قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىدۇ ھەم تۈگىمەيدۇ.

ئەلۋەتتە، سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىز: "بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر، تېررورىستلار، ھەم دىنىي مۇتەئەسسىپلەر قالايمىقانچىقىرىۋاتىدۇ" دەپ، ئۆز جىنايىتىنى باشقىلارغا دۆڭگەشكە ئۇستا. دۆلىتىڭىز يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەت تېررور سىياستىڭىزگە، پارتىيىڭىزنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىگە ۋە بۇ سىياسەتلەرگە خاتىمە بېرىلمەيدىكەن، شەرقىي تۈركىستاندا ھېچ قاچان مۇقىملىق مەيدانغا كەلمەيدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھەم ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ھەققى بار.

سىزنىڭ ھۆكۈمىتىڭىز داۋاملىق ھالدا ئۆكتەملىك بىلەن "شىنجاڭ تاش دەۋرىدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى" دەپ جاكارلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ مىللىي مەدىنىيەت ۋە تارىخى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھېچقاچان خىتاينىڭ بىر پارچىسى بولغان ئەمەس، ئۇ پەقەت بۈگۈنكى كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكە ئۆلكىسىدۇر، خالاس! سوۋېتلىك ۋەتىنىمىزگە مەجبۇر تېڭىلغان "شىنجاڭ" دېگەن خىتايچە ئىككى خەتنىڭ ئۆزىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ قانۇنسىز ئىستىلا قىلىنغان مۇستەملىكە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پولاتتەك پاكىت ئەمەسمۇ؟

كوممۇنىست خىتاي دائىرەلىرىنىڭ ئاغزى بويىچە ئېيتقاندا، ئىنسان ھوقۇقى دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش- غەرپچە ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنى خىتايغا تەتبىق قىلىشقا ئىمكانسىز ئىمىش، لېكىن، ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە پرىنسىپلىرى - ئىرقىي كېلىپ چىقىشى ۋە دۆلەت چېگرالىرىدىن قەتئىي نەزەر، دۇنيا ئىنسانلىرى ئۇچۇن ئورتاق خەلقئار قانۇنغا ئايلىنىپ قالدى. سىزنىڭ 3يېرىم يىل

بۇرۇن تارقاتقان 7 ـ نومۇرلۇق "قەتئىي مەخپىي" ھۆججىتىڭىز ئارقىلىق، بىر بۇيرۇقتىلا شەرقى تۈركىستان خەلقىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىكە بىلدۈرمەي، ئۇن تۈنسىز ئۇچۇقتۇرۇپ، "شىنجاڭ" دەپ ئاتالمىش بۇ مۇستەملىكىڭىزنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلايمەن "شىنجاڭ" (شەرقى تۈركىستان ) مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمەن، دەپ چۈشنى خاتا سوقتىڭىز، سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك بولمىدى ھەم بولمايدۇ. 10 مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇستەقىللىك ھەم ئەركىنلىك ئۈچۈن تۆكۈلگەن مۇبارەك قانلىرى "شىنجاڭ" ئاتلىق تۆمۈر قەپەزنى بۆسۈپ چىقىپ، قەھرىمان ۋەتەن خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان، دۆلىتىڭىزدىن كۆرگەن زۇلۇم ـ ستەم، چەككەن ئاھۇ ـ زارلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا كۆندەك ئايان قىلدى.، خەلقئارلىق كەچۈرۈم تەشكىلاتى بۇ يىل 3ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4ـ ئاينىڭ 23ـ كۈنىگىچە شۋىتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن "بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلات ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ 55ـ قېتىملىق ئومۇمى يىغىنى" غا، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىغا ئائىت 92 بەتلىك ئومۇمى دوكلات سۇندى. بۇ دوكلات يىغىن جەريانىدا يىغىنغا قاتنىشۋاتقان 100دىن ئارتۇق دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىگە، دۇنيادىكى بارلىق خەلقئار تەشكىلاتلارغا، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ پارلامېنتلىرىغا كەڭ دائىرىدە تارقىتىلدى. خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇ جەسۇرانە ھەققانى ھەرىكىتىگە تۈگمەس ئاپىرىنلەرنى ئوقۇيمىز.

جانابى رەئىس، ئەمدى قانچە قىلسىڭىزمۇ شەرقى تۈركىستان داۋاسى سىزنىڭ تۆمۈر پەنجىڭىزدىن ئەركىن قۇشتەك ئۇچۇپ چىقتى، ئۇ بۇندىن كېيىن پۈتۈن دۇنيادا يېڭىچە پەرۋاز قىلغۇسى! سىزنىڭ زوراۋانلىقىقا، قانۇنسىزلىقىقا، دىكتاتۇرلۇقىقا، ئىرقى قىرغىنچىلىقىقا ۋە مىللى كەمسىتىشكە تايانغان سىياسىتىڭىز زاماندىن بەك ئارقىدا قالدى. قارىمامسىز؟ شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىق "باش ئاغرىقى" دىن قۇتۇلالماي تۇرسىڭىز 100 مىليون مۇرتى بار فالۇنگۇڭچىلار پۈتۈن خىتاي بويىچە فاشىستىك ھاكىمىيىتىڭىزنىڭ بېشىغا بالا بولىۋاتىدۇ. جۇڭگولۇقلارغا سىز دىگەندەك ئىنسان ھوقۇقى، دىموكراتىيە ھوقۇقلىرى ماس كەلمەيدۇ ئەمەس، مايدەك ياقىدۇ. خىتايلار، ئۇيغۇرلار، تىبەتلىكلەر، موڭغۇللارغا نەق كېرىكى ـ دەل سىز

ئىنكار قىلىنىۋاتقان ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشلاردۇر. بۇنىڭسىز دۆلىتىڭىز 2- يوگوسلاۋىيەگە ئايلىنىدۇ.

جانابى رەئىس!

دۇنيا زور ئۈمىت بىلەن 21- ئەسىر قاپقىقىنى ئۈنلۈك قېقىۋاتىدۇ. 21- ئەسىر دۇنيادا ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش پرىنسىپلىرى ئالەمشۇمۇل غەلىبىگە ئېرىشكەن ئەسىر بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سىز ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ مەملىكەتلىرىدە، بۇ قېتىم ئاۋىستىرالىيەدە رەسمى دۆلەت زىيارىتىدە بولۇپ، بۇ مەملىكەتلەردىكى يۈزلىگەن مىللەتلەرنىڭ تەڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا دوستانە ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللى مەدىنىيەت، تارىخى مىراسلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئەركىن - ئازادە ياشاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈۋاتىسىز. بىر چوڭ دۆلەتنىڭ رەئىسى سۈپىتىدە شۇنى چۈشىنىۋېلىشىڭىز كېرەككى؛ پۈتۈن دۇنيا مىللەتلىرىگە ئورتاق بولغان ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش كوممۇنىستىك دېكتاتورا ئاستىدا قالغان شەرقى تۈركىستانلىقلارغا سۇ بىلەن ھاۋادەك كېرەك. بىز سىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىمىز.

"ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى"

1999- يىلى، ئاۋغۇست، لىۋېرپۇل – سىدنېي

# ئاۋستىراليە باش مىنىستىرى جون هاۋارد جاناپلىرىغا

ھۆرمەتلىك باش مىنىستىر:

بۇ يىل، 6 - سىنتەبىرگىچە جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جاڭزېمىن ئاۋستىرالىيەگە دۆلەت زىيارىتى بىلەن كېلىدۇ. مەن ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار نامىدىن جانابىڭىزغا كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى شەرقى تۈركىستان (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) خەلقىنىڭ بېيجىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۆرىۋاتقان زۇلۇم - سىتەملىرى ھەققىدە شىكايەت قىلماقچىمەن.

مېنىڭ ۋەتىنىمنى خىتايلار "شىنجاڭ" ئۆلكىسى دەپ ئاتاپ، ئۇنى خىتاينىڭ بىر پارچىسى دەپ قاراپ، ئۇيغۇرلارنى خىتايچە سۆزلەيدىغان كۆزى - مىڭى ئەقىدىسىدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار، دەپ قارايدۇ.

ئەسلىدە بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى خاتا. شەرقى تۈركىستان، دەپ ئاتىلىپ ئاسىيا قەلبىگە جايلاشقان بۇ پايانسىز تۇپراق ئاز دېگەندە **2000** يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىدۇر. ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان كاۋكاز ئىرقىغا مەنسۇپ تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن خىتايلارغا قەتئى ئوخشىمايدىغان ھونلارنىڭ بىۋاستە ئەۋلاتلىرىدىن بولىدۇ.

شەرقى تۈركىستان ئەسىرلەردىن بىرى مۇستەقىل مەملىكەت بولۇپ ياشاپ كەلسىمۇ، **1759**- يىلى مانجۇ ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىدۇ. شەرقى تۈركىستان خەلقى بۇ يىللاردا **42** قېتىم مانجۇ باسقۇنچىلىرىغا قارشى چوڭ قوزغىلاڭلار قىلىپ، ئاخىر **1863**- يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسى، رۇسىيە، ۋە بۈيۈك بېرىتانىيەلەر ئېتىراپ قىلغان مۇستەقىل دۆلەتنى غەلىبىلىك قۇرۇپ چىقىدۇ. **1877**- يىلى مانجۇ ئىمپېرىيەسى شەرقى تۈركىستاننى يەنە بېسىۋېلىپ **1884**- يىلى **18**- نويابىردا ئۆزىنىڭ **19**- ئۆلكىسى قىلىپ، مانجۇ ئىمپېرىيىسىگە قوشۇپ ئالىدۇ.

شەرقى تۈركىستان خەلقى چەتئەل ئىشغالىيەتچىلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇستەقىللىق كۆرۈشىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويغىنى يوق. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا **2** قېتىم **1933**- **1937** ھەم **1944**- يىلار ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق رېسپوبلىكالىرىنى قۇرغان. **1949**- يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ساتقۇنلىغى ھەم

قورallلىق ئارىلىششى بىلەن ماۋنىڭ ئارمىيىسى تەرىپىدىن شەرقى تۈركىستان قانۇنسىز بېسىپ ئېلىندى.

هۆرمەتلىك باش مىنىستىر:

بۈگۈن شەرقى تۈركىستان - ئۆز خەلقى ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ قانلىق زىندانىغا ئايلاندى. بېيجىڭ هۆكۈمىتى خەلقئار قانۇن تۈزۈملىرىگە قارىماي 50 يىلدىن بۇيان گۇناهسىز خەلقىمىزنى قولغا ئالماقتا، ئۆلتۈرمەكتە، قىيىنىماقتا. 50- يىللاردىن باشلاپ خىتاينىڭ زالىم هاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغان بىر مىليوندىن ئوشۇق شەرقى تۈركىستانلىق ۋەتەنپەرۋەرلەر هەر خىل يوللار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى يېرىم مىليونلۇق شەرقى تۈركىستانلىقلار ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ، قوشنا مەملىكەتلەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى.

50- يىللارنىڭ بېشىدا ماۋنىڭ باشلىغان 1- قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش هەرىكىتىدىن - جياڭزېمىننىڭ هازىرقى 26 قېتىملىق "100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش" هەرىكىتىگە قەدەر بىر قانچە مىليون شەرقى تۈركىستانلىقلار نابۇت قىلىندى.

هازىرمۇ يۈز مىڭلىغان گۇناهسىز ئىنسانلار "مىللى بۆلگۈنچى"، "تېررورىست" هەم "دىنى ئەكسىيەتچىلەر" دىگەن بەدناملار بىلەن تۈرمە، لاۋگەيدۈي (ئەمگەك لاگىرلىرى) دا دەهشەتلىك ئازاپلارنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزىلىۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىقنىڭ يەنە بىر خىلى 80- يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، تۇغۇتنى قاتتىق چەكلەش سىياستى مەجبۇرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 3 مىليون بوۋاق ئوكول بىلەن 2 مىليون بوۋاق ئوپىراتسىيە يوللىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. بېيجىڭ 1964 – يىلدىن باشلاپ لوپنۇردا 46 قېتىملىق ئاتوم سىناقلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، شەرقى تۈركىستاننىڭ يەر، سۇ، هاۋاسى، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، پۈتۈن مۇهىتىنى بۇلغاپ بولدى. ئاتوم رىئاكتىپ نۇرلىرىنىڭ زەهەرلىشى بىلەن 260 مىڭغا قەدەر شەرقى تۈركىستانلىقلار خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ ئاتوم سىناقلىرىنىڭ گۇناهسىز قۇربانلىرى بولدى.

50- يىللاردىن باشلاپ خىتاي مۇهاجىرلىرى شەرقى تۈركىستانغا مەجبۇرى كۆچۈرۈلۈش نەتىجىسىدە 10 مىليونلىغان خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستانغا ئورۇنلىششى بىلەن شەرقى تۈركىستان ئاهالىسىنىڭ بۇرۇن 90%تىدىن

كۆپىرەگىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىدە ئاز سانلىققا ئايلاندۇرۇلدى. ياخشى ئىش، يۇقىرى مائاش، ياخشى ئۆيلەر خىتاي كۆچمەنلىرىگە بېرىلىدۇ. 90% تىدىن ئوشۇق ئۇيغۇرلار كەمبەغەللىكنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

بېيجىڭنىڭ دۆلەت تېررور سىياستى بىزنىڭ مىللى مەدىنىيىتىمىز، دىنىمىز، تارىخ، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزگە ياۋۇزلۇق بىلەن ھۇجۇم قىلماقتا. بېيجىڭ شەرقى تۈركىستانلىقلارنى خىتايچە سۆزلەپ، خىتايچە كىيىنىشكە، تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن ساھالىرىدە خىتايلاردەك بولۇشقا، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇشقا مەجبۇرلىماقتا. بېيجىڭنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىقكى، كېلىچەكتە بىر كۈنى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى خىتاي قىلىش. بولۇپمۇ 1996- يىلى، 19- مارتتا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى سىياسى بيۇروسى جاڭزېمىن رىئاسەتچىلىكىدە "شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش" دىگەن ھەر بىر خېتىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان 7 - نومۇرلۇق قەتئى مەخپى ھۆججەتنى تارقاتقاندىن كېيىن، بېيجىڭنىڭ ئىرقى قىرغىنچىلىق ھەم ئاسىملاتسىيەنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېررور سىياستى تېخىمۇ غالجىرلاشتى. 1996- يىل، ئاپرىلدا 100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بىرىش" ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى بىلەن شەرقى تۈركىستاندىكى 15 ۋىلايەت ۋە رايونلاردا 65 مىڭ كىشى قاتناشقان خەلقنىڭ دېموكراتىك تىنچ نامايىشلىرىنى جاڭزېمىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قانغا پاتقۇزدى .ئاتالمىش "يۈزكۈنلۈك قاتتىق زەربە بىرىش" ھازىرغىچە توختىغىنى يوق.

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلىرىنى يېپىش ئۈچۈن بۇ قالايمىقانچىلىقلارنى بىر ئۈچۈم مىللى بۆلگۈنچىلەر، تېررورىستلەر، دىنى ئەكسىيەتچىلەر چىقاردى، دەپ باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇشقا ئۇستا. ئەمەلىيەتتە، بۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ مەنبەسى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىگە 50 يىلدىن بۇيان يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىق ھەم ئاسىملاتسىئون سىياستىنىڭ تەبئى ئاقىۋىتىدۇر.

ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتى 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا خىتايغا 2 قېتىملىق ئىنسان ھوقۇقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىپ، بېيجىڭنىڭ شەرقى تۈركىستاندىمۇ ئىنسان ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىشلىرىنى تەكشۈرۈپ،

دوكلاتلارنى خەلقئارغا ئېلان قىلغان ئىدى. شەرقى تۈركىستان خەلقى ئاۋىستىرالى
ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئادىل تەبىرلىرىدىن خوش بولۇپ، زور ئۈمىتلەرنى كۈتكەن
ئەفسۇسكى: كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئار ۋە مەملىكەت خەلقىنى
نارازىلىقلىرىغا قارىماي، شەرقى تۈركىستاندا ئىنسان ھوقۇقلىرىنى قاتتىق
دەپسەندە قىلىپ سىستىمالىق ۋە ئۈمۈمى يۈزلۈك ئىرقى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى
ھەسلەپ ئاشۇرىۋاتماقتا. ھۆكۈمىتىڭىز ئىنسان ھوقۇقلىرى ئۈچۈن ئەمەس
ئامېرىكان دوللارى ھوقۇقى ئۈچۈن شەرقى تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە
قاتارلىق بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئىنسانى
ھوقۇقلىرىغا سەل قاراۋاتىدۇ.

ھۆرمەتلىك باش مىنىستىر:

بىر دۆلەتنىڭ دۇنيادىكى ئابرويى، كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە شان شەۋكىتى ئۇنىڭ زوراۋانلىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بەلكى دۇنيا دۆلەتلىرى ۋە خەلقلىرىگە ئورتاق قانۇنى ۋە ئۇمۇمى پىرىنسىپ بولغان ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى ئەملى ئىجرا قىلىش بىلەن ئۆلچىدۇ ھەم مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمە ۋە لاگېرلىرىدە ئىشلەپ چىقىرىلغان ئەرزان ماللىرى ۋە بېيجىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئالدانماڭ. بېيجىڭ بىلەن ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھوقۇقلىرى بويىچە بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان سۆھبىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق پوزىتسىيىسى بىلەن ھېچ ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. خىتاي پارلامېنتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارلىق سىۋىل بايان نامىسىنى تەستىقلاشنى رەت قىلدى. مۇنداق شارائىتتا ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ خىتايغا تۇتقان سىياسىتىڭىزنى ئۆزگەرتىپ، ئەمىليەتنى ئاساس قىلغان، ئىنسان ھەقلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئادىل، كۈچلۈك سىياسەت قوللىنىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمىز.

ئۆزىڭىزگە مەلۇمكى ئاۋىستىرالىيەگە زىيارەتكە كېلىۋاتقان جياڭ زېمىن شەرقى تۈركىستان، تىبەت، ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە پۈتۈن خىتايدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان دۆلەت تېررور سىياسىتىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى، ئاساس جاۋاپكارىدۇر.

سوھبىتىڭىز جەريانىدا جىياڭ زېمىنغا مەزلۇم شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرەپىدىن قاتتىق دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ:

(1) پەقەت شەرقى تۈركىستاندىلا ئىجرا قىلىنىۋاتقان سىياسى جىنايەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈشنى توختىتىشنى.

(2) پۈتۈن سىياسى جىنايەتچىلەرنىڭ دەرھال قويۇپ بېرىلىشىنى.

(3) شەرقى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداپ، ھۆر - ئەركىنلىگى بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي رەئىسىگە بېسىم كۆرسىتىشىنى، ئەڭ ئاخىرىدا ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا ئىنسان ھوقۇقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىگى ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈش دوكلادىنى پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

بۇ قېتىمقى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇچرىشىشىنىڭ ئاۋىستىرالىيە – خىتاي خەلقلىرى ئۈچۈن، بولۇپمۇ بېيجىڭنىڭ ئىستىلاسىدىكى شەرقى تۈركىستان، تىبەت، ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولۇپ، ئۇلار ھاياتىغا يېڭىچە ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ كېلىشىنى سەممى ئۈمىت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن،

ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى

1999- يىلى 18- ئاغۇست، لىۋېرپۇل - سىدنېي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئاۋىستىرالىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جىياڭ زېمىننىڭ ئاۋىستىرالىيە زىيارىتىگە قارشى نامايىشلىرى

1999- يىلى 9- ئاينىڭ 8- ۋە 9- كۈنلىرى، ئاۋىستىرالىيەدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار ئاۋىستىرالىيەدىكى تىبەت تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە سىدنىي شەھرىدە خىتاي دۆلەت رەئىسى جىياڭ زېمىننىڭ ئاۋىستىرالىيە زىيارىتىگە قارشى ئارقا – ئارقىدىن ئىككى قېتىم نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈپ، كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ شەرقى تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى ئىنسان هەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى ۋە بۇ رايونلاردا يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىنى قاتتىق ئەيىپلىدى.

خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جىياڭ زېمىن 1999- يىلى 9- ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 11- كۈنىگىچە ئاۋىستىرالىيەنىڭ سىدنېي، مېلبورن، كانبېررا ۋە پورت دوگلاس شەھەرلىرىدە رەسمى دۆلەت زىيارىتىدە بولغان ئىدى. 9- ئاينىڭ 8- كۈنى كەچ سائەت 6دە "ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى" ۋە ئاۋىستىرالىيەدىكى تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەردىن بولۇپ،200 دىن ئارتۇق كىشى پايتەخت سىدنېيدىكى كونفېرانس مەركىزىنىڭ ئالدىدا خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. شۇ كۈنى خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جىياڭ زېمىن بۇ مەركەزنىڭ ئىچىدە ئىدى. نامايىش جەريانىدا، "ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى" ۋە تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى نامايىشنى كۆزىتىۋاتقان يەرلىك ئاممىغا خىتابەن سۆز قىلىپ، كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ شەرقى تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستانلاردا يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىپلەش بىلەن بىرگە، خىتاي هۆكۈمىتىدىن، بۇ رايونلاردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ هەقلىرىگە قىلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىق قىلمىشلىرىنى دەرهال توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

شەرقى تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلغان سەيپىدىن سدىق، خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا ئىنسان هەقلىرىنى ئېغىر هالدا دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقى قاتتىق پاش قىلىش بىلەن بىرگە، خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ب

يىل چاقىرىلغان 55- قېتىملىق ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى يىغىندا خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرى ھەققىدە 92 بەتلىك ئومۇمى دوكلاتنى تارقاتقانلىقىنى خاتىرلىتىپ ئۆتتى ۋە پۈتۈن شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ، خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇ خىل ئادىل ۋە جەسۇرانە ھەرىكىتىگە ئاپىرىن ئېيتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

9- ئاينىڭ 9- كۈنى كەچتە يۇقارقى نامايىشچىلار قوشۇنى، سىدنېيدىكى جاڭ زېمىن ئورۇنلاشقان مېھمان خانىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم نارازىلىق نامايىشىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى نامايىشقا شەرقى تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىغا ھەم نەپەس بولۇش مەقسىتىدە بىر قىسىم تۈرك قېرىنداشلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. نامايىشچىلار، "شەرقى تۈركىستانغا مۇستەقىللىق !"، "شەرقى تۈركىستاندىكى ئىرقى قىرغىنچىلىق دەرھال توختۇتۇلسۇن!"، "جاڭ زېمىن جاللات !" دىگەن مەزمۇنلاردا جاراڭلىق شۇئارلارنى توۋلاپ، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى ۋە خىتايغا قارشى يېزىلغان لوزىنكىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مېھمانخانىنىڭ ئالدىنى زىل - زىلىگە سالدى. مايىش جەريانىدا ئەتىراپتىكى ئاممىغا، خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرى بايان قىلىنغان 3مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىلدى. نامايىشنىڭ ئاخىرىدا "ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى" نىڭ نامىدا خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىنغا يېزىلغان نارازىلىق خېتى خىتاي دائىرىلىرىغا تاپشۇرۇلدى. ئاۋىستىرالىيەدىكى كۆپلىگەن رادئو تېلىۋىزىيە ئىستانسىيەلىرى ۋە گېزىتلەر، بۇ قېتىمقى نامايىشنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە تەپسىلى خەۋەر بەردى.

**1999**- يىلى، **13**- سىنتەبىر. لىۋېرپۇل - سىدنېي

www.uyghurkitap.com

## قىرغىزىستان جۇمھۇر رەئىسى ئەسقەر ئاقايېۋ جاناپلىرىغا

ھۆرمەتلىك رەئىس جاناپلىرى:

بۇ يىل 1999- يىلى 3- ئاينىڭ 10- كۈنلىرى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى ئۆز
ئوبلاستلىق سود ئورۇنلىرى شەرقى تۈركىستانلىق (خىتاينىڭ ئاتالمىش شىنجا
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) ئۇيغۇر ياشلاردىن ئەسقەر توختى، ئەخمەت گۈنە
بەھرامجان ئېلىموۋلارغا ئۆلۈم جازاسى، ئېلى مەسۇمگە 25 يىللىق قاماق جازاس
بىرىپ، ئۇن كۈنلۈك ئەرز بېرىش مۇددىتى بەرگەنلىگىنى ئېلان قىلدى.

بۇ ۋەتەنداشلىرىمىز 1998- يىلى 8 - ئاينىڭ 25- كۈنى ھېچقانداق ئاساسىز
قازاقىستاندا قورال –ياراق يۆتكىگەن ۋە ساقلىغان دىگەندەك ئەيىپ بىلەن قول
ئېلىنىپ، 1998- يىلى ئوشتا يۈز بەرگەن ئاپتوۋۇز پارتلاش ۋەقەسىگە چېتىشلى
دىگەن گۇمان بىلەن 1999- يىلى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگە
ئىدى.

ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ قىرغىزىستان دېموكراتىك قانۇنلىرى ۋە خەلقئارلىق قائىد
نىزاملارنى نەزەردە تۇتماي، يۇقۇرىدىكى 4 ئۇيغۇر ياشقا مۇنداق دەھشەتلىك ئېغ
جازا بېرىشى ئۆزىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا "دېموكراتىك رىسپوبلىكا" دەپ ئاتاپ كەلگە
قىرغىزىستاننىڭ خەلقئارلىق ئوبرازىغا يەنە بىر قېتىم ئۆچمەس قارا داغ چۈشۈردى.

بىز شەرقى تۈركىستان ۋە چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار قىرغىز ھۆكۈمىتىنىڭ
خىتاي ھۆكۈمىتى پىلانلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق يولىدىكى تىن
دېموكراتىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى جازا يۈرۈشىگە دوست تارتىپ، يامانغا يان تاياز
بولۇپ، قانلىق جىنايەتلەرگە شېرىك بولىۋاتقانلىقىغا دىققەت بىلەن نەز
سالماقتىمىز. ئۆتكەن يىلى "قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقى" رەئىسى نىغمە
بوساقوۋنىڭ سىرلىق، پاجىئەلىك ئۆلۈمى، ئۇندىن بۇرۇنقى بىر قانچە قېتىملى
قانلىق ۋەقەلەر ئۇبدان ئېسىمىزدە بار.

بىز ئاۋىستىرالىيەدىكى 1000 دىن ئوشۇق شەرقى تۈركىستانلىقلار قىرغى
ھۆكۈمىتىدىن بۇ يىل 10- مارت كۈنى ئوش ئوبلاستى سوت دائىرىلىرى تەرىپىد
قېرىنداشلىرىمىز ئەسقەر توختى، ئەخمەت گۈنەن، بەھرامجان ئېلىموۋ ھەم ئېل

مەسۇملار ئۈستىدىن چىقارغان قانۇنسىز ھۆكۈملەرنى بىكار قىلىپ، ئۇلارنى قاماقتىن تېزدىن بوشۇتۇپ، ئۇلارنى بىتەرەپ مەملىكەتلەرگە چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتلىغىغا كاپالەت بېرىشنى ھەم بۇندىن كېيىن قىرغىز ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا سىياسى زىيانكەشلىكىنى قەتئى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلىمىز. بۇنداق قىلىش قىرغىزىستاننىڭ دېموكراتىك قانۇن - تۈزۈم، خەلقئارلىق ئوبرازىغا ۋە ئۇيغۇر - قىرغىز خەلقلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىق دوستلۇقىنى ئاساس قىلغام جانجان مىللى مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. قىرغىز خەلقى بۈگۈن ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىق، مىللىتىنىڭ ئەركىنلىگى تەمىن ئېتىلگەن بىر دەۋردە ياشاپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر خەلقىمۇ قىرغىز خەلقى ۋە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا مۇستەقىللىقا ئېرىشىپ، ئەركىن ياشاشنى ئارزۇ قىلىپ، شۇ مەخسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ھېچ كىممۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ھوقۇقىنى چەكلىيەلمەيدۇ.

ئەسلىدە كېلىپ چىقىشى، تارىخى بىر قېرىنداشلىرىمىزدىن بولغان قىرغىز خەلقى ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ يېغى دۈشمەنىمىز خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشتە ئۇيغۇر خەلقىگە ياردەم بېرىش بورچى بار ئىدى. لېكىن يېقىنقى بىر قانچە خەلقلەرنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان كوممۇنىست خىتاي

تارىخى ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ، كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ كەڭ مىجەزلىك ھەم باسقۇنچىلىقىغا يول قويۇۋېرىلىدىكەن، بۈگۈن ئۇيغۇر خەلقى تارتىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك زۇلۇمىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا قېرىنداشلىرىمىز تارتمايدۇ دەپ كىم كېپالەتلىك بېرەلەيدۇ؟

شۇ سەۋەپتىن، ئاۋىستىرالىيە چوڭ قورۇغلۇقىدا ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار سىز جانابى رەئىستىن:

(1) ئۇش دائىرلىرىنىڭ 4 نەپەر بىگۇناھ ۋەتەندىشىمىز ئۈستىدىن چىقىرىلغان قانۇنسىز ھەم ئادالەتسىز ھۆكۈمنى بىكار قىلىپ، ئۇلارنى بىتەرەپ مەملىكەتلەرگە چىقىپ كېتىشكە ياردەم بېرىشىڭىزنى،

(2) ئۇيغۇرلارغا قىلىنىۋاتقان زىيانكەشلىكلەرنىڭ تىزدىن توختۇتۇلۇپ، مۇنداق ھادىسىلەرنىڭ قايتىدىن يۈز بەرمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن :

ئاۋىستىرالىيە NSW شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھەم
ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى
ئەخمەت ئىگەمبەردى ( ئىمزا )

1999- يىلى 13- سىنتەبىر. لىۋېرپول ـ سىدنېي

## 2- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ جەڭگاۋار روھىنى تولۇق ئەمەللەشتۇرۇپ، ۋەتەن داۋاسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى!

قەدىرلىك ۋەتەنداشلار :

دۇنيادىكى 10 دۆلەتتىن 16 تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ۋە بىر قىسىم مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىمىزنىڭ ئىشتىراكى بىلەن بۇ يىل 10- ئاينىڭ 12- كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ياۋروپانىڭ يۈرىگى بولغان گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخىن شەھرىدە تارىخى ئەھەممىيەتكە ئىگە 2- نۆۋەتلىك شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى تەنتەنەلىك هالدا ئۆتكۈزۈلدى، شۇنداقلا يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىقى بىلەن، تاشقى دۇنيادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ خەلقئاردىكى بىردىن – بىر ئالى ئورگىنى- شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى قۇرۇپ چىقىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىللى قۇرۇلتىيىمىزنى چىن دىلىمىزدىن قىزغىن تەبرىكلەيمىز ھەم مىللى كۈرىشىمىزگە مۇۋاپىقيەتلەر تىلەيمىز!

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بۇنىڭدىن 7 يىل مۇقەددەم، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان بارلىق شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىگە جەم بولۇپ، تارىخى ئەھەممىيەتلىك 1- قېتىملىق "خەلقئار شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى" نى ئېچىپ، دەسلەپكى قەدەمدە شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ ستىراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، جەڭگىۋار پىروگراما ۋە خىتاپ نامىلەرنى ئېلان قىلغان ئىدى.

تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتايدا ئېلىنغان سىياسەت ۋە قارارلار ئاساسىدا، خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئاساسى جەھەتتىن ئىدىيەدە بىرلىككە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى يار بەرگەن ئاساستا، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا يۈزلەندۇرۇشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، تارقاقلىقتىن - بىرلىشىشكە، ئىتتىپاقسىزلىقتىن - ئىتتىپاقلىققا، ئاجىزلىقتىن كۈچلىنىشكە، پارتىزانلىقتىن مۇنتىزىملىشىشكە ئازچىللىقتىن كۆپچىللىككە يۈزلىنىپ، دوست، دۈشمەن ۋە بىزگە ھىسداشلىق قىلغۇچىلارنىڭ

مىللى داۋايىمىزغا بولغان دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىيالىغان ئىدۇق. لېكىن ئۆزى ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خەلقئارادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمان، جانىجان مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئابرويلۇق، كۈچلۈك تەشكىلى ئاپپاراتىمىزنى تىكلەپ كېتەلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكەت ئىچىدىكى قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلىرى ۋە خەلقئارادىكى ناھايىتى تېزدىن ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەتتىن كېيىن قالدۇق.

كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى شەرقى تۈركىستاننى بېسىۋالغان **50** يىلدىن بۇيان، خەلقىمىزنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھەققىدىكى تىنچ ئىنسانى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ھېچقاچان نەزەرگە ئالغىنى يوق. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تىنچلىقپەرۋەر خەلقىمىزنىڭ قانۇنى، سىياسى تەلەپلىرىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلماي، خەلقىمىزنى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىق توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا مەجبۇرلىدى. بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئاسسىمىلاتسىيەنى ۋە قىرغىنچىلىقنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېررور سىياستى يېرىم ئەسىردىن بۇيان كۈن ساناپ كۈچەيسە- كۈچەيدىكى، ھېچ ئاجىزلاشمىدى. مەسىلەن: **1990**- يىلى، ئاپرىل "بارىن ئىنقىلاۋى" ، **1995**- يىلى "**7** - ئىيول خوتەن ۋەقەسى"، **1997**- يىلى فېۋرالدىكى "غولجا ۋەقەسى" قاتارلىق خەلقىمىزنىڭ سىياسى كۈرەشلىرىنى بېيجىڭ ھۆكمرانلىرى رەھىمسىزلارچە قانلىق باستۇردى.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىلىرىدە، بولۇپمۇ شەرقى تۈركىستاندا مىللىتىمىزنى دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، مىللىتىمىزگە قارىتا قىرىپ يوقۇتۇش سىياستىنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ. ئۇلار دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا يۈز بەرگەن تېررورىستىك ۋەقەلەرگە قارىتا غەرىپتىكى بەزى مەملىكەتلەر تەرىپىدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان "تېررورىزىم"، "فوندامىنتالىزىم" دىگەندەك ناملارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتلىرىگە سۇئىستىمال قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۆز - ئۆزىنىڭ قانۇنى ھوقۇقىنى قوغداش مەقسىتىدە تىنچ سىياسى يول بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى رەھىمسىزلارچە قانلىق باستۇرىۋاتىدۇ.

نۆۋەتتە بىزنىڭ مىللى داۋايىمىزدا دۇچ كېلىۋاتقان جىددى مەسىلىلەر شۇكى، سىياسى كۆرەش بىلەن قۇراللىق كۆرەشنىڭ مۇناسىبىتى، مىللى داۋايىمىزنىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەرب، دۇنياسىدىكى يۆلىنىشى، دېموكراتىك خىتايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر.. قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەردە خەلقئاردىكى بەزى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە بەزى مەسئۇللىرىمىزنىڭ بۇ ساھادىكى سىياسەتلەرگە تۈتقان پوزىتسىيەسى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى ھەر خىل بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا شەرقى تۈركىستان داۋاسىدىكى بۇ خىل ھەل قىلغۇچ مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي، پىكىردە، ئىدىيەدە، ئىشتا بىرلىككە يەتمەي، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بارغىلى بولمايۋاتىدۇ.

بولۇپمۇ يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپانى ئاساس قىلغان ھۆر دۇنيا مەملىكەتلىرى بېيجىڭ ھۆكمرانلىرىنىڭ ئۆز مۇستەملىكىلىرىدە، خىتاي يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەت تېررۇر سىياستىنى پەيدىن ـ پەي چۈشىنىپ يېتىپ، "بېيجىڭ" ماركىلىق بۇ قىزىل يەلماۋۇزنىڭ سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تېنىچ ئامانلىقىغا تەھدىت سېلىپ، دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزىدە تۇرىۋاتقان بىردىن ـ بىر خەتەرلىك كۈچ ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار، 2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىتاي ئىمپىريالىزىمىغا شەرقى تۈركىستان، مانجورىيە، ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە تىبەتكە ئوخشاش مۇستەملىركىلىرىنى قوشۇپ قويۇپ ئۆتكۈزگەن دۇنيا ستىراتىگىيەسىدىكى زور خاتالىقىنى تونۇيۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلار خىتاينىڭ دۇنيا بازىرى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىگە قارىماي، شەرقى تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا دىققەت ـ ئېتىۋارنى ئالاھىدە تىكمەكتە.

يېقىنقى بىر ئىككى يىلدىن بۇيان بىزنىڭ مىللى داۋايىمىزغا، ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستانغا قىزىقىۋاتقان مەملىكەتلەر كۆپەيمەكتە. ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپادىكى كۆپلىگەن مەملىكەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرى، خەلقئار تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ يىغىنلىرىغا شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۆزلىرى چاقىرىپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشتا ئالاھىدە رول ئويناۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىنى "شىنجاڭ" دىگەن قانلىق قەپەزدە ئۇجۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ داۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلاتمايمەن، دىگەن

www.uyghurkitap.com

خام خىياللىرى تامامەن بىت ـ چىت بولدى. بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى چاقىرغان ئۆزىنىڭ 5 قېتىملىق ئومۇمىي يىغىندا، خلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنى ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىغا ئائىت 92 بەتلىك ئومۇمىي دوكلاتى 100 دىن ئوشۇق مەملىكەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر پارلامېنت ئەزالىرىغا، خەلقئار تەشكىلاتلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئەجەللىك بومبا بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز، خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇ ھەققانى، دادىل ھەرىكىتىنى چىن دىلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ نامىدىن ئۇلارغا تۈگۈمەس تەشەككۈرلىرىمىزنى ئىزھار قىلىمىز.

مۇشۇنداق بىر ئېچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت ئاستىدا، خەلقىمىزنىڭ كۈچلۈك ئارزۇ ـ تەلەپلىرىگە ئاساسەن گېرمانىيەدىكى "ياۋروپا شەرقى تۈركىستان بىرلىكى" "شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى" ۋە "دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى" نىڭ تەشكىللىشى، "خەلقئار شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى" نىڭ قوللىشى، گېرمانىيە ۋە باشقا ئەللەردىكى شەرقى تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ماددى ياردىمى بىلەن خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ تارىخىدا زور ئەھەممىيەتكە ئىگە بولغان 2- قېتىملىق "شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى" گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە غەلىبىلىك ھالدا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا خەلقئاردىكى 10 دىن ئارتۇق مەملىكەتلەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

سىزلەرگە مەلۇمكى، تاشقى دۇنيادىكى مىللى مۇجادىلىمىز، شەرقى تۈركىستانلىق مىللى رەھبەرلىرىمىزدىن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈف ئالپتېكىنلەر رەھبەرلىكىدە 50- يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ تۈركىيەنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرىدىن باشلانغان ئىدى. ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تەقازاسىغا ئاساسەن، داۋايىمىزنىڭ مەركىزىنىڭ ياۋروپانىڭ يۈرىگى بولغان گېرمانىيەگە يۆتكىلىشى ـ شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ داۋايىمىزغا پايدىلىق تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. قۇرۇلتايىمىز بۇندىن كېيىن پائالىيەتلىرىمىزنى

تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ نىشانلىق، تېخىمۇ مەركەزلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، قۇرۇلتاي نەتىجىسىدە قۇرۇلتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئاساسى جەھەتتىن ياشلاشتۇرۇلدى، قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېتىغا تارىخىمىزدا 1- قېتىم ئاياللاردىن 2 ۋەكىل كىرگۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۆز - ئارا پىكىرلىشىش، دوستلۇق، قېرىنداشلىق روھىدا ئۆتتى. قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان نىزامنامە، قارار خىتاپنامەلەر 1- قۇرۇلتاي ئېچىلغاندىن كېيىن 7 يىل جەريانىدا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئېلىپ بېرىشتىكى سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

قۇرۇلتاي ئىتتىپاقلىق، ھەمدەملىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، داۋايىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخى مۇساپىسىنى ئەسلەپ، مەسىلىلەرگە ئىلمى پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كونا ئەنئەنە ۋە قاراشلارغا تەنقىدى نەزەردە قاراپ، داۋايىمۇنى ئىمكان قەدەر دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشىپ، يېڭى سىياسەت، يېڭى تاكتىكىلارنى بەلگىلەپ، ۋەتەن خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر خەلقى تېنىچ، خاتىرجەم، دېموكراتىك ئاساستا ئۆز ۋەتىنى شەرقى تۈركىستاندا ئەركىن ياشاشنى خالايدۇ ھەم شۇنداق ياشاشقا قادىر مىللەتتۇر، تارىخلاردىمۇ شۇنداق بولغان، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىپ ياشىيالايدۇ. مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان ھېچبىر زامان ئاسىيا ۋە دۇنيا تىنىچلىقىغا تەھدىت سېلىپ، دۇنيا خەلقلىرىگە زىيان كەلتۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە زوراۋانلىقىنى توسۇپ، دۇنيا تېنىچلىقى ئۈچۈن تىگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ. ئەگەر شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا ئىدى، خىتاي شەرقى تۈركىستاننىڭ بايلىقىدىن ۋە كەڭ زېمىنىدىن پايدىلىنىپ بۈنچىلىك كۈچلۈنۈپ ئاتوم مەملىكىتىگە ئايلىنىپ كىتەلمەيتتى. شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا، خىتاي بۈگۈنكىدەك دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ مەملىكەت بولۇپ، دۇنيانىڭ خوجايىنلىقىنى تالىشالمايتتى. شەرقى تۈركىستاننىڭ بايلىقى بۈگۈن كوممۇنىست خىتاينىڭ ئىمپىرالىست كېڭەيمىچىلىكى ئۈچۈن ئاساسى بايلىق مەنبەسى بولىۋاتىدۇ.

بىز دۇنيا مەملىكەتلىرى، ياۋرۇپا مەلىكەتلىرى، ئىسلام مەملىكەتلەرى ۋە بارلىق دىندىكى، دۇنيا مەملىكەتلىرى بىلەن تىنىچ ئىناق بولۇپ ياشايمىز، ئىناق

خوشنىدارچىلىقنى تىكلەشنى خالايمىز بىزنىڭ مەقسىدىمىز ۋە مۇستەقىل داۋلىتىمىز دۇنيا خەلقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىر، ئۇنىڭ بىلەن زىت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا ۋە ياۋروپا باشچىلىقىدىكى ھۆر دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ بىزنىڭ مۇستەقىللىق داۋايىمىزنى قوللىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

قەدىرلىك ۋەتەنداشلار، 2- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى دەل پەيتىدە ئېچىلدى، دۇنيا ھازىر 21- ئەسىرگە قەدەم تاشلاش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. 21- ئەسىر دۇنيادا ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىش تازا كۈچەيگەن بىر دەۋىر بولىدۇ، بىزنىڭ شەرقى تۈركىستان داۋايىمىزمۇ دەۋر بۇلگۇچ بىر باسقۇچقا يېتىپ كەلدى. بۇ ھەق، ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق ھەر- گىزمۇ باشقا تەرەپتىن ئىنئام قىلىنمايدۇ، بىز مىللىتىمىزنىڭ ھەق — ھوقۇقىنى پەقەتلا ھەممىمىز بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ قىلغان كۆرەشلىرىمىز نەتىجىسىدىلا قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

يېڭى 21- ئەسىر ئۇپۇقىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى قىزىرىۋاتىدۇ، تاڭ ئېتىۋاتىدۇ. تۇرايلى! "شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى" نامىلىق بۇ باش ئىشتابىمىزنىڭ ئەتراپىغا بىر نىيەت، بىر مەقسەت بىلەن چىڭ ئۇيۇشۇپ، داۋايىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى! ياشىسۇن 2- قۇرۇلتايىمىزنىڭ روھى! ياشىسۇن ھۆر، ئازات، مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان!

**1999- يىلى، 24- ئوكتەبىر، مىيونخىن — گېرمانىيە**

# خىتاي كومۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قەتلىئام قىلىشى دەرھال توختۇتۇلسۇن!

بۈگۈن كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (شەرقى تۈركىستان) نىڭ غولجا شەھرىدە يۈز بەرگەن "غولجا قانلىق ۋەقەئەسى" نىڭ 3- يىلى،

بۇنىڭدىن 3 يىل ئىلگىرى، 1997- يىلى 5-6- فېۋرال كۈنلىرى، مىڭلىغان ئۇيغۇرلار بېيجىڭدىن 4000 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى غولجا شەھرىدە 30 دىن ئوشۇق دىنى ئۆلىمالارنىڭ بېيجىڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۇلۇغ رامازان ۋاقتىدا قولغا ئېلىنغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، كوچىلارغا چىقىدۇ. لېكىن بۇ تىنىچ نامايىشنى سىياسى يول بىلەن قانۇنلۇق ھەل قىلىش ئورنىغا، بېيجىڭ فاشىت دائىرىلىرى ئۇنمىڭلاپ ساقچى، ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاسماندا ھېلىكوپتەر، يەردە بىرونېۋىك، تانكىلارنى ئىشلىتىپ، قولىدا تۆمۈر سۇنۇقى بولمىغان ئۇيغۇرلارنى دەھشەتلىك ھالدا ئوتقا تۇتىدۇ. بىر تەرەپتىن ياش ئاققۇزىدىغان بومبا ھەم شۇنداق قاتتىق سوغاقتا يۇغان شىلانكىلارئارقىلىق نامايىشچىلارغا سۇ چېچىپ ئومۇمى يۈزلۈك قەتلىئام ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە 400 دىن ئوشۇق نامايىشچىلار نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. يۈزلىگەن نامايىشچىلار يارىدار قىلىنىدۇ. پەقەت شۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە كىچىككىنە غولجا شەھرىدىن 5000 دىن ئوشۇق كىشى قولغا ئېلىنىدۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىلى ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەنگە ئوخشاش شەھەرلەردە ھەربى ھالەت ئېلان قىلىنىپ، "بۆلگۈنچى ئۇنسۇر"، "ئىسلام فوندامىنتالىستلىرى" ھەم "تېررورىست" دىگەن بەدناملار بىلەن بېيجىڭ دائىرىلىرى ئۇنمىڭلاپ شەرقى تۈركىستانلىقلارنى قولغا ئېلىپ زىندانلارغا تاشلىدى. ھازىرغىچە مىڭلىغان ياشلارنىڭ ئىزدىرەگى يوق. دۆلەت تېررورىنى ئاساسى قىلغان خىتاي كوممۇنىستلىرى 16 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان شەرقى تۈركىستانلىقلارنى يوقۇتۇشنى نىشان قىلىپ، ھەر خىل باھانە ـ سەۋەپلەر بىلەن ئۇلارنى قارا ـ قۇيۇق قولغا ئالماقتا، ئۆلتۈرمەكتە...

* شەرقى تۈركىستان ھازىر پۈتۈن خىتاي بويىچە سىياسى جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىۋاتقان بىردىن ــ بىر ئۆلكەدۇر. خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتى دوكلاتىدا 1997- يىلى يانۋاردىن ئۆتكەن يىلىنىڭ بېشىغا قەدەر 210 كىشىگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنىپ، 190 غا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان. بۇلار مۇتلاق كۆپچۈلۈگى ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار"بۆلگۈنچى" ئىسلامىك فوندامىنتالىست" ھەم "تېررورىست دىگەندەك بەدناملار بىلەن ئەيىپلەپ، نائادىل، مەخپى سود قىلىش يوللىرى بىلەن ئۇمۇمى يۈزلۈك جازالانماقتا، دەپ ئۇقتۇردى. شەرقى تۈركىستاندا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ نىسبىتى ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىغا سېلىشتۇرغاندا خىتاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە يۇقىرى، 1990- يىلى "بارىن ۋەقەسى" دە قولغا ئېلىنغان يۈزلىگەن سىياسى مەھبۇسلار ھازىرغىچە تۈرمەلەردە ياتماقتا، دەپ كۆرسىتىدۇ. قالايمىقان قولغا ئېلىش دەھشەتلىك ھالدا داۋاملىشىپ، شەرقى تۈركىستاندىكى تۈرمىلەردە يۈز مىڭلاپ مەھبۇسلار ئازاپ چەكمەكتە، سىياسى جىنايەتچىلەرنى قىيناش ئۇمۇمى يۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدا قوللىنالمايدىغان دەھشەتلىك ئۇسۇللارنى شەرقى تۈركىستاندا قوللانماقتا.

خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتى Human Rights watch / Asia U·S· Department of State ھەم ياۋرۇپا پارلامىنتلىرىنىڭ ئەيىپلەش، ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قارىماي، خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقى تۈركىستاندا ئاسىملاتسىيە ھەم ئىرقى قىرغىنچىلىقنى ئاساسى قىلغان دۆلەت تېررور سىياسىتىنى دەھشەتلىك تۈردە يۈرگۈزمەكتە.

* ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمى خەلقلەردىن بولۇپ، تىل جەھەتتىن ئالتاي تۈركى تىل گرۇپپىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى لەھچىسىدە سۆزلىشىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ، ئىرقى، دىنى، مەدىنىيەت ھەم ئۆرپ ــ ئادەتلىرى خىتايلاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. مۇستەقىل مەنبەلەرگە قارىغاندا، شەرقى تۈركىستاندا 20 مىليون ئەتراپىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ياۋرۇپا، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋىستىرالىيە ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا بىر مىليوندىن ئوشۇق ئۇيغۇرلار ياشايدۇ.

• ئۆزىنىڭ پۈتۈن تارىخى بويىچە شەرقى تۈركىستان، ئۇيغۇرىستان، قەشقەرىيە ئاساسەن مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ياشاپ كېلىپ مانجۇ خىتاي ئىمپىرىيەسىنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن بېسىپ ئېلىنىپ، 1884- يىلى نويابىردا مانجۇ _ خىتاي ئىمپىرىيىسىگە 19- ئۆلكە قىلىپ قوشۇپ ئېلىنغان ھەم ئۇنىڭ نامى "شىنجاڭ" (يېڭى مۇستەملىكە) غە ئۆزگەرتىلگەن. شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى بىر كۈنمۇ توختۇتۇپ قويماي، 1863- يىلى 1877- يىلغىچە قەشقەرىيە دۆلىتى، 1933- يىلى 1937- يىلى شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، 1944- 1949- يىلغىچە شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرغان. 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىدا دىكتاتور ستالىنىنىڭ خىيانىتى ھەم ساتقىنلىغى بىلەن ماۋنىڭ كوممۇنىست ئارمىيەسى شەرقى تۈركىستاننى قانۇنسىز ئىشغال قىلىۋالدى.

• 1950- يىلدىن ھازىرغا قەدەر 50 يىلدىن بۇيان بېيجىڭ ھۆكمرانلىرى شەرقى تۈركىستاندا ئاسسىملاتسىيە ھەم ئىرقى قىرغىنچىلىق سىياستىنى سىستىمالىق يۈرگۈزۈپ:

(1) مىليونلىغان خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقى تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇردى. 1949- يىلى ئاھالىنىڭ 3%تىنى تەشكىل قىلغان خىتايلار بۈگۈن ئاھالىنىڭ يېرىمىدىن كۆپىرەگىنى تەشكىل قىلىپ، شەرقى تۈركىستانىنىڭ قانۇنى، تارىخى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتەنلىرىدە ئازسانلىق ھالغا چۈشۈرۈلۈپ، 2- دەرىجىلىك گراژدانلارغا ئايلاندى.

(2) 1955- يىلى 1- ئۆكتەبىردە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىغە مەجبۇرى تاڭغان ئاتالمىش "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" دىگىنى شەرقى تۈركىستان ۋە دۇنيا خەلقىنى ئالدايدىغان ساختا ئاپتونومىيە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىگە قويۇلغان سىياسى قىلتاقتۇر. ھۆكۈمەت، پارتىيە، ئارمىيە ئورۇنلىرىنىڭ 95 %نىڭ كۆپىرەگىنى خىتاي كۆچمەنلىرى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقى يوق.

(3) خىتاينىڭ قانداق جايلىردىن پەرقلىق ھالدا توغۇتنى چەكلەش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، مەجبۇر ئابورتىشئۇن ھەم توغماسلىق ئوپېراتسىيەلىرى ئۆمۈملاشتۇرۇپ، يەرلىك ئاھالە نوپۇسىنى جىددى ھالدا ئازايتىشقا باشلىدى.

(4) 46 قېتىملىق ئاتوم سىناقلىرىنى يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن مۆھىتنى بۇلغى 260,000 شەرقى تۈركىستانلىقلار ئاتوم زەررىچىلىرىنىڭ گۇناھسىز قۇربانى بولد

(5) شەرقى تۈركىستان يەر ئاستى ـ يەر ئۈستى بايلىقلىرىدىغا بەك باي، بايلىقلار بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىنىۋاتىدۇ. يەرلىك خە بۇ بايلىقلاردىن مەنپەئەتدار ئەمەس. يەرلىك ئاھالىنىڭ 90 % كەمبەغەللىكنىڭ ئ تۆۋەن دەرىجىسىدە ياشايدۇ.

(6) دىنى، مەتبۇئات ۋە سۆز ئەركىنلىكلىرى قاتتىق چەكلەنگەن، ھەت ۋەتەننىڭ تارىخى، مىللى، قانۇنى نامى "شەرقى تۈركىستان"نى ئېيتىش جىنايە ئۇنى ئاتىغۇچىلار تۈرمىلەرگە تاشلىنىدۇ.

(7) سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنى، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتىن بېيجى دائىرىلىرى يوقۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، خىتايلاشتۇرۇشنى جىددىلەشتۈرمەكتە

(8) قالايمىقان قولغا ئېلىپ قاماش سىياسىتى جىنايەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈش تۈرمىلەردە قاتتىق قىيناپ، ئازاپلاش ئۆمۈمى يۈزلىك، پۈتۈن شەرقى تۈركىستان دۆلەت تېررۇر سىياسىتى شىددەت بىلەن داۋاملاشتۇرىلىۋاتىدۇ.

شەرقى تۈركىستانلىقلار خىتاي ئەمەس، شەرقى تۈركىستان ھېچقاچان خىتاينى بىر پارچىسى بولغان ئەمەس. ئۇ پەقەت كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسىنى مۇستەملىكىسىدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەقسىدى، كوممۇنىست خىتايلارنى مۇستەملىكىچىلىكگە خاتىمە بېرىپ، ھۆر ئازات، مۇستەقىل دېموكراتىك دۆلە قۇرۇش.

شەرقى تۈركىستاندا بېيجىڭنىڭ دۆلەت تېررۇرىنىڭ دەھشەتلىك ھالد داۋاملىشىشى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقا ئىنسانىيەت فاجىئەلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ھەم ئۆزلىرىنىڭ بېيجىڭدى ئالىدىغان پايدىلىرىغا تەسىر يەتمەسلىكى ئۈچۈن سۈكۈت ساقلىشىدىن ئىبارەت. بى ئاۋىستىرالىيەدىكى شەرقى تۈركىستان جامائەتچىلىكى ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتى ۋ جامائەتچىلىكىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم كۆرسىتىپ، شەرقى تۈركىستاندىكى

قەتلىئاملارنى دەرھال توختىتىپ، سىياسى جىنايەتچىلەرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشكە ئۈنۈملۈك چارە تەدبىرلەر ئېلىپ، شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق داۋاسىغا ياردەم بېرىشكە چاقىرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن،

ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئىمزا)

ئاۋىستىراليە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى
ھەم NSW شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى

2000- يىلى، 23- يانۋار. لىۋېرپول - سىدنېي

# ۋىكتورىيەنىڭ بۇفالو تېغىدا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ بىرلەشمە مەشرىپىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، بۈگۈن ـ ۋىكتورىيەنىڭ بۇ گۈزەل ئوۋېنس جىلغىسىدا ئۆتكۈزۈلىۋاتقان بىرلەشمە مەشرەپ ئادېلايدې، سىدنېي ھەم مېلبورندىن 70 شەرقى تۈركىستانلىقنىڭ مەشرەپ ئەھل يوللارنىڭ ئۇزۇن، جاپالىقلىقىغا، ئىشلىرىنىڭ جىددىيلىكلىرىگە قارىماي مىللىتىمىزنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسى بولغان مەشرەپنى قېرىنداشلىق دوستلۇق روھ بىرگە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە يىغىلدى. مەن مەشرەپ رەھبەرلىك ھەيئىت نامىدىن بىرلەشمە مەشرەپ قاتناشچىلىرىنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەپ، ئۇلارنى بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىگە زور مۇۋافقىيەتلەر تىلەيمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى: نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە شەرقى تۈركىستان خەلقى مەشرەپنى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتى دەستۇرلىرى ھېساۋىد داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ھەقىقەتەنمۇ مەشرەپ خەلقىمىزنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى ۋ مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنى، رەڭدا شەكىللىرى، ئاجايىپ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بىلەن ئۇزۇن تارىخى دەۋىرلەردىن بۇيا مىللىتىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، مەدەنىيەت ئىلىم – پەن، گۈزەللىك ۋە ئۆملۈكنى سۆيىدىغان ۋە ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيدىغا قەھرىمان خەلقىمىز بىلەن بىرگە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

مەشرەپ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىغا كۆرە، يالغۇزلا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخى تەرەققىيات جەريانىد يېتىشىپ كەلگەن سىياسى، ئىجتىمائى، مەدىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئىلىم – پەن ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ھەممە ساھالىرى بويىچە ۋايىغا يېتىپ، ئەۋلاتلارنى تەربىيەلەپ كەلگەن ئۇلۇغ ئاممىۋى مەكتەپتۇر.

ئەفسۇسكى: كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ پۈتۈن بارلىقىنى تارتىۋالغانلىقى ئاز دەپ، ئەجداتلارنىڭ ئۆلمەس مىراسى بولغان

مەشرەپنى كۆزنگە قادالغان مىخ كۆرۈپ، 1995- يىلى غولجىدا باشلانغان ئاممۋى مەشرەپ ھەرىكىتىگە قارشى ھەر خىل ھىلە _ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، ئاخىرى بۇ ئاممۋى خەلق ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرۇپ ھەم قانلىق باستۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.

ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ دات _ پەريادىنى ئۇزاقتىن تويۇپ كېلىۋاتقان ئاۋىستىرالىيەدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار، 1997- يىلى 4- 5- فېۋرالدا غولجىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەرنىڭ كۆچلۈك تەسىرى ئاستىدا، غولجا شەھرىدە ۋەتەنپەرۋەر ياشلىرىمىز قوزغىغان ئىلى مەشرەپنى ئاۋىستىرالىيەدە قانات يايدۇرۇپ، ئىلى ياشلىرىنىڭ ئىنقىلاۋى ئەنئەنەسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى ۋە ياشلىرىمىزنىڭ غەيرىتى بىلەن خەلقىمىز كۆپرەك جايلاشقان ئادىلايدې شەھرىدە ئۇنىڭدىن كېيىن سىدنېي شەھەرلىرىدە "ئوتتۇز ئوغول مەشرىپى" نى تەشكىللەشكە كىرىشىپ رەسمى ھەر ئايدا بىر قېتىم دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان مەشرەپنى باشلىدۇق.

ئىلى مەشرىپىنى يىراق ئاۋستىرالىيەدە ئۆزىمىزنىڭ نوپۇسىمىزنىڭ ئازلىغى، جايلاشقان ئورۇنلىمىزنىڭ بىر _ بىرىمىزدىن يىراق چېچىلىپ كەتكەنلىگىمىز، ھەر قايسىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالاھىدە ئەھۋاللىرىمىزغا ئاساسەن، مەشرىپىمىزنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ۋە شەكلىنى ساقلاپ، ئۇنى ھازىرقى شەرقى تۈركىستان داۋاسى تەقەززا قىلىۋاتقان مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتۇق. 1997 _ يىلى 30- ئاغۇست 34 نەپەر مەشرەپ ئەھلىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن مۇنتەزىم، كۆچلۈك ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان ياشلار مەشرىپى نىزامنامىسى تەستىقلىنىپ، مەشرەپ يىتەكچى گۇرۇپپىسىغا قازى، يىگىت بېشى، مۇفتى، پەششاپ، كۆل بىگىلەر سايلاندى. مەشرەپ نىزامنامىسىدە مەشرەپ ھەققىدە:

ستراليەدىكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يېزىلغان. بۇندىن باشقا مەشرەپنىڭ تەرتىۋى، مەشرەپ ئەھلىنىڭ ۋەز
مەشرەپ يىتەكچى گورۇپپىسىنىڭ ۋەزىپىسى، قازي، مۇفتى، يىگىت بېش
پاششاپ ۋە كۆل بېگىلەرنىڭ ۋەزىپىسى دىگەنلەر، مەشرەپ نىزام نامىسىدا ئې
مۇقىملاشتۇرۇلغان.

تۆرت سائەتلىك بۇ مەشرەپتە، مەشرەپنىڭ باشلانغانلىقى ئېلان قىلىنغاد
كېيىن ۋەتەن ھەققىدىكى خەۋەرلەر،ئېقىم مەسىللىرى، جامائىتىمىز ئىچىد
مەسىلىلەر، ھەم كىتاپلاردىن بىرەر ئابزاس ئوقۇلىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسلەر
قىسقىچە تەبلىغ ئېلىپ بېرىلىپ، ناماز ۋاقتى توغرى كەلگەندە مەشرەپ ئەه
بىرلىشىپ ناماز ئوقۇيدۇ. گۆلچاينىڭ ئايلىنىشى بىلەن ئۆز – ئارا دوستلۇق
ئىتتىپاقلىق، ۋەتەن، مىللەت ھەققىدىكى بېيت – شېئىر، يۇمۇر، لىتىپىلەر ئېيتىل
ئارىلاپ نەغمە – ناۋا، مىللى ئۇسۇل، مەشرەپ ئويۇنلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. ئاخىر
مەشرەپ ئەھلىنىڭ 2 مەشرەپ ئارىلىغىدا يۈزبەرگەن يىتەرسىزلىك – نوقسانلى
بىتەرەپ قىلىنىپ، ھەر خىل ئەھۋاللارغا قارىتا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىل
ماددى ۋە مەنىۋى جەرىمانە ۋە چارىلار بىرىلىپ، كېيىنكى مەشرەپنى ئالغۇچىلارت
رەسمىيتى ئۆتۈلۈپ، مەشرەپ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلىنىدۇ.

ئېلى مەشرىپى ئادېلايدېدا ئۈچ يىلدىن ئۇشۇق، سىدنېيدا ئىككى يىلد
ئۇشۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئىزچىل تۈردە غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ جەريان
بىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىمىز ئىنتايىن زور، بىز بۇ مەشرەپ ئاتالمى
ئەجداتلاردىن قالغان بۇ مەنىۋى ھەم ماددى بايلىغىمىز ئارقىلىق مەشرەپك
قاتناشقان ۋەتەنداشلاردىن سىرت، پۈتۈن خەلقىمىز ئارىسىدا دەسلەپكى ئۆز ئا
چۈشۈنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەجداتلار ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كوممۇنىس
خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قاتمۇ – قات زۇلمى ئاستىدا قالغان ۋەتەن خەلقىمىزن
ئېچىنىشلىق ھاياتىنى چۈشەنگەن، ئۆز – ئارا قېرىنداشلىق ئىتتىپاقىمىزن
ئىلگىرى سۈردۇق. شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئۆنۈملۈك يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئال
بىلەن ئىتتىپاقلىق كېرەك ئىكەنلىگىنى بىلدۇق. بىز مەشرەپ ئارقىلىق ۋەتەن
خەلقئاردىكى مەسىلىلەرگە بولغان توغرى كۆز قارىشىمىزنى ئۆستۈردۇق. بۇنىڭ
ئوقۇلغان كىتاپ، گېزىت، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ رولى چوڭ بولدى. مەشرە

بىزگە دىن، ئەدەپ، ئەخلاق، ئىسلامچە ياشاش تەرەپلەردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتتى، ئاللاھنىڭ بىر، قۇرئاننىڭ ھەقلىقىغا بولغان ئىشەنچىمىز كۆپ ئاشتى.
مەشرەپ بىزنىڭ ئاۋىستىرالىيەدە مىللى مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىش، مىللى مىراس مەدىنىيىتىمىز، گۈزەل ئەخلاق، ئۆرپ – ئادەتلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشتا بىرگە ئالاھىدە ئىجابى نەتىجىلەر بەردى. شۇ نەتىجىلەر بىلەن بىرگە ھېلىمۇ بىر قىسىم ئىتتىپاقلىققا دائىر بەزى مەسىلىلەر ساقلىنىپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى نۇقتىلۇق تۇتۇپ ئۇنى بىردىن - بىر ھەل قىلىشقا توغرى كېلىدۇ. (بۇ يەردە كۆپرەك ئەمىلى مەسىلىلەرگە توختالسا بولىدۇ. ئۇندىن كېيىن ھەل قىلىشقا تىگىشلىك مەسىلىلەر، يەتمەكچى بولغان نىشان). بۇ يەردە سۆزلەپ ئۆتۈشكە تىگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى، بەزى قېرىنداشلىرىمىزدا مەشرەپكە بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىگى بولۇپ، ئۇلارچە مەشرەپنى مۇنداق كۆڭۈل ئېچىش ھەرىكىتى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ھەرىكەت ھىساۋىدا كۆرىدۇ.
ئويلاپ باقايلى، **1997**- يىلى **5**- **6**- فېۋراللاردا غولجىدا يۈز بېرىپ، شەرقى تۈركىستاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، دۇنياغا داڭ كېتىپ،جاھانغا ئۈيغۈرنى، شەرقى تۈركىستاننى تونۇشتۇرغان ئۇلۇغ ئىنقىلاپ - مەشرەپنىڭ ئاتاقلىق يىتەكچىلىرى ئابدۇ خېلىل ئابدۇ مېجىت، ئابدۇسسالاملار **1994**- يىللاردىن باشلىغان شەرقى تۈركىستاندا **10** مىڭلىغان ياشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاخىرىدا ئۇلۇق ئېقىن بولۇپ، كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىغا ئەجەللىك سوققا بەرگەن شۇ مەشرەپ ئەمەسمىدى؟ كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى مەشرەپنى چەكلىدى، ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلارنى قاتتىق باستۇرىۋاتىدۇ. بۇ يىل **10**- ئاينىڭ **17**- كۈنى چاپچال سۇ تۈرمىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ ئاممۇۋى مەشرەپ ھەرىكىتىنىڭ ئاتاقلىق يىتەكچىسى ئابدۇ خېلىل ئابدۇ مېجىتنى قاتتىق قىيىن – قىستاقلاردىن كېيىن شەھىد قىلدى. بۇ ھەقتە خەلقئار كەچۈرىم تەشكىلاتى باشلىق ئاممۇۋى تەشكىلاتلار، خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى، شەخسلەر ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا شەخسلەرگە ئىمكانىيەتلىرى يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، ھەر خىل - ھەر شەكىللىدىكى نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى ھەم داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. لېكىن بىزدە يا بىرەر شەخس، يا مەشرەپ نامىدىن ۋەياكى جەمئىيەت نامىدىن پائالىيەتقۇ بىر تەرەپتە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەقەللىسى بىر- ئىككى سۆز ئېيتىپ ئۆز

ئىپادىمىزنى ھازىرغىچە بىلدۈرەلمىدۇق. يا شۇ مەرھۇملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلى
مۇناسىپ يوللار ئارقىلىق ياردەم بېرىپ، تەسەللى ئېيتالمىدۇق، بۇلارنى قىلى
قانداق قىلىپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىن سۆز ئاچقىلى بەلسۇن؟ ھەممىمىز جان بېقى
كويىغا چۈشۈپ كەتتۇق. مەشرەپ كۆكۈل ئىچىش يوللىرى بىلەن كەتمىسۇ
مەشرەپنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان خەلقىمىز ھاياتى بىلەن چەمبەرچە
باغلىنىپ، مىڭلارچە يىللىق دەۋىرلەر سىنىقىدىن ئۆتۈپ، زوراۋان كۈچلەرنىڭ د
خىل باستۇرۇشلىرىدىن غالىپ چىقىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىدە، تۇرمۇش ئەمىلىيىتى
ساقلىنىپ كىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇ مەشرەپنىڭ ھاياتى كۈچىنى ساقلىغان قەھرىما
خەلقىمىز ھايات، بىزمۇ ئاز بولساقمۇ شۇ خەلقنىڭ بىر پارچىسىغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈ
ھەر بىر مەشرەپ ئەھلى شۇ مەشرەپنىڭ ئۇلۇغ ھايات بەخش، جەڭگىۋار كۈچىنى
ئۆز قەلبىدە مەڭگۈ ساقلاپ، ئەجداتلار قالدۇرغان، ئەۋلاتلار داۋاملاشتۇرىۋاتقان
شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) داۋاسىغا مۇناسىپ تۆھپىمىزنى قوشۇشىمى
كېرەك.

NSW ۋە ۋىكتورىيە چېگراسى - ئۇۋېنس جىلغىسى
2000 - يىلى، 27 ــ دىكابىر

# ئاۋىستىرالىيەدە بىرلەشمە مەشرەپ

دۇنيا مەركەزلىرىدىن ئۇزاقتا جايلاشقان، ئاۋىستىرالىيەدە ھازىر 1000 ئەتراپىدا شەرقى تۈركىستانلىقلار ياشايدۇ.

ئۇلار 1980- يىللارنىڭ ئاخىرىدا تەشكىللىنىشكە باشلاپ،ئۆز ۋەتىنى - شەرقى تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ تەرىپىدىن يوقۇلۇش تەھدىتىگە ئۇچرىغان تىلى، دىنى، ۋە مەدىنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەۋجۇتلىغىنى ساقلاپ قېلىش، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ خەلقئارلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ، 1992- يىلى قۇرۇلغان ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى رەھبەرلىگىدە ھەم ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىغى بىلەن ھەر خىل تىپتىكى سىياسى، مەدىنى، ۋە دىنى پائالىيەتلەر ئارقىلىق يېڭى – يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئاھالىمىز كۆپرەك جايلاشقان ئادېلايدې شەھرىدە شەنبە – يەكشەنبە كۈنلىرى ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر تىلى مەكتىۋىمىز 30 ئەتراپىدىكى پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆز تىلىمىزدا ئوقۇتىۋاتىدۇ. 1993- يىلىنىڭ ئاخىرى سېتىپ ئېلىنغان مەسچىتىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئىمامىمىز جامائەتچىلىگىمىزنى ئىسلام دىنىمىز ھەم ئىسلام ئەقىدىمىز بىلەن تەربىيەلەۋاتىدۇ.

1995- يىلى غولجىدا باشلانغان ئاممۇى مەشرەپ ھەرىكىتى 1997- يىلى فېۋرالدا يۈز بەرگەن قانلىق باستۇرۇشلاردىن كېيىن، ۋەتىنىمىزدىكى ياشلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىدىن ئىلھاملانغان جامائەتچىلىگىمىز دەسلەپ 1997- يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا ئادېلايدېدا 1998- يىلى سېدنېيدا غولجىدا ياشلىرىمىز باشلاپ بەرگەن ئەجداتلارنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەۋەررۈك مىراسى مەشرەپنى ئاۋىستىرالىيەدىمۇ باشلاپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننى دۆلەت تېررور سىياستى بىلەن قانلىق تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يانچىپ كېلىۋاتقان كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرى 1997- يىلى غولجا قانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن ئون مىڭلاپ ياشلارنى ئۆلتۈرۈپ قىرغىن قىلىپ، ئۆتكەن يىلى 10- ئاينىڭ 17- كۈنى چاپچالدىكى سۇ تۈرمىسىدە مەشرەپ

ھەربىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرسى ئابدۇ خېلىل ئابدۇلمىجىتنى ۋەتەن ق
قىستاقلاردىن كېيىن شېھىد قىلدى. بۇ فاجىئەدىن خەۋەر تاپقان ئاۋىستىرالىيە
مەشرەپ ئەھلى ئادېلايدې، سىدنېي ھەم مېلبورنلاردىن بولۇپ ئۇلۇغ ئۇششاق
كىشىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن NSW بىلەن ۋىكتورىيەنىڭ چېگراسىغا يې
جايلاشقان ئۆۋېنس جىلغىسىدىكى VALLEY HOMESTEAT دەم ئېل
لاگېرىدا ئۆزىنىڭ بىرلەشمە مەشرىپىنى باشلىدى.

بىرلەشمە مەشرەپ نەق 30 كۈنلۈك ئۇلۇغ رامازان ئېيى تۈگەپ روزا ھېيتىنىڭ
كۈنگە توغرى كەلدى. مەشرەپ ئەھلى 2000- يىلى 27- دېكابىر كۈنى ت
سەھەردە بىرقانچە يۈز كىلومېتىر يول يۈرۈپ، مېلبورندىكى ئىمام ئېلى مەسچىت
بېرىپ، ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ، بىر ـ بىرىنى روزا ھېيت بايرىمى بىلەن قۇتلاشتى
شۇكۈنى كەچتە شۇ بىرلەشمە مەشرەپ رەسمەن باشلاندى. دەم ئېلىش زالىنى
كونفىرانسىيە زالىنىڭ تۆرىدىكى ئاق پىلاكاتقا چىرايلىق قىلىپ ئۇيغۇرچە ۋە
ئېنگىلىزچە تىللىرىدا "ئاۋىستىرالىيەدە شەرقى تۈركىستان مەشرىپى" دېگ
خەتلەر يېزىلغان پىلاكات ئېسىلغان، پىلاكاتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇلۇغ ۋەتىنىم
شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى، سول تەرەپكە ئاۋىستىرالىيە
دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان ئىدى.

بىرلەشمە مەشرەپ يىگىت بېشى بىرلەشمە مەشرەپنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان
قىلغاندىن كېيىن ئىمام سېيىپىددىن 1997- يىلى غولجا قانلىق ۋەقەسى، ئۇندىن
ئىلگىرى - كېيىن كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىز ئازاتلىقى
يولىدا شېھىد قىلىنغان ئابدۇ خېلىل ئابدۇلمىجىت باشلىق قۇربانلارنىڭ روھىغا
ئاتاپ خەتمە تىلاۋەت قىلدى ھەم مەشرەپ رەھبەرلىرى تەرىپىدىن مەشرەپ ھە
ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە قىزغىنلىق ھەم تەسىرلىك چۈشەنچىلەر
بېرىلىپ، مەشرەپ باشلاندى.

بىرلەشمە مەشرەپ ئۆزىنىڭ كۆڭ تەرتىۋىگە ئاساسەن، كەچتە مەشرەپ ئۆتكۈزىسە
كۈندۈزلىرى ھەر خىل سپورت مۇسابىقىلىرى، باللارنىڭ يىغىلىش ئويۇنلىرى
ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن تونۇشۇش، تاغلارغا چىقىش، تارىخى ئورۇنلارنى زىيارەت
قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. 28- دېكابىر مەشرەپ ئەھلى بىرايت
ناھىيىسىنى ئايلىنىپ، بۇفالو تېغىنى ساياھەت قىلغان بولسا، 29- دېكابىر كۈنى

مەشرەپ ئەھلى ئاۋىستىرالىيە بۇيىچە 1886 مېتىرلىق 3- ئېگىز تاغ خوتىسخام تېغىغا چىقتى.

بۇ ئەتراپتىكى يېشىل تاغلار، گۈزەل جىلغا ـ سايلار، قويۇق ئورمانلارتېنىق كۆللەر، ئېللىق تاغ ھاۋالىرى مەشرەپ ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىپ، خوشال ھىسلارغا چۆمۈلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا باسقۇنچى دۈشمەن زۇلمى ئاستىدا قالغان سۆيۈملۈك شەرقى تۈركىستاننىڭ كەڭسايلىرىنى، مولغۇلكۆرەنىڭ موخورلىرىنى، ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبى تاغ ـ بوغدا كۆللىرىنى، ئۈچتۇرپاننىڭ گەزەل يايلاقلىرىنى، قەشقەرنىڭ مېۋىلىك باغلىرىنى، ھەتتا تەكلىماكاننىڭ دەشت ـ چۆللىرى بىلەن ئۇنىڭدا ئۆسكەن شىۋاقلىرى ھەققىدە ئۇزاق ـ ئۇزاق سۆزلىشىپ، ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ ـ سېغىنىپ ئەسلەشتى.

بىرلەشمە مەشرەپنىڭ 3- كۈنى كەچتە بىرلەشمە مەشرەپنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، بىرلەشمە مەشرەپنىڭ ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈلگەنلىگى، بۇندىن كېيىنمۇ ۋەتەنداشلار ئىتتىپاقلىغىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللى موجۇتلىغىمىزنى ساقلاش ۋە شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەر يىلى بىر قېتىم "بىرلەشمە مەشرەپ" ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلىشتى.

2001 ـ يىلى، 9- يانۋار. لىۋېرپول ـ سېدنېي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىلگىيە خەلقئارلىق كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا
# Demenegue De Mees جاناپلىرىغا

ھۆرمەتلىك جاناپ:

مەن بۇ خېتىمنى يىراق ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان كىچىككىنە مىللى گرۇپ بولغان شەرقى تۈركىستانلىقلار نامىدىن يېزىۋاتىمەن.

مېنىڭ ۋەتىنىمنىڭ ئەسلى ئىسمى شەرقى تۈركىستان، لېكىن بېيجىڭ كوممۇنىست ھۆكۈمىتى "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" دەپ ئاتايدۇ.

يەرلىك ئاھالىنىڭ ئاساسى كۆپ قىسمىنى تۈركى تىللاردا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىپ، شەرقى تۈركىستان ـ ئۇيغۇرىستان تارىخى، قانۇنى مىللى مەدىنىيەت تەرەپتىن مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئانا ۋەتىنى ھىساپلىنىدۇ. شەرقى تۈركىستان ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتىگىيەلىك ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، ئاسىيانىڭ نەق قەلبىگە ئورۇنلاشقان، ئۇ موڭغۇلىيە، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، پاكىستان، ھىندىستان، تىبەت ۋە خىتايلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەر مەيدانى 1,828,418 كۋادىرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاھالىسى ھۆكۈمەت ستاتىستىكاسىدا 18 مىليون بولۇپ، مۇستەقىل مەنبەلەردە يەرلىك ئاھالە 20 مىليون ئەتراپىدا.

شەرقى تۈركىستان خەلقى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆز ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىغى ۋە مىللىتىنىڭ ئەركىنلىگى ئۈچۈن چەتئەل مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن جان تىكىپ كۆرۈشۈپ، ئۆز مۇستەقىللىغىنى ساقلاپ كىلىۋاتقان قەھرىمان مىللەتتۇر. پەقەتلا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىلا 2 قېتىم ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرغان، لېكىن دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرنىڭ سىياسى غەرەز، ئىقتىسادى مەنپەئەتلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ، 1949- يىلىنىڭ ئاخىرى دىكتاتور ستالىننىڭ قارا يۈزلەرچە قىلغان خىيانىتى، ساتقۇنلىغى بىلەن شەرقى تۈركىستان ماۋزېدۇڭنىڭ جاللات ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەجبۇرى، قانۇنسىز بېسىپ ئېلىنغان، بېيجىڭ كوممۇنىست ئىمپىرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسىدۇر.

51 يىلدىن بۇيان بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىمىلاتسىيەنى ئاساس قىلغان، تۆۋەندىكىدەك دۆلەت تېررور سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ.

1. ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋەم ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى.

2. مىليونلاپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ۋەتىنىدە ئاز سانلىق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

3. يەرلىك ئۇيغۇرلارغا قارىتا تۇغۇتنى چەكلەش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۇيغۇرلارنى "يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش" سىياسىتىنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ.

4. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى – يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى بۇلاپ، ئۇيغۇرلارنى كەمبەغەللىككە چۈشۈردى.

5. بېيجىڭنىڭ ئاتالمىش "ئاپتونومىيەسى" يالغان سىياسىي قىلتاق بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمەت، پارتىيە، ئارمىيە، مەدەنىيەت مائارىپ ساھالىرىنىڭ 95% ئورۇنلىرىنى تونۇگۇنلا شەرقىي تۈركىستانغا چىققان خىتاي كۆچمەنلىرى ئىگەللەپ تۇرۇپتۇ. يەرلىك ئەلق 2- 3- دەرىجىلىك پۇخرا بولۇپ ياشاۋاتىدۇ.

6. خەلقنىڭ دىنى ئەركىنلىكى قاتتىق چەكلەنگەن.

7. خەلقنىڭ مەتبۇئات ۋە سۆز ئەركىنلىكى پۈتۈنلەي چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققانلار قاتتىق باستۇرۇلماقتا.

8. يەرلىك خەلققە نىسبەتەن قالايمىقان قولغا ئېلىش، قىناش، ئۆلتۈرۈش سىياسىتى سىستېمالىق ۋە پىلانلىق تۈردە ئېلىپ بېرىلماقتا.

مۇشۇ سىياسەتلەر تۈپەيلى، 1950- يىللارنىڭ بېشىدىن تا ھازىرغا قەدەر بىر مىليوندىن ئۇشۇق شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئۆز ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى.

بۇ ئۆز ۋەتەنلىرىنى مەجبۇرى تاشلاپ، چەتئەللەرگە چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ بىر قىسمى دېموكراتىك تۈزۈمنى ئاساس قىلغان ئەركىن دۇنيا مەملىكەتلىرىدە مۇھاجىرلىككە ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگەكلىرىگە يۆلىنىپ، بىر قەدەر خاتىرجەم ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈركىستانغا قوشنا بولغان قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، پاكىستان دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار يەنىلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ دۆلەتلەرگە قىلغان سىياسىي، ئىقتىسادى بېسىملىرى نەتىجىسىدە بۇ قوشنا مەملىكەتلەردە مۇھاجىرلىك نامىغا

www.uyghurkitap.com

ئېرىشىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەكتە "يۇنېسكو" ھىمايىسىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ خىتاي دۆلەت تېررور سىياسىتىنىڭ ئۇيغۇر قىلىۋاتقان دەھشەتلىك زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلغىنى يوق. قازاقىستان، قىرغىز تاجىكىستان ۋە پاكىستاندىكى 10مىڭلىغان ئۇيغۇرلار دۇنيادا ئىنسان ھوقۇقلى كەڭ كۆلەمدە تەنتەنە قىلىۋاتقان، بۇ يېڭى، 21- ئەسىردە ئۇيغۇر خەلقى بېيجىڭ دۆلەت تېررور سىياسىتىنىڭ گۇناھسىز قۇربانى بولىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن يۇقى ئىسمى ئېيتىلغان شەرقى تۈركىستانغا قوشنا مەملىكەتلەردىن 1000 لاپ- مىڭلاپ ئۇيغۇر ياۋروپا، كانادا، ئامېرىكا ۋە ئاۋىستىرالىيەگە ئۆز ھاياتىنى ساق قېلىش ئۈچۈن شۇ مەملىكەتلەردىن باشپانالىق تىلەپ قىلىپ چىقىپ كېتىپ بارد بۈگۈنكى كۈندە قازاقىستان، قىرغىزىستانلاردىن ھاياتلىرىنى ئۆلۈمدىن قاچۇر چىقىپ، بىلگىيەدە تۇرۇۋاتقان 700دىن ئوشۇق ئۇيغۇرلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بىز ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلا ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىت كۆپ مەدەنىيەتلىك توغرى سىياسىتىدىن بەھرىمەند بولۇپ، خاتىرجەم ياشاۋات بولساقمۇ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بەزى مەملىكەتلەردىكى ئېچىنىشل ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىنتايىن راھەتسىزلىنىمىز ھەم ئېچىنىمىز.

دۇنيا دېموكراتىيەسىنىڭ ئانا بۆشىگى بولغان ياۋروپادىكى بىلگىيە ھۆكۈم كوممۇنىست بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت تېررور سىياسىتىدىن ئۆز ۋەتەنلىرىد ئايرىلىپ، قاڭقىر ــ قاخشاپ يۈرۈپ، ئىنسان ھەق ــ ھوقۇقلىرى گۇللەپ ياشنىغ بىلگىيەگە بېرىپ قالغان ئۇيغۇرلارغا بىلگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاجىرلىك نام بېرىپ، بىلگىيەنىڭ ئىسسىق قوينىغا ئېلىشىغا ئىشىنىمىز.

ھۆرمەت بىلەن،

ئەخمەت ئىگەمبەردى

NSW شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى ھەم ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى.

2001 ــ يىلى، 28- فېۋرال، لىۋېرپول ـ سىدنېي

# زامانىمىزنىڭ نۇزۇگۇمى

(شانلىق قۇربان دىلبىرىم سامساقوۋا خاتىرىسىگە)

**مۇقەددىمە**

دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى تەرەقىيات يولىدا يۈزلىگەن دۇنياغا مەشھۇر دۆلەت ئەرباپلىرى، قوماندانلار، ئالىملار، شائىرلار، يازغۇچىلار، قەھرىمانلارنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىنى قوغداپ كەلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى ئەسىرلىك تارىختا مىلىتىمىزنىڭ تارىخى، يېغى دۈشمىنى خىتاي ھۆكمىرانلىرىغا قارشى كۆرەشلەردە ئاجايىپ مىللى قەھرىمانلىرىمىز مەيدانغا كەلدى.

دۇنيانىڭ ھەم مىللىتىمىزنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغان بىزنىڭ قەھرىمان ئۇيغۇر ئاياللىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، ئەر ـ يىگىتلىرى، ئاكا ـ ئۇكىلىرى، باللىرى بىلەن مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ قانلىق جەڭگاھلاردا ئۆزلىرىنى ئەرلەردىن ھېچ كەم كۆرمەي، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننى چەتئەل باسقۇنچىلىرىدىن قوغداش كۆرەشلىرىدە تارىخىمىزغا ئىسمى ئالتۇن قەلەملەر بىلەن يېزىلغان ئىپارخان، نوزۇگۇم، ئۆچتۇرپاندىكى يەتتە قىزلىرىم، رىزۋانگۈللەرنىڭ ئۇلۇغ ئىسىملىرى ئەسىرلەردىن بۇيان تىللاردا داستان بولۇپ، ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا، مىللىتىمىزنى قوزغاتقۇچى، ئۇلۇغ ئۆلمەس كۈچكە ئايلاندى.

يېقىندا قازاقىستاننىڭ كونا پايتەختى ئالمۇتىدىن **70** ـ **8**- كم ئۇزاقلىقتىكى قاپچۇغايدا پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرەك-باغرىنى زىلزىلىگە سېلىپ ھەم خۇن ـ پارە قىلغان قانلىق پاجىئە يۈز بەردى؛بۇ پاجىئەنىڭ گۇناھسىز قۇربانى "نازۇگۇم" جەمئىيەتلىك ئاياللار فوندى رەئىسى، شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتايى دائىمى كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى دىلبىرىم سامساقوۋا بولدى. دىلبىرىم سامساقوۋا **2001**- يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئۆزىنىڭ شېھىدلىك قىزىل قانلىرى بىلەن قەھرىمان خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ قاتارىدىن شەرەپلىك، ئورۇن

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ "زامانىمىزنىڭ نوزۇگۇمى" دىگەن ئۆلمەس نامغا مۇۋاپىق، شانلىق
تارىخىمىزغا مەڭگۈ ئابىدە بولۇپ كىردى.

مەن دىلبىرىم بىلەن پەقەتلا ئىككىلا قېتىم ئۇچراشقان ئىدىم. ئۇنىڭ ئا
قېتىم ماڭا خاتىرە قىلغان "نوزۇگۇم فوندى" نامىغا ئىشلىنىپ 19- ئە
قەھرىمان ئۇيغۇر ئانىسى نوزۇگۇمنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن كارتى ئۇنى
يازمىسى بىلەن ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ دەھشەتلىك بۇ ئۆلۈم خەۋىرىنى ھېچ
قىلىپمۇ قەلبىمگە سىغدۇرالمايتتىم. يۈرۈگۈم ئازاپلىنىپ، كاللامنى ھەر
سىرلىق سوئاللار بەنت قىلىپ، قەلبىمدە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە تۈگۈمەس - پ
غەزەپ ـ نەپرەتلىرىم قايناپ تاشاتتى. "يا ئاللاھ! ـ دەيمەن ئۆزەمنى تۇت
ياقامنى تۇتاتتىم 4باللىق نەۋرە كۆرگەن بىر ئاق كۆڭۈل ئايالنى نىمە
مۇشۇنداق دەھشەتلىك بىر پاجىئە ئاخىرى ئۇنى بۇ ۋاپاسىز دۇنيا
ۋىدالاشتۇردى. ئۇنىڭ گۇناسى نىمە؟ نىمە ئۈچۈن باشقا يات مەملىكەت
مىللىتىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنى مۇستەقىل، ئەركىن ئاتالغان قازاقىستانىن
پايتەختى ئالمۇتىدا ئۆلتۈرۈپ، قاتىللىق مەخسەتلىرىگە يېتەلىدى؟ بۇ قات
پاجىئەسىنىڭ كەينىدىكى پىلانلىغۇچىلىرى كىم؟ ئۇلارنىڭ مەقسىتى نىمە؟
دىلبىرىم كىم ئىدى؟ ئۇ نىمە ئىشلار قىلغان؟

### دىلبىرىم سامساقوۋا

دىلبىرىم ۋە ئۇنىڭ ئىناق ئائىلىسىنى ئۆزىنىڭ كىندىنىك قېنى تۆكۈلگەن
باراقسانلىق غولجا شەھرىدىن مەجبۇرى ئايرىلىشقا سەۋەپچى بولغان ش
تۈركىستانىنىڭ بېشىغا بالا، ئۇيغۇر خەلقىنى بوگۈنكى پۈتۈن بەختسىزلىك
مۇپتىلا قىلغان يەنە شۇ خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاخىرقى سادىق پۇشتى پ
يەنە شۇ كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرى بولدى.

ئۇيغۇر خەلقى ھەم دىلبىرىمنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى دەريالاپ قانلارنى ت
قۇرغان شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى (**1944- 1949**) دىك
ستالىن بىلەن قانخور جاللات ماۋنىڭ قىلغان "يەڭ ئىچى سودىسى" بىلەن
ئىمكانىيەتلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەخىت ـ سائادىتىنى قوي تېرىسىنى يېپىن
كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىندى. نەتىجىدە، ش
تۈركىستان بۆرۈنقى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك جەند

ۋارسلىق قىلغان دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشى، ئەڭ زالىم، ئەڭ ئاچكۆز، ئەڭ ھىلىگەر،
ئەڭ پەسكەش كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قولىغا قېلىپ قالدى. "تالا
مۇشۇگى ئۆي مۇشۇگىنى قوغلاپتۇ" دىگەندەك شەرقى تۈركىستاننىڭ پايانسىز
مۇنبەت زېمىنىغا خىتاي كۆچمەنلىرى توپان بالاسىدەك بېسىپ كېلىشكە باشلىدى.

شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى، قانۇنى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن بارلىق ئىمكانىيەتلەر ھەم ھەر خىل يوللار بىلەن تارتىپ ئېلىنىشقا باشلىدى. "جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا" دەپ بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەقسىتى ئەمدى زېمىن ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنى بۇ تۇپراقتىن تەلتۆكۈس سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بۇ زېمىننى ھەقىقى خىتاي زېمىنىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن نامى ھەر خىل بولغان قانلىق سۈپۈرگىلەرنى ئىشقا سېلىپ، قانلىق تازىلاشلارنى ئېلىپ باردى. "ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى باستۇرۇش، پانتۈركىزىم، پان ئىسلامىستلارنى باستۇرۇش، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش" لارنى ئېلىپ بارغان بېيجىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى قانخور جاللاتلىرى ۋاڭجېن،ۋاڭئېنماۋ، ۋاڭلېچۇەن ... لەر شۇنچە بىگۇنا جانلارنىڭ قېنىنى ئىچىپ نەپسى تويمىدى.

ئەمدى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قىرىپ تۈگۈتەلمىگەندىن كېيىن سوۋېت ئىمپېرىيىسى بىلەن يەنە "يەڭ ئىچى سودىسى" قىلىپ يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى ھەر خىل يوللار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشكە، ھەتتا قېچىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا تالاي بالايى - ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن بۇ "كۆچ – كۆچ" يەنە باشلاندى... شۇ قاتاردا دىلبىرىمنىڭ ئاتا – ئانىسىمۇ بىر يولىنى تېپىپ تۇغۇلغان دىيارىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، بىر كۆزى ياش - بىر كۆزى قانغا تولۇپ، سۆيۈملۈك غولجا شەھرىدىن ئايرىلىپ، كېڭەش ئېلىگە چىققان ئىدى. ئاتا – ئانىلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان بۇ جۇدالىقنىڭ ئۆچمەس يارىلىرى ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدە مەڭگۈلۈككە ئىز سېلىپ قالغان ئىدى.

ئاتا بوۋىمىزنىڭ "كىشىنىڭ يېرىدە سۇلتان بولغاندىن، ئۆز يېرىڭدە ئۇلتان بولغىنىڭ ياخشى" دىگەن خاسىيەتلىك سۆزىنىڭ ئۇلۇغ ماناسىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولامدۇ؟ ئۆز يېرىڭدە ئۇلتان بولساڭمۇ ئۆزەڭنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۇلتان بولساڭ نىمە دەرت ئىدى. بىراق كېلىپ – كېلىپ يېغى دۈشمىنىڭنىڭ ئايىغى

ئاستىدا ئۆلتان بولۇپ قالغانىنىڭ جېنىغا ۋاي. بۇنىڭ دەردىنى ئاشۇنداق دو
تارتقانلارلا بىلىدۇ. شۇڭا غولجىدىن "كۆچ – كۆچ" كە ئاتلانغان ئۇيغۇرلار ھ
بولمىسا، ئۇ تەرەپتە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ھايات كەچۈرگەن، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك
ئۆز قېرىنداشلىرىمىزغۇ؟ ئۇيغۇرلارمۇ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بارىنى تەڭ كۆرۈپ، ت
تارتىشىپ، قايغۇ – ئەلەم، خۇشاللىقتا بىللە ياشاپ كېلىۋاتىمىز؛ دەپ ئۆزلىرىنى ي
ئاللاھغا تەۋەككۇل قىلىپ چېگرا ئاتلىغان ئىدى. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىدىكى كوممۇنىس
خىتاينىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، يېڭى بىر يەردە ئىگىلىك تىكلەپ ھاي
كەچۈرۈش ئاسان ئەمەس. ھەممىنى نۆلدىن باشلاشقا توغرا كەلدى. بۇ تەرەپتىك
ئۇچرىغان قىيىنچىلىق،تارتقان جاپا – مۇشەققەت، ئەتراپتىكىلەرنىڭ يەكلە
ئېيتقان تاپا – تەنىلىرى، خارلاشلىرىنى بۇ يەردە ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىت
يوق. دۆلىتى يوق مەزلۇم مىللەتنىڭ تۇرمۇش ھالىنىڭ، تەغدىرى – قىسمىتىنى
نىمە بولىدىغانلىقى كاللىسىدا زېغىردەك ئەقلى بار ئادەمگە ئايانغۇ؟ دىلبىرىمنى
ئاتا – ئانىسى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەشۇ ئېغىر سىناقلارنىڭ مۇشەققەتلى
داۋانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى ئاياققا تۇرغۇزدى. 1956- يىلى
27- ماي دىلبىرىم قازاقىستاننىڭ تۈركىستان شەھرىدە تۇغۇلدى. بۇ جاي دىلبىرى
ئائىلىسىنىڭ كېڭەش ئېلىگە چىقىپ تۇتقان بىرىنجى ماكانى بولغان ئىدى.

دىلبىرىمنىڭ دادىسى سابىرجان ئاكا ئانىسى ھېكىمە خان ھەدە ئۆزلىرى كىچە
كۈندۈز دىمەي ئىشلەپ، تىنماي تەر ئاققۇزۇپ، باللىرىنىڭ كەلەچەگىنى ئويلىغا
ئاتا – ئانا ئۇلارنىڭ تەربىيەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بەردى.

ئۇلارنى مەكتەپكە بەردى، دىلبىرىم باشلانغۇچنى، ئوتتۇرىنى ئەلىبىلىك
تۈگۈتۈپ يەنە ئالى مەلۇمات ئالدى.! ئۇ ئۆزىنى يەنىمۇ ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈ
بارلىق ئەقىل – پاراستى، كۈچ – غەيرىتى، تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سالدى
ئاردىن كۆپ ئۆتمەي دىلبىرىم ئۇيغۇر يىگىتى نارىمان سامساقوۋقا تۇرمۇشق
چىقىپ، يېڭىدىن ھايات يولىنى باشلىدى. "دىلبەر" دىگەن بۇ گۈزەل نامنى ئاتا –
ئانىلىرى ئائىلىسىگە يېڭى بىرجان قوشۇلۇپ، ئۇماق بوۋاق دۇنياغا كۆز ئېچىپ
يەتتە كۈندىن كېيىن ئىنتايىن زور ئارزۇ – ئۈمىتلەر بىلەن: "قىزىمىز مىللىتىمىز ۋ
ۋەتىنىمىز ئۈچۈن خەيىرلىك پەرزەنت بولسۇن، بەختلىك بولسۇن!" دەپ مەھەللىنىڭ
مولللىسىغا قۇلاققا ئەزان ئېيتقۇزۇپ قويدۇرغان ئىدى.

تەغدىرى ـ قىسمەت بىلەن دىلبىرىم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاشۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا بىنائەن، ئىنتايىن ئەقىللىق، تىرىشچان، دادىل، ھەقنى سۆزلەيدىغان، پىكرى ئۆچۇق بولۇپ يېتىلدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئاتا ـ ئانىسىغا ھەمدەرت، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا كۆيۈمچان، دوست يارانلىرىغا ۋاپادار بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، قايغۇ ـ ئەلەملىرىنى توغرا چۈشۈنەتتى. ئۇ مىللىتىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى شۇڭا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىلا ئەمەس ئۇنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ "دىلبەر" دىگەن بۇ يېقىملىق ئىسمىغا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنتايىن يېقىنلىقنى، ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان "ئىم" قوشۇمچىسىنى قوشۇپ، "دىلبىرىم" دەپ ئاتايتتى. بۇ نامدىنلا ئۆزىنىڭ شەخسى دۈشمىنىنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ ئالغىلى بولاتتى. پەقەت ئۇنىڭ دۈشمىنى ـ ئۇنىڭ ۋەتىنىنى قانۇنسىز بېسىپ ئالغان كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى ئىدى. گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋەتىنىدىن باشقا بىر ئەلدە يىراقلاردا ھايات كەچۈرسىمۇ، ئۇنىڭ دىلرىشتىسى كوممۇنىست خىتاي زۇلمى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان شەرقى تۈركىستاندىكى مىللىتى، جان ـ جىگەر قېرىنداشلىرى بىلەن چەمبەر چەس مەھكەم باغلانغان ئىدى. ئۇ بىر ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقلىرىنى يولدىشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنىڭ تارىخى ئۆتمۈشىنى ئۆگۈنۈشكە، قانداق قىلىپ سۈيۈملۈك ۋەتىنىنىڭ خىتاي كوممۇنىست ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالغانلىقىنىڭ سىرلىق تېپىشماقلىرىنىڭ تېگىگە يېتىشكە تىرىشاتتى. ئۇ شەرقى تۈركىستان، ئۇيغۇرلار ھەقىدىكى ھەر خىل يىغىن، دوكلاتلارغا قاتنىشاتتى، ۋەتەن ھەققىدىكى، ئۇيغۇرلار ئۆتمىشى ھەققىدىكى كىتاپ، ژورنال، گېزىتلارنى قېتىقىنىپ ئوقۇپ، بەزىدە تۈنلىرىنى ئۇيقۇسىز، كۈنلىرىنى ۋەتەن مىللەت ھەققىدىكى تۈگۈمەس ئىرماش ـ چىرماش ئوي ـ خىياللار، ئەمدىشە، غەملەر بىلەن ئۆتكۈزەتتى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇستەقىللىقنى قولغا ئالغان بىرەر يېڭى دۆلەتنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالسا، ئۇ گويا ۋەتىنى شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى قولغا كەلگەندەك خوش بولاتتى. ياكى ئۇ مۇستەقىللىقنىڭ پات ئارىدا ھەقىقەتلىشىدىغانلىقىغا قەتئى ئىشىنەتتى. ئۇ بەزىدە دوستلىرىغا "بىزمۇ ئىنسانغۇ، بىزنىڭ باشقىلاردىن نەرىمىز كام؟ گەپ ئۆزىمىزگە باغلىق!" دەيتتى.

ئالدانغان ئۈمىتلەر

90- يىلىنىڭ ئاخىرىنى دۇنيانىڭ يېڭى بىر بۇرۇلۇش تۇقتىسى دەپ ئېتىر…
بولدۇ. بېرلىن تېمى يىقىلدى. سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى بەربات بو…
دۇنيانىڭ 1/6 دە 72 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان سوۋېت ئىمپېرىيەسى بىتقى…
ئۇنىڭ خارابىلىرىدىن 15 مۇستەقىل دۆلەت دۇنياغا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. شەر…
تۈركىستان، دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار بولۇپمۇ، ئوتتۇرا ئاسيادىكى بىر مىليون ئۇيغ…
ئۈچۈن قېرىنداش قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستا…
ئۆزبېكىستانلارنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، ب م ت نىڭ مۇنبىرىدىن پەخرلى…
ئورۇنلارنى ئىگەللىشى شۇ مىللەتلەرگە قېرىنداش، دىنداش بولغان ھازىرغى…
كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ تۆمۈر پەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغان ك…
جاپاكەش ئۇيغۇر خەلقى بولۇپمۇ دىلبىرىمدەك ئاق — قارىنى پەرق ئېتىپ، ۋ…
دەردى، مىللەت غېمىدە كۆيۈپ — پىشىپ يۈرگەن ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرى ئۈچۈن
چوڭ بايرام — خوشاللىق تويى بولدى. بۇ قەدىمى تۈركىستان زېمىنىنىڭ غەربى…
قازاقلار، قىرغىزلار، ئۆزبېكلەر، تۈركمەنلەر، تاجىكلار بىلەن ئۇيغۇرلارمۇ بايرا…
شادىيانىسىگە چۆمۈپ، ئۇيغۇرلار: "غەربى تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىز…
مۇستەقىللىققا ئېرىشتى، ئىنشائاللاھ، ئەمدى نۆۋەت شەرقى تۈركىستاندا…
ئۇيغۇرلارغا كەلدى!" دەپ بىر-بىرىلىرىنى قۇتلۇقلاپ — تەبرىكلەشتى.

ئەسلىدە ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھايات تەجرىبىسى…
ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق — ئەركىنلىكىنى، بەخت — سائادىتىنى ھەرگىزمۇ…
باشقىلارنىڭ خەير — ساخاۋىتىگە باغلاپ قويغان ئەمەس. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنى…
ھايات مەتىنقىسىنى ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللىتىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن
كۆرەش دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا كۆرەش پەللىسىنى ئالاھىدە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ مىللى…
مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ كەلگەن، ھەتتا باشقىلارغا ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن، بىر…
بۇنىڭغا تارىخىمىزدىكى بۇۋىمىز ئوغۇزخان ھەم ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى زامانلاردىن…
ھېساپسىز كۆپ مىساللارنى تاپالايمىز. يىراقتىن ئەمەس، پەقەت ئۆتكەن ئەسىرنىڭ
ئالدىنقى يېرىمىدىلا قەشقەردە شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى (1933) ھە…
غولجىدىكى شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيەتلىرىنى (1944)
قورغانىلىقلىرىنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ 1949- يىلىنىڭ ئاخىرى ۋەتىنىمىزنىڭ
مۇستەقىللىقى دىكتاتور ستالىنىنىڭ ساتقۇنلىقى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قولىدىن



چىقىپ كەتتى. ئۇيغۇر خەلقى بېيجىڭ بىلەن موسكۋا ئاتلىق ئىككى كوممۇنىست
ئىمپېرىيىسىنىڭ قانلىق بېسىمىدا ياشىدى، شۇنىڭغا قارىماي، كوممۇنىست خىتاي
باسقۇنچىلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى باشلانغان قارشىلىق ھەرىكىتى توختىماي
داۋاملىشىپ كەلدى. 1990- يىلى ئاپرىلدا "بارىن"دا يۈز بەرگەن قوراللىق
ئىنقىلاپنىڭ بىرىنجى پاي ئوقىنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياشاشقا،
قۇرۇشقا، كۆرۈشىشكە قابىل مىللەت ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىغان ئىدى.
ئاشۇ مىللەتنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولغان ئوتتۇرا ئاسيادىكى ئۇيغۇرلار
مۇستەقىل تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ دۇنياغا قايتىدىن كۆز ئېچىشىدىن ئىلھاملىنىپ
تېزدىن تەشكىللىنىپ، باھار يامغۇرىدىن كېيىن باش كۆتۈرگەن كۆك مايسىلاردەك
يېڭى جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ مەقسىتى ئۇيغۇرلار
تۈرىۋاتقان شۇ قېرىنداش مەملىكەتلەردە شۇ دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىغا بوي سۇنۇپ
شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا تونۇشۇرۇش ئىدى. دىلبىرىم دەۋرىنىڭ شۇ
چاقىرىقىغا ئاۋاز، قەدەملىرىگە قەدەم قوشۇپ، بۇ ئۇلۇغ ئېقىمدىن كېيىن قالمىدى.
ئۇ ئالمۇتىدىكى ۋە ئەتراپىتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر
ئاياللىرىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ھەر خىل ياردەملىرى ۋ ئۇنىڭغا بولغان تۈگىمەس
مۇھەببەت، زور ئىشەنچى بىلەن 1997- يىلى ئوكتەبىردە "نازۇگۇم" جەمئىيەتلىك
ئاياللار فوندىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ مەزكۇر
فوندىنىڭ نۇرغۇنلىغان ساخاۋەتلىك ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شەرق ئاياللىرىنىڭ
ئىكولوگىيە جەمئىيەتىنىڭ خەلقئار كونفىرانسىيەسىنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلىرى،
ئالمۇتىدىكى مەكتەپ ۋە مەكتەپ ئىنتېرناتلار، "ئۇيغۇر ئاۋازى" گېزىتى، ئۇيغۇر
تىياتىر ۋە قازاقىستان خەلقلىرى ئاسامبلىيەسىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەدىنىيەت
ۋە ئىلمى ئاممىباپ ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ماددى ۋە مەنىۋى ياردەملىرى
ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى "ۋىجدان ئاۋازى"
گېزىتىنىڭ مۇخبىرىغا بەرگەن جاۋاپلىرىنىڭ بىرىدە دىلبىرىم كەلگۈسىدىكى
مەقسەت — ئويلىرىغا توختىلىپ: "ئويلىرىم ئىنتايىن كۆپ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە
قىسقا قىلىپ ئېيتىدىغىنىم؛ پەقەت خەلقىمگە خىزمەت قىلىشتۇر" — دىگەن ئىدى.
قازاقىستان، ئوتتۇرا ئاسيادىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ھەتتا شەرقى
تۈركىستاندىن چىققان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىمۇ "نازۇگۇم" فوندىنىڭ مەخسەت —

بوسوغوسنى بىر ـ ئىككىلەپ دەسسەيدىغان بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردە ئۇيغۇر ئانسامبىللىرى، مۇزىكا مۇقام گۇرۇپپىلىرى، جۇمھۇرىيەتلىك رادىئو قارمىقىدا ئۇيغۇر بۆلۈملىرى، بەزى پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىدە ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرى، "ئۇيغۇر ئاۋازى" " يېڭى ھايات" دېگەن ئۇيغۇر تىلىدىكى گېزىتلار، بەزى سىياسى، ئىجتىمائى، مەدەنى مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلدى. بەزى يەرلەردە بىر سائەتلىك بولسىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا تېلېۋىدىيە ئاڭلىتىشقا باشلىدى.

لېكىن ئىنتايىن ئەفسۇسلىنارلىقى شۇكى: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش تۈرك دۆلەتلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارغا قان قېرىنداش بولغان بۇ مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى كېڭەش ھۆكۈمىتى ۋاقتىدە ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن ئاز ـ تولا ئىتىبار نەتىجىسىدە مىڭ بىر تەسلىكتە ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن بۇ ئىمتىيازلار بىر ـ بىرلەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يا بولمىسا، ئىسمى قېلىپ جىسمى يوقالدى. بۇ مەسىلىلەردە ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھېچقانداق ئىقتىسادى ياردىمى بولمىدى. بۇ ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ماددى ۋە روھى ھاياتىغا قاتتىق يامان تەسىر كۆرسەتتى. دېلىبىرىم ھەم ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى قولىدىن كەتكەن بۇ ئىمكانىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرقانچە ھەرىكەت قىلىپ باقسىمۇ ئاجىزلىق قىلدى. ئۇيغۇرلارغا قارىتا مۇنداق قىيىنچىلىق ـ تۇسالغۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدا دۇنيا خوجايىنلىقىنى تالىشىپ قېنىغا پاتماي قوتۇراۋاتقان بىر مەملىكەتنىڭ قولى بار ئىدى. ئۇ سوۋېت ئىمپېرىيەسى غۇلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خوجايىنى كۆرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بوش، يۇمشاق ئورۇنلىرىغا ئۆزىنىڭ كونا ئۇسۇلى بويىچە ئىقتىسادى، سىياسى، مەدەنى جەھەتلەردىن سىڭىپ كىرىشنى ئاللىقاچان باشلاپ، ئۇن مىڭلىغان خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ بۇ يەرلەردە يەرلىكلەرگە ئۆيلىنىپ، بۇ يەرلەردە ئۆي ماكانلىق، بالا-چاقىلىق بولۇپ بۇ مەملىكەتلەر خالىسۇن ۋەياكى خالىمىسۇن، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق گىراژدانلىرى بولۇپ قېلىشقان ئىدى. بۇنىڭغا ئامال قانچە؟ تۈرك خەلقلىرىنىڭ تارىخى دۈشمىنى بولغان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى قېرىنداشلار ئوتتۇرسىغا ئاسىياغا نىزاھ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىغا دۈشمەن قىلىپ كۆرسەتتى. قېرىنداشلىق ـ دىنداشلىقنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ قانداق؟ ئامېرىكان دوللارى قېرىنداشلىقى،

www.uyghurkitap.com

پىلانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئۇز
كۆرۈپ، شەرقى تۈركىستان ئازاتلىقى ئۈچۈن خىتاي مانجۇ باسقۇنچىلىرىغا ق
كۆرەشتە ئەزىز جېنىنى مەرتلەرچە قۇربان قىلغان قەھرىمان ئانىسى نامىدا ئا
بۇ "ئۇزۇگۇم" فوندىغا ئۇ شېھىت ئانىسىنىڭ روھىنى خوش قىلىش ئۈچۈن قول
كەلگەن ياردەملىرىنى ئاياشمىدى. دىلبىرىم سامساقوۋا قۇرغان بۇ فوندىنىڭ دا
شۆھرىتى ئاز ئۆتمەي، دۇنيادا ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان يىراق ـ يىراق ئەللەرگە ي
يەتتى.

بىراق دۇنيادا يۈرەكنى خۇن ـ زەرداپ قىلىپ كىشىنىڭ قەلبىنى ئېزىد
مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. كېڭەش ھۆكۈمىتى يىقىلىپ، قازاقىستان ۋە ئوت
ئاسىيادىكى قېرىنداش تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىللىق ئالغاندىن كېيىن
خۇشاللىقنى ئۇزىنىڭ خۇشاللىقى بىلىپ، قېرىنداشلىرىدىن ئاجايىپ چ
ئۈمىتلەرنى كۈتىۋاتقان بىچارە ئۇيغۇرلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى سۇ ئۈستىد
كۆپۈكتەك تېزدىنلا كۆزدىن غايىپ بولۇشقا باشلىدى.

كېڭەش ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا ستالىنىنىڭ زالىملىقى بىلەن بىر قانچە قېتىمل
قانلىق باستۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە تارىخلاردا "ئۇيغۇر" نامى بىلەن شۆھرەت تاپ
بۇ مىللەتكە ئۆز نامىنى ئېيتىپ ياشاش جىنايەت، ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ھىساپلىن
سىبىرىيەدىكى لاگىرلار، تۈرمىلەر ئۇيغۇرلار بىلەن تولدى. مىڭلىغان مىللەتنىڭ كۆ
ئۈچۈن زىيالىلىرى ئۇيغۇر بولغانلىقى، ھەقنى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىلە
قىيناپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئالمۇتىنىڭ ئۇيغۇر رايونلىرىدا ۋە با
رايونلاردا بىرەرسى ئۇيغۇر دەپلا ئاتالسا ئۇلارغا قارىتا ئۇمۇمىيۈزلۈك قەتل
ئېلىپ بېرىلدى. مىڭلىغان ـ مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى بىر يەرگە توپلاپ ئۆلۈ
ئۇششىغىغا، ئەر ـ ئاياللىغىغا قارىماي، ئاپتوماتىك قۇراللار بىلەن قىر
تاشلاندى. نەتىجىدە 30- يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مىليونغا يېقىن بول
ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 37- يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆپۈيۈش ئورنىغا بىر قانچە
مىڭغا چۈشۈپ قالدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۈزلىگەن ئۇيغۇر مەكتەپلىرى، گېز
ژورناللىرى، مەدەنىيەت مۇئەسسىسەلىرى تارقىلىپ ئۇلارنىڭ ناملىرى باشقىلارن
نامىغا مەجبۇرى ئالماشتۇرۇلدى. دىكتاتور ستالىن ئۆلۈپ بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن
مەسىلىلەر بىر قەدەر تۈزۈتۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى باللىرى ئانا مەكتەپلەرن

دىنداشلىقتىن ھەم ئىنسان ھەقلىرىدىن ئۈستۈن كەلدى. چوڭنەنىسەي ئۈستىدىن لەيلەپ ئۇچۇپ كەلگەن لالما بۇلۇت تەڭرى تاغلىرىغا سوغاق كۆلەڭگىسىنى تاشلاپ ئەمدى گۈزەل ئالا تاۋنىڭ ئۈستىدە چالۋاقاپ ئۇزۇپ يۈرۈپتۇ.

دىلبىرىم ئۆز كۆڭلىدە ئەجداتلىرىنىڭ ئانا ماكانى - شەرقى تۈركىستاننى، بىچارە، جاپاكەش قېرىنداشلىرىنى – مىللەتداشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەرش-ئالاغا يەتكەن نالە- پەرياتلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ نەزىرى بىرىسكونتتا ئالا تاۋغا تاشلاندى، "ئالا تاۋ، سەن نېمە دېگەن گۈزەل سەن؟ سەن مېنىڭ 2- ئانا يۇرتۇم، سېنىڭ ياپ-يېشىل ئورمانلىرىڭ، ئارامبەخش باغلىرىڭ، شارقىراپ تولۇپ ئېقىپ تۇرغان سايلىرىڭ ئۆز باغرىدا مېنى چىڭ قۇچاقلاپ، مېنى بۈگۈنكى كۈنگە يەتكۈزدىڭغۇ؟ سېنىڭ مەغرۇر بېشىڭ پەلەكلەرگە يەتسۇن! سېنىڭ باغلىرىڭدا قاغا-قوزغۇنلارنىڭ، تاغلىرىڭدا - قاۋان تۈڭگۈزلەرنىڭ ئەشيان تۇتۇشىنى ئاللاھ كۆرسەتمىسۇن، ھەيۋەت بېشىڭغا كۈن چىقىشتىن كەلگەن لالما قارا بۇلۇتنىڭ سوغاق كۆلەڭگە تاشلىشىنى خۇدا نەسىپ قىلمىسۇن" دىلبىرىم يىراقلارغا قاراپ ئۈنلۈك خىتاپ قىلدى.

## ئۇنۇتۇلماس خاتىرەلەر

مەن 1998- يىلى مايىنىڭ 25- كۈنىدىن 29- ئىيۇنغا قەدەر 2- قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە زىيارەتتە بولدۇم. مەن 37 يىل بۇرۇن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنت دۆلەتلىك دارىلفۇنۇنىنى تۈگىتىپ، 61- يىلى ۋەتىنىم شەرقى تۈركىستانغا قايتقان ئىدىم. بۇ 37 يىل ئىچىدە دۇنيادا، ئوتتۇرا ئاسىيادا، شەرقى تۈركىستاندا ۋە مېنىڭ ھاياتىمدا جىق ئۆزگۈرۈشلەر يۈز بەردى. بولۇپمۇ، 1991- يىلى كېڭەش ھۆكۈمىتى يىقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى تۇرمۇش، دوستلىرىمنىڭ ھاياتى مېنى بەكلا قىزىقتۇراتتى. بۇ كۈتكەن كۈنلەرمۇ كەلدى. مەن ئالمۇتىدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىم، ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى كۆرمىگەن كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىم بىلەن ھەر قايسى يەرلەردىكى سورۇنلاردا ئۇچراشقان بولدۇم.

بولۇپمۇ ماقالەمدە ئىسمى - شېرىپى زىكرى قىلىنىۋاتقان دىلبىرىم سامساقوۋا بىلەن ئۇچرىشىش خاتىرەمدە ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ، 9-ئىيۇن (سەشەنبە بىلەن) 7 دە، ئالمۇتىنىڭ ياز ئايلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل جانغا راھەت ئەيياملىرى ئىدى. دولقۇن



ياسىن، ئابلىز ئابدۇللا ھەم رىزا سەمەدى باشلىق يولداشلارنىڭ ھەمرالىقىدا دىلبىرىم سامساقوۋانىڭ 1- ئالمۇتىدىكى ئاشخانىسىغا يولداشلار ئۇيۇشتۇرغان سورۇنغا كىرىپ كەلدۇق. ئاشخانىنىڭ زالىغا كىرىش ئىشىگىدە دولقۇن مېنى دىلبىرىم سامساقوۋا ھەم يولدىشى بىلەن تونۇشتۇردى. بىر قىسىم ئەر - ئاياللار بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. دىلبىرىم ماڭا قاراپ: "ئاۋىستىرالىيەدىن خوش كەلدىڭىز!" دەپ كۆرۈشۈپ ئاشخانىغا تەكلىپ قىلدى. مەن كۆز ئالدىمدا ئاق يۈزلۈك، قاراقاش، كۆزلىرى ئەقىل نۇرى بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان، بويى ئېگىز، تەققى-تۇرقى كېلىشكەن 40ياشلاردىن ئاشقان بۇ ئايالنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن باشقىلارنىڭ ماختىشىغا لايىق "نازۇگۇم" فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئىسمى جىسمىغا مۇۋاپىق رەئىسىگە قايىل بولدۇم. سورۇن جەريانىدىمۇ دىلبىرىم ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى پىلانلىرىدىنمۇ ئەسلىتىپ ئۆتتى. سۆھبەت جەريانىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ۋەتەن – مىللەتنىڭ ھازىر تارتىۋاتقان غەم – قايغۇ، ئازاپ – ئوقۇبەتلىرى، غەم – ھەسرەتلىرى ئارىلاشقان ئۇنىڭ يىغىملىق ئاۋازىدىن ئالاھىدە بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ھاياجان بىلەن تىكىلەتتىم ھەم دىلىمدىن "ئاپىرىن" ئېيتاتتىم.

2-قېتىم دىلبىرىم بىلەن 1999- يىلى گېرمانىيەنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى باۋارىيە تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان گۈزەل مىيونخېن شەھىرىدە 10- ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 14- كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتايىدا ئۇچراشتىم، بۇ قۇرۇلتاي 1992- يىلى دېكابىردا ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن 1- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتايىدىن كېيىنكى خەلقئارادىكى شەرقى تۈركىستانلارنىڭ تارىخى خارەكتىرلىك ھەيۋەتلىك ئۇچرىشىشى ئىدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا 10دۆلەتتىن 15 تەشكىلاتقا ۋاكالەتەن 28 نەپەر رەسمى ۋەكىل ۋە 50كە يېقىن مېھمان كېلىپ قاتناشتى. قۇرۇلتاي مىيونخېن شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى "ئاستورون" مېھمانخانىسىنىڭ يىغىن زالىدا ئېچىلدى. ئامستورون مېھمان خانىسىنىڭ ئالدى شەرقى تۈركىستاننىڭ يوغان ئاي يۇلتۇزلۇق، ئاسمان رەڭ بايرىقى بىلەن بېزەلگەن ھەم مېھمان خانىنىڭ ئىشىگىنىڭ ئۈستىگە گېرمان تىلىدا "شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتايى" دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن كۆركەم چوڭ لوزۇنكا ئېسىلغان ئىدى.

مەن دىلبىرىم بىلەن شۇ قۇرۇلتايدا ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمىگەن قېرىنداشلار كۆرۈشكەندەك كۆرۈشتۇم. ئۆز ـ ئارا هال ـ ئەهۋال سوراشتۇق. دىلبىرىمنىڭ كۆرۈنۈشىدىن، سۆز ـ هەرىكەتلىرىدىن ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىش... چىن ساداقىتى ۋە كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىت ـ ئىشەنچ بىلەن تولغان ـ كۆزلىرىنىڭ يورۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىشەنچ بىلەن چاقناپ تۇرغان... بايقىغان ئىدىم.

قۇرۇلتاينىڭ ئاخىرقى كۈنى سايلام ئېلىپ بېرىلدى. قۇرۇلتاي ۋەك... قۇرۇلتايغا دائىمى كومىتېت ئەزالىرىنى سايلاشقا كىرىشتۇق، كومىتېت ئەزال... سايلاشتا هەممىگە قىزىقارلىق هەم ئىبرەتلىك بولغان كىچىككىنە ۋەقە ئ... چىققىنى يوق؛ بىز ئەرلەر ئۆزىمىزنىڭ كونا ئەنئەنىۋى ئەرلىك كۆز قارىشى... تەسرى بىلەنمۇ بىلمەيمەن بىز بىلەن ياندىش ئولتۇرغان ئىككى... قېرىندىشىمىزنى ئىسمىزغا ئالمىغىنىمىز هەممىمىزنى قاتتىق خىجىللىققا... ئىدى. شۇ چاغدا دىلبىرىم ئورنىدىن تەمكىنلىك بىلەن تۇردى ـ دە: قول كۆ... رەئىستىن سۆز هەققى تەلەپ قىلدى.

ـ ۋەتەنداشلار! ـ دەپ دىلبىرىم سۆز باشلىغان ئىدى، شۇ بى... مىللىتىمىزنىڭ يېرىمىنى بىزنىڭ قەھرىمان مېهنەتكەش ئۇيغۇر ئاياللىر... ئانىلىرىمىز، هەدىلىرىمىز، سىلەرنىڭ ئۆمرىلىك يولدۇشۇڭلار، سىڭلىڭلار... قىزىڭلار تەشكىل قىلىدۇ. ئېيتىڭلارچۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ك... هەم مەدىنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر ئاياللارسىز، ئەقەللىسى، بىرەر ئىشلار بولغ... تېخى ئۆتكەن 19- ئەسىردىلا ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللىتىن... ئەركىنلىكى ئۈچۈن نوزۇگۇمدەك يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەرلەر بىلەن بىر... تۇرۇپ، قانلىرىنى چېچىپ، جانلىرىنى بەرگەن ئەمەسمۇ؟ ئانا ۋەتەن - ش... تۈركىستان هەم سىلەرنىڭ هەم بىزنىڭ! ۋەتەننى كوممۇنىست... باسقۇنچىلىرىدىن ئازات قىلىشتا بىز ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ئ... زور.

ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۇيغۇر ئاياللىرىسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. "نوز... فوندىنى تەشكىل قىلىشتا مەن هەم مېنىڭ سەپداشلىرىم بۇ خىزمەتنى ئۆزىم... سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز ئالدىدىكى ئۇلۇق بورچ بىلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن تا...



uyghurkitap.com

ئۈمىدىگە تارتىشىپ، بۇ خىزمەتنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغان ئىدۇق، كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىگە يارىشا، بۇ خىزمەتتە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. مەن ھەم يېنىمدىكى گۈلنۇر جەلانوۋا، قوبۇل كۆرسەتكۈلار، قۇرۇلتاينىڭ دائىمى كومىتېتىغا قاتنىشىپ ۋەتەن – مىللەتكە يەنىمۇ چوڭراق خىزمەت كۆرسىتىشنى خالايمىز، ئەلۋەتتە، دائىمى كومىتېتىكى بىزنىڭ سالاھىيىتىمىز بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن بىزگە يېڭى ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بېرىدۇ. دەپ ئىشىنىمەن" دېدى – دە سۆزىنى توگەتتى.

دىلبىرىم سۆزىنى ئاڭلىغان يىغىن مەيدانىدىكى بارلىقىمىز قاتتىق غەپلەت ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولۇپ، دىلبىرىم بىلەن گۈلنۇرنى يەكدىللىق بىلەن شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا نامزات كۆرسەتتۇق، يىغىن رىياسەتچىنىڭ قىزغىن قوبۇل قىلىشى بىلەن 1- قېتىم شەرقى تۈركىستاننىڭ خەلقئارادىكى مەركىزى تەشكىلاتىغا 2 نەپەر ئايال قېرىندىشىمىز شەرەپ بىلەن دائىمى كومىتېتقا قوبۇل قىلىندى. دىلبىرىمنىڭ بۇ يىغىندا قىلغان مەردانە، دادىل سۆزلىرى بىر تەرەپتىن ئاياللىرىمىزغا بولغان كۆزقاراشلىرىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى سەۋەپىدىن بىزنى ئىنتايىن خىجىل قىلسا، 2- تەرەپتىن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى ئۆزىگە ئىشەنچ، قەتئىيلىك ھەم كۈچلۈك مەنتىقە ئۇنىڭ ئوبرازىنى بىردىنلا يۈكسەكلەرگە كۆتۈرگەن ئىدى.

ئۇ ھەرگىزمۇ ئاددىيلا ئۇيغۇر ئايالى بولماستىن، ئۆز بېشىدىن ھاياتنىڭ تالاي ئېغىر ئازاپ – قايغۇلىرىنى، جاپا – مۇشەققەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، 4 بالىنى قاتارغا قوشقان، تىرىكچىلىكتە بىرىسىگە خار بولۇپ قېلىشنى نومۇس بىلىپ، ئېرى بىلەن تەڭ تەر ئاققۇزۇپ، ئاشخانىلارنى ئېچىپ، گۈلدەك ياشاۋاتقان ھەم جەمئىيەتشۇناس ھەم ئۆتكۈر سىياسەتچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ھەم ئائىلىسى ئۈچۈنلا يارىتىلغان دەپ ھېساپلىمايتتى. ئۇ ئۆزىنى مەزلۇم مىللىتىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى دەپ قارايتتى. ئۇ ۋەتەنسىزلىك، دۆلەتسىزلىك دەردىنى ناھايىتى چوڭقۇر بىلەتتى. ئۇ دائىمان: "بۇ دۇنيادا ۋەتىنى يوق، دۆلىتى يوق ئىنساننى ئىنسان دېگىلى بۇلامدۇ؟ – دەپ ئۆزىدىن سورىغاندا – ئۇنىڭ قەلبى، – ياق، ياق! گەرچە ئۇ ئۆزىنى ئىنسان دېسىمۇ، باشقىلار ئۇنى ھەرگىزمۇ ئىنسان دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى ئىنسان بولغاندىن كېيىن يات مىللەتلەرگە قول بولماي، ئۇنىڭ تىلىدا، ئېڭىدا، جىسمىدا، ھەرىكىتىدە، يۈرۈش – تۇرۇشىدە ئەركىن بولۇشى كېرەك – تە؟! قېنى، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇردىكى ئەركىنلىك؟ ھۆر ئەركىنلىك ئىنسان ئۇچۇن ھاۋا بىلەن سۇدەك كېر دەپ جاۋاپ بېرەتتى. ھايات مەنتىقىسىنى توغرى چۈشەنگەن دىلبىرىم ئالىقاچان مىللىتىنىڭ دەرت ئەلەملىرىنى، ئارزۇ- ئۈمىتلىرىنى ئۆز يۈرىگىگە رەم قىلىۋا ئىدى. ئۇ يىغىن — سورۇنلاردا ۋەتەن — مىللەتنىڭ جەڭگىۋار جارچىسى، ۋە ھەققىدىكى ئىزگۈ ئىشلاردا ئۇ پىداكار جەڭچى ئىدى. قۇرۇلتاي جەريانىدىكى ھەپتىدە دىلبىرىم كۆپچۈلۈكنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولۇپ، ۋەتەنداشلارنىڭ ئالاھ ھۆرمەت - ئىتىۋارىغا سازاۋەر بولدى. ئايرىلىش كۈنلىرى يېقىنلاشتى، مەنىل خۇشال ئۇچرىشىشلارنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولمايدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىد كەلگەن ۋەتەنداشلار بىر — بىرىمىزنى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتۇق. "خەير دىلبىر ئامان بولساق، كېلەركى قۇرۇلتايداكۆرۈشەرمىز!..."

«بۇ دۇنيادا - بۈگۈنكى كۈندە قانۇننىڭ ئادالىتى ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچ مەۋجۇت ئەمەس!»

2000- يىلى سىنتەبىرنىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىدە ئالمۇتىدا يۈز بەرگەن ئاتالم "4ئۇيغۇر تېررورىستىنى بومبىلاش" ۋەقەسى پۈتۈن ئالمۇتىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى بولۇپمۇ ئاللاھدىن باشقا پاناھى بولمىغان بىچارە ئۇيغۇرلارغا چوڭ بالايى ئاپە بولدى. پۈتۈن جۇمھۇرىيەت ھەم ئالمۇتىدىكى رادئو، گېزىت، ژورنال، تېلېۋىزورلار قازاقىستان ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى "تېررورىست" دەپ قارىماسلىق كېرەك دىگەندەك ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قارىماي، ئۇيغۇرلار گۇمان ئاستىغا ئېلىندى ئۇلارنىڭ قازاقىستان گىراژدانى بولىشىغىمۇ قارىماي، قانۇنسىز ھالدا ئۇ ئۆيمۇ - ئۆي بېسىپ، ئۆيلەرنى ئۇبۇسكا قىلىش، ئۇيغۇرلارنى سەۋەپسىزلا كۆرگەنلا يەردە سوراق تارتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، ھەتتا ئاياللار، بالىلارغىچە قاملىدىغانلا قالدى ھەم ھەر تۈرلۈك ئازاپلارغا سېلىندى...

مانا مۇشۇنداق جىددى پەيتتە دىلبىرىم ھىمايىسىز قالغان گۇناھسىز مىللىتىنىڭ ئەھۋالىنى توغرى چۈشۈنۈپ، ھېچقانداق توسقۇنلۇقلارغا قارىماي، باشقىلارنىڭ سالغان قورقاقلىرىدىن چۆچۈپ كەتمەي، بىگۇناھ قامالغان قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇش ئىشىغا ئاتلاندى. ئاتالمىش "تېررورىست" ۋەقەسىگە چېتىشلىق جاللادىن ئەيندىنىڭ گۇناھسىز قامالغان ئايالى، نارا سىدە ئىككى بالىسىنى تۇرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بارمىغان يەرلىرى، كىرمىگەن تۆشۈكلىرى قالمىدى. ئاخىرى

ھۆكۈمەتنىڭ سوت ئورۇنلىرىنىڭ ئېنىقلىشى بويىچە جاالىدىن ئەينىدىنىڭ ئايالى ئارزۇگۈم تۇرسۇن مۇھاممەت كىچىك قىزى ئەسمە، 4 ياشلىق ئوغلى قۇدرەتلەرنىڭ ئاتىسىنىڭ مەسىلىسىگە ھېچقانداق چېتىشلىغى يوق دېگەن قارار چىقىپ، تۈرمىدە 4 ئاي يېتىپ، 2001- يىلى 6- فېۋرالدا ئازات قىلىنغاندىن كېيىن دىلبىرىم ئۇلارنى تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىدىن كۈتۈپ ئالغان كۈندىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق باغرىغا باسقان ئىدى.

يەنە ئاز ئۆتمەي، 1998- يىلدىكى ئۈشتا يۈز بەرگەن ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ "4ئۇيغۇر تېررورىست" قازاقىستاندا قولغا ئېلىنىپ، ئاخىرى 99- يىلى قىرغىزىستانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى بۇ "تېررورىستلار" ھەققىدە بۇ يىل 16- مايدا يەنە ئۈش ئوبلاستلىق سوتتا ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، بۇلاردىن 3ئۇيلەنگە ئۆلۈم، بىرەيلەنگە 25يىللىق قاماق جازاسى بېكىتتى.

ئەنە شۇ سوتقا دىلبىرىم سامساقوۋا تەرجىمان ھەم كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشقان، بۇ ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ ھېچبىر گۇناھسىز- بولۇپ، بىر چوڭ دۆلەتنىڭ سىياسى نەيرەڭلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغانلىغىنى بىلگەن، ئۇ نەيرەڭلەرنى رەھىمسىز ھالدا پاش قىلىپ پۈتۈن دۇنياغا دادىل ئاڭلىتىپ، زالىملار ئۈستىدىن ئەرز _ شكايەت قىلغان ئىدى.

دىلبىرىم گۇناھسىز ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ كۆزىدىن ئاققان قان ياشلىرىدىن مەزلۇم مىللىتىنىڭ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىغىنى، بۇ تەڭسىز، ۋاپاسىز دۇنيانىڭ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا ھېچقانداق پەرۋا قىلماي، ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى زۇلۇمىنى كۆردى. كۆنگە ئاشۇرۇۋاتقانلىغىغا مىڭلارچە - ئونمىڭلارچە ئەفسۇس قىلىپ، لەنەت ئوقىغان ئىدى. ئۇنىڭ سەزگۈر يۈرىگى ئالدىن ئالا دەھشەتنى سەزگەندەك، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن 2كۈن بۇرۇن "ئەركىن ئاسىيا رادئوسى"غا بەرگەن ئىنتىرۋيۇسدا بىگۇناھ مىللىتىنىڭ بېشىغا چۈشكەن، بالايى ئاپەتلەرنى، ناھەقچىلىقلارنى، زۇلۇم _ ستەملەرنى يەتكۈزۈپ، "بۇ دۇنيادا - بۈگۈنكى كۈندە قانۇننىڭ ئادالىتى ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن مەۋجۇت ئەمەس!..." دەپ خىتاپ قىلغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ سۆزىدە تۇتقۇن ئۇيغۇر يىگىتلەرنىڭ: "ھەدىلەر، ئۆزەڭلەرنى ئى
تۇتۇڭلار، ئۆزەڭلارنى ئاۋايلاڭلار!" دىگەن سۆزلىرىنى قايتا- قايتا نەقىل كەلتۈرۈ
پۈتۈن قېرىنداشلىرىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن قانلىق پاجىئەلەردىن، ب
كېلىۋاتقان يەنىمۇ دەھشەتلىكرەك ئاقىۋەتلەردىن ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. لېكىن ۋەت
– مىللەت يولىدا قايناپ پىشقان بۇ ئوتلۇق، بۇ قۇتلۇق يۈرەك مەلئۇن زالىم
تەرىپىدىن مىجىپ تاشلاندى. ئۇنىڭ جىنازا نامازى **11**- ئىيۇندا، دۈشەنبە يىراق
يېقىندىن كەلگەن مىڭلارچە ۋەتەنداشلارنىڭ قاتنىشىشىدا ئالمۇتىدا - شەھەرن
سۇلتان قورغان مەسجىدىدە ئوقۇلۇپ، جەسىدى سۇلتان قورغان قەبرىستانلىغ
قويۇلدى. ئادەتتە ئۆلۈم ئۆلگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇزاتقۇچىلارنىڭ يىغى -
زارى، قايغۇ – ھەسرەت ماتىمى ۋە بەزىلەرنىڭ بەرگەن تەسەللىلىرى بىلەن تۈگەيدۇ
دىلبىرىمنىڭ ئۆلۈمى ئۇنداق ئۆلۈمگە ئوخشىمايتتى.

چۈنكى دىلبىرىم ئاددىغىنە ئۇيغۇر ئايالى بولغىنى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىغى
سۆيۈملۈك ۋەتىنى شەرقى تۈركىستانغا ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئاتالمىش قەھرىمان
مىللىتىگە بېغىشلىغان ئىدى. ئۆزىنى ئۆز خەلقىگە بېغىشلىغان بىر ئىنساننىڭ
ئەقىل ئىدراكىنى، كۈچ – قۇدرىتىنى، شان – شۆھرىتىنى ئاددى سۆزلەردە باھالاپ
ئادەتتىكى تارازا ئۆلچەملىرىدە ئۆلچەش مۇمكىنمۇ؟ ياق مۇمكىن ئەمەس! گەرچە ئۇ
ئۆلسىمۇ ئۇنىڭ روھى، ئۇنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرى ئۆز مىللىتى ۋە كېلەچەك
ئەۋلاتلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ – ئەمەسمۇ. ئۇ خەلقىنىڭ پارلاق كېلەچىگى،
يارقىن تىمسالى، ئۇ خەلقىنىڭ ئارزۇسى، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى مىليونلارنى جەڭگە
باشلايدىغان جەڭگىۋار ئوران (چاقىرىق). ئۇنىڭ ھەر بىر تامچە قېنى، پات ئارىدا
تەڭرى تاغلىرىنىڭ بېشىدا پاقىراپ مەڭگۈلۈككە پارلىغۇچى ئازاتلىق تېڭىنىڭ
ئوتقاش نۇرلىرى، ئۇنىڭ كىرسىز، پاكىزە، قۇتلۇق جەسەدى ۋەتەن تۇپراقلىرىدا
تىكىلىدىغان مۇستەقىللىق ئابىدىلىرىنىڭ بىرى! شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دىلبىرىمنى
ئۇلۇغ شېھىد، شانلىق قۇربان دەيمىز. ئۇنىڭ ماتىمىگە كەلگەن ئېرى، بالىلىرى،
ئۇرۇق – تۇققانلىرى، دوست – يار – ئاغىنىلىرى، ھەمشەھەر – ۋەتەنداشلىرىنىڭ
بېشى سېلىنغان، كۆزلىرىدە ئاچچىق ھەسرەت ياشلىرى مۆلدۈرلەيتتى... لېكىن
ئۇلارنىڭ قەلب ئىكرانلىرىدا ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان پولات زەنجىرلىرىنىڭ
ئۈزۈلمەس ھالقىلىرىدەك داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەھرىمان ئەجداتلىرىنىڭ

ـۇستەهكەم سەپلىرى پەيدا بولاتتى... سادىر پالۋان، ئەلاخانلار ئەمدى "دىلبىرىم..."
ـوۋا! ـ دەيتتى. هازىرچىلار، ـ بۇندىن بىر يېرىم ئەسىرلەر ئىلگىرى قەھرىمان ـوۋىمىز ئەلاخان 2 زومىگەرنىڭ ئىغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، مىللىتىمىز ئۈستىدىن ـانلىق باستۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئون مىڭلاپ قۇربانلارنى بېرىپ، قۇرغان ئىلى ـۇلتانلىقى يىمىرىلىپ، ئاخىرى ئەلاخان مۇشۇ مۇبارەك دىيارغا تۇتقۇن بولۇپ، شۇ تۇپراققا كۆمۈلۈپ، جىسمى خاككا ئايلانغان ئىدى. شۇنچە يىللار ئۆتۈپ، دۇنيا بۇگۈن 21- ئەسىرگە يېتىپ كەلگەندە جاھالەتنىڭ پىرلىرى پوچەك پۇلغا سېتىپ ئالغان گۇماشتىلىرى بىلەن مىللىتىمىز تەغدىرىنى غازاڭدەك پايمال قىلىپ، ئىنسان ھەقلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلسا، قېنى بۇ ئادالەت، قېنى بۇ ئىنسانلىق! ناھەتكى يەنە شۇ جۇڭنەنخەيدىكى جاھالەتنىڭ پىرى قانلىق قولىنى بۇياقلارغىچە سوزۇپ، قەھرىمان قىزىمىزنى بىزدىن جۇدا قىلسا ـ ھە؟ بۇ نىمىدىگەن خورلۇق، نىمىدىگەن زۇلۇم؟ ئۇلار دىللىرىدا پەقەتلا دىلبىرىمنىڭ ئاخىرقى قېتىم ۋەتەن خەلقى بىلەن خوشلۇشۇپ، دۇنياغا خىتاپ قىلغان: "بۇ دۇنيادا ـ بۇگۈنكى كۈندە قانۇننىڭ ئادالىتى ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن مەۋجۇت ئەمەس!" سۆزىنى ھەم تۇتقۇن قېرىنداشلىرىنىڭ دىلبىرىمنى ۋە ۋەتەنداشلىرىنى ئاگاھلاندۇرغان: "مىختى بولۇڭلار! ئۆزەڭلارنى ئاۋايلاڭلا!" دىگەن ئىبرەتلىك سۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتى...

2001- يىلى، ئىيۇن، لىۋېرپۇل ـ سىدنېي

www.uyghurkitap.com

# قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىمىزنى مۇستەھكەملەپ، داۋايىم غەلىبىلىك ئېلىپ بارايلى!

«دىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىك»

ئىسمائىل غاسپىر ئو

بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن گېرمانىيەنىڭ شەرقى جەنۇبىغا جايلاشقان باۋ تۈزلەڭلىكىدىكى مىيۇنخىن شەھرىدە شەرقى تۈركىستان داۋاسىدا دەۋىر بۆل ئەھەممىيەتكە ئىگە بولغان 2- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلت ئېچىلىپ، شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتايىنىڭ قۇرۇلغانلىغ تەنتەنە بىلەن دۇنياغا ئېلان قىلغان ئىدى. تارىخىمىزدىكى بۇ ئۇنتۇل نامايەندىگە مانا ھازىر 2يىل بولۇپ قالدى.

بۇ ئىككى يىل جەريانىدا شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتايى ش. ت. (ئۇ) م. ق شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىدەك ئۇلۇغ، شەرەپل مۇشكۇل ئالى غايىنى ئۆزىگە قىبلىگاھ قىلىپ، دۇنيانىڭ بۈگۈنكى ب ۋەزىيىتىگە يارىشا تاكتىكا ۋە سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، ھەر تۈرلۈك ئىچكى تاشقى، تۇسالغۇ – قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دەسلەپكى قەدەمدە خەلقئاردا شەرق تۈركىستانلىقلارنى بىر مەركەزگە بىرلەشتۈرگەن، خەلقئاردا ئۇمۇمنىڭ بىرد ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ئابرويلۇق ھەم كۈچلۈك بىر قوماندانلىق ئىشتاۋ ئايلاندى. ئىككى يىلدىن بۇيان ش. ت. (ئۇ) م. ق ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشك پارتىزانلىقتىن مۇنتىزىملىشىشكە، چېچىلاڭغۇلۇقتىن توپلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتۇ بۈگۈن ئۇنىڭ سەپلىرىدە ئىلگىرىكى 13تەشكىلاتتىن 18 تەشكىلاتقا كۆپەيد ئىنشائاللاھ، سىرتتا قالغان 2-3 تەشكىلاتىمىزمۇ بۇ ئۇلۇغ سېپىمىزگە قوشۇلۇ تەييارلىنىۋاتىدۇ.

قۇرۇلتاي نىزامنامىسىدە كۆرسىتىلگەندەك: ش. ت. (ئۇ) م. ق نىڭ مەقس مىللى بىرلىك ھەم مىللى ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەپ، شەرقى تۈركىس داۋاسىنى تەشكىللىك رەۋىشتە دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىپ، داۋايىمىزنى پۈت

دۇنياغا ئاڭلىتىش ئىدى. بۇ ئىشتا دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى غەلىبىلەرگە ئېرىشتۇق. قۇرۇلتىيىمىز قۇرۇلۇپ، بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا، بۇ ئالى ئورگانىمىز قانۇنلۇق بىر تەشكىلات سۈپىتىدە ياۋروپائىتتىپاقىنىڭ مۇھىم ئەزا دۆلىتى بولغان گېرمانىيە ئۇنى تەستىقلىدى. ھازىر بۇ ئالى ئورگانىمىز قانۇنلۇق بىر تەشكىلات سۈپىتىدە گېرمانىيەدە رەسمەن ئۇتۇغلۇق ئىشلەپ كېتىۋاتىدۇ.

مىللى قۇرۇلتايىمىزنىڭ رەھبەرلىگى ھەرقايىسى مەملىكەتلەردىكى يەرلىك تەشكىلاتلار بىلەن بولغان سىياسى، تەشكىلى، ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرىنى يىقىندىن كۈچەيتىپ، ئۆز ـ ئارا خەۋەر ـ ئۇچۇر، تەجرىبە ـ ساۋاق ئالماشتۇرۇش، بىرىپ كېلىشلەرنى كۆپەيتتى. ئۆتكەن يىلى 1- قېتىم تۈركىيەدە، بۇ يىل مارتنىڭ ئاخىرى 2- قېتىم ئوتتۇرا ئاسيادا، ش. ت. (ئۇ) م. ق نىڭ 1- 2- قېتىملىق دائىمى كومىتېت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە " دىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىلىك" مۇددىئاسىدا چىڭ تۇرۇپ، نۆۋەتتە ئورۇنداشقا تېگىشلىك سىياسەت ـ تاكتىكالارنى بەلگۈلەپ چىقتى.

خەلقئار ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن بىر ئورگان گېزىتى تەشكىللەش كېرەك ئىدى. ئۆتكەن يىلى "ئىستىقلال" گېزىتىنىڭ نەشر قىلىنىپ، 32 سان چىقىرىلىپ ھازىرمۇ ئۇتۇغلۇق داۋاملىشىۋاتقانلىغى بۇ ساھادىكى مۇھىم بوشلۇقنى تولدۇردى. گېزىتىمىزنىڭ سەھىپىلىرىدە داۋايىمىزنىڭ ئىستىراتىگىيە، تاكتىكىسى، قۇرۇلتىيىمىزنىڭ سىرتىدىكى ئەھۋال توغرىسىدا ۋەتەنداشلىرىمىز ھەم ھەر قايىسى تەشكىلاتلىرىمىزغا مۇھىم ئۇچىرلار بېرىۋاتىدۇ.

ئۆتكەن بىر يىل داۋامىدا شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ يېگانە، قانۇنلۇق ئالى ئورگىنى بولغان ش. ت. (ئۇ) م. ق نىڭ تەشكىل ئېتىلگەنلىكىنى، ئۇنى دۇنيادىكى ھەرقايىسى دۆلەت، بىرگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقايىسي دۆلەت تەشكىلاتلىرىغا، مەتبۇئات ۋاستىلىرىگە تونۇشتۇرۇشقا تىرىشىلدى. مىللى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ تونۇشتۇرۇش ھەم ئۇنى خەلقئاردا ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىكپائالىيەتلىرىمىز بۇ يىل تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قانات يايدۇرۇلۇپ، قۇرۇلغاندىن بېرى 20 دىن ئوشۇق دۆلەت ھەم خەلقئار تەشكىلات ھەم ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم مەكتۇپلار يوللاپ،

ئۇلارغا كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقىمىزگە يۈرگۈزۈۋاتقانئاسسىملاتسىيە
ھەم ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېررورى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى
بىزنىڭ باشقا مىللەتلەر قاتارىدا مۇستەقىللىق ھەم ئەركىن ياشاش ھوقۇقىمىز
بارلىقى ھەم شۇنىڭغا قادىر ئىكەنلىكىمىز چۈشەندۈرۈلدى.

بۇ مەكتۇپلاردا كوممۇنىست خىتاي باشلىقلىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلا
دۇنيا ئىنسانلىرى ئۇچۇن ئەڭ ئېزىز بولغان ئىنسان ھوقۇقلىرى مەسىلىسىدە ئۇيغ
خەلقىنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپ – قايغۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى سەمىمى ھەم جىد
ئىلتىماس قىلىندى. شۇنداقلا 20گە يېقىن خەلقئار يىغىنلارغا قاتنىشىپ، دۇ
جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئۇيغۇر خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان فاجىئەل
كۈلپەتلەر ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللى مۇستەقىللىقى، مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىگ
ئۇچۇن بولغان كۈرەشلەرگە جەلب قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياۋروپا پارلامېنتى د
ياۋروپانىڭ بەزى مەملىكەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرئالاھىدە ئەھەممىيەتك
ئىگەدۇر.

خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتى ب، د، ت نىڭ ئىنسان ھەقلىرى كومىسيەسىنىڭ
يىللىق قورۇلتايلىرىدا، تۈركى دۆلەت ۋە خەلقلىرىنىڭ قورۇلتايلىرىدا گېرمانىيەنىڭ
"خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى" ۋە گېرمانىيەدىكى تۈرك
قېرىنداشلىرىمىزنىڭ "مىللى كۈرۈش" تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىقتا ئېلى
بېرىلىۋاتقان پائالىيەتلىرىمىز مىللى مۇجادىلىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىۋاتىدۇ
گېرمانىيەدىكى "شەرقى تۈركىستان خەۋەر - ئۇچۇر مەركىزى" ھەم "دۇنيا ئۇيغۇ
ياشلا قورۇلتايى" مۇ مىللى قورۇلتايىمىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، مىللى
داۋايىمىزنى ياۋروپا ۋە دۇنياغا ئاڭلىتىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ئۇندىن باشقا ئا. ق. ش دىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ داۋايىمىز ھەققىدىكى
پائالىيەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەشكە توغرى كېلىدۇ. ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمى
ئامېرىكىنىڭ ئەركىن دۇنيانىڭ مەركىزى بولۇشتەك ئەۋزەللىگىدىن پايدىلىنىپ، ئ
ق. ش ھۆكۈمىتى، مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋە
باغلاپ، ھەر خىل سىياسى، ئىجتىمائى سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، ۋەتەن داۋاسىن
ئىلگىرى سۈرىۋاتىدۇ. تۈركىيە، ئاۋىستىرالىيەگە ئوخشاش مەملىكەتلەردىم
داۋايىمىز ئۆز يۆلۈنۈشى بويىچە كېتىپ بارىدۇ. كانادا، ئەنگىلىيە ۋە شۇنىڭ

خشاش مەملىكەتلەردە ۋەتەن داۋاسى يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ، داۋايىمىز ئۈچۈن يدىلىق شارائىتلار يارىتىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىزغا "ئاپىرىن" بېتىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى قوللايمىز ھەم ئۇلارغا بۇ ئىزگۈ خىزمەتلىرىدە ور مۇۋاپىقىيەتلەر تىلەيمىز.

ۋەتەن داۋايىمىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خەلقئارغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن بۇ يىلنىڭ بۇرال ئېيىدا قۇرۇلتايىمىزنىڭ ئايرىم ئىنتېرنېت بېتى ئېچىلدى، ئىنشائاللاھ، بقىندا ئىنگلىز تىلىدا بىر ژۇرنال چىقىرىلىپ، دۇنيا ئىنگلىز تىلىدىكى كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشمەكچى، بۇ ۋەتەن داۋاسىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىشتىكى ئىنتايىن زور بىر قەدەم بولغۇسى!

* * *

مىللى قۇرۇلتايىمىز ئىككى يىل جەريانىدا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇ ھازىرقى تېز ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا، جۇڭگو ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ۋەزىيىتىدىن ۋە شۇ ۋەزىيەت تەقازاسىدىن كېلىپ چىققان جىددى تەلەپلەردىن كۆپ ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ. ئۆتكەن ئەسىر 80 - يىللارنىڭ ئاخىر ۋە 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا دۇنيانىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتكەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىپ، ياۋروپادا بېرلىن تېمى يىقىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاغدۇرۇلدى، "سۇغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى" بەربات بولۇپ، سوتسىيالىزىم سىستىما سۈپىتىدە زاۋاللىققا يۈز توتتى. نەتىجىدە ئامېرىكا دۇنيا مىقياسىدا بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇپ، دۇنيادا دەرىجىدىن تاشقىرى يىگانە كۈچكە ئايلاندى، بۇ ئەھۋال دۇنيا سىياسى جوغرافىياسىنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، دۇنيادا يېڭىچە بىر سىياسى ۋەزىيەت شەكىللەندۈردى. بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرى بۇ يىلنىڭ بېشىدىكى سايلامدا مەيدانغا كەلگەن رەئىس جۇمھۇر جىئورج بۇش باشچىلىغىدىكى ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى يېڭى ھۆكۈمىتى بۇرۇنقى ھۆكۈمەتنىڭ "خىتاينى ئىستىراتىگىيەلىك شېرىك" دەپ خىتاينىڭ دۇنيا زوراۋانلىغى ئۈچۈن شارائىت توغدۇرۇپ كېلىۋاتقان يارىماس، ئاجىز سىياستىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، دۇنيا تىچلىغى، دېموكراتىيەگە ئاساسى خەۋپ بولىۋاتقان بۇ بېيجىڭ نامىلىق ئاچكۆز، جاھىل، زوراۋان كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسىنى "ئىستىراتىگىيەلىك رەقىپ" دەپ تونۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقى گۇم بولۇپ، 10 يىل

ئۆتكەندىن كېيىن دۇنيادا 2- قېتىم يۈز بېرىدىغان ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ ئۆزگ
ئالدىنئالا بىشارەت بەمەكتە، ئىنشائاللاھ، خەيىنەن ئارىلىغا چۈشكەن ئامېر
جاسۇسلۇق ئايروپىلان ۋەقەسى، تەيۋەننى مۇداپىئە قىلىش ھەققىدە 1- قېتىم
ش ھۆكۈمىتى باشلىغىنىڭ بىلدۈرگەن ئېنىق، دادىل، پىرىنسىپال ۋە قاتتىق ق
ئىپادىسى، ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى ئىستىراتېگىيە نۇقتىسىنىڭ ياۋرو
يۆتكۈلۈپ، ئاسيا – تىنچ ئوكيان رايونلىرىغا مەركەزلىشىدىغانلىقىنى –
قىلىشى، ئامېرىكانىڭ باشقۇرىلىدىغان بومبا قالقان سىستىماسىنىڭ بولغا قوي
دۈشمەنلىرىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا، باللىستىك راكىتالىرىنىڭ ھەيۋەلىرىنى
بىلەن يەكسەن قىلىپ، تېرىسىغا پاتماي دۇنياغا خوجايىن بولۇش قەستىد
خىتاي كوممۇنىست ئىمپىرىيەسىنىڭ تېجاۋۇزچىلىق، كەڭەيمىچ
سۇئىقەستلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئۇنى خەلقئار ۋە مەملىكەت ئى
ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى 50 يىلدىن بې
خىتاي خەلقىنى ئالداپ كەلگەن گۈگۈچەنداڭ، سوتسىيالىزىم دىگەندەك زەھەر
قىلتاقلار ئاللىقاچان خىتاي خەلقى تەرىپىدىن تۈكۈرۈپ تاشلاندى، سوتسىيال
دىگەن بۇ ئەبجەغى چىققان كونا جەندىنى بازارغا سېلىپ،ئەمىلىيەتتە پۈتۈن دۆ
خەلقىنى بۇلاپ – تالايدىغان بىر قىسىم كوممۇنىست ھۆكۈمرانلارنى باي، زورا
قىلىپ بىر پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى توتالىتارىئان فاشىست دىكتاتورىيەس
كۆچەپ يۈرگۈزمەكتە، كومپارتىيە ئىچىدىكى جاڭ، جۇ، لى گۇروھلىرىنىڭ ئۆز –
ھوقۇق مەنپەئەت كۈرەشلىرى، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت، پارتىيە بىلەن ئارم
ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، خەلق بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت، مەركەز بىلەن يەرل
ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ ھەل قىلغىلى بولمايدى
ھالەتكە يەتتى... پۈتۈن مەملىكەتنى ئىشسىزلىق قاپلىدى. ئىشچى، دېھق
خىزمەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى نارازىلىقلىرى كۈندىن – كۈنگە ئېش
مەملىكەتنىڭ يىزا – شەھەرلىرىدە ئىش تاشلاشلار، نامايىشلار ئادەتتىكى ئىشلا
ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. تاشقى دۇنيادىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ تەسىرى بى
خىتاي دېموكرات ھەرىكىتىمۇ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلمەكتە، بۇنىڭدىن 2 يىل بۇ
قوزغالغان فالۇنگوڭ ھەرىكىتى خىتاي ۋە چەتئەللەردە ئۆز سېپىدە ئون مىليونلى

ئەزالارنى مۇجەسسەملەپ، بېيجىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن چوڭ بالايى - ئاپەتكە ئايلاندى.

كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىلىرىدە، بولۇپمۇ شەرقى تۈركىستاندا ھېچقاچان ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشتەك خەلقىمىزنىڭ تىنچ ئىنسانىي تۈيغۇ، ئارزۇ – ئۈمىتلىرىنى ھېساپقا ئالغىنى يوق. تىنچلىقپەرۋەر خەلقىمىزنىڭ قانۇنى، سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، دىنى ھوقۇقلىرىنى ئىتىراپ قىلىشنىڭ ئورنىغا خەلقىمىزنى ئۆزىنى قوراللىق قوغداش ئۈچۈن قوراللىق تۇقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا مەجبۇرلاپ، ئۇنى قانلىق دۆلەت تېررور سىياستى بىلەن دەھشەتلىك باستۇردى. **1990**- يىلى ئاپرىلدىكى "بارىن ئىنقىلاۋى"، **1995**- يىلى 7 - ئىيول "خوتەن ۋەقەسى"، **1997**- يىلى فېۋرالدىكى "غولجا ۋەقەسى" قاتارلىق خەلقىمىزنىڭ سىياسى كۈرەشلىرىنى بېيجىڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلارچە باستۇرۇلدى.

جاللات جاڭزېمىنىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن چىقىرىلغان **1996**- يىلى **19**- مارتتىكى "5- نومۇرلۇق مەخپى ھۆججەت" تارقىتىلىپلا، **"100** كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى" باشلىنىپ، سۈيۈملۈك ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ زور ئۈستى ئۈچۈق تۈرمىسىگە ئايلاندى. ھەيۋەت تەڭرىنىڭ **2**قاسىنىغدا قان دەرياسى تولۇپ ئاقماقتا، بۇنى ئاز دېگەندەك يەنە شۇ قانخور جاڭ زېمىن بۇيرۇقى بىلەن بۇ يىل ئاپرىلدىن باشلاپ خىتاي بۇيىچە "قارا گورۇھلارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى" باشلىدى، بۇ ھەرىكەت يەنە كونا ئادىتى بۇيىچە شەرقى تۈركىستان چېگرىسىغا كىرىشى بىلەنلا "**2**يىللىق مىللى بۆلگۈنچى، دىنى ئەكسىيەتچىلەر، تېررورىستلارنى تازىلاش" دېگەنگە ئۆزگۈرۈپ تىغ ئۇچىنى ئەركىنلىك، مۇستەقىللىقنى خالايدىغان ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتتى.

بۇ ھەرىكەت ئەمدى ئازغىنە مىللى ھېسسىياتى، دىنى ئەقىدىسى بار، ئۆز مىللىتىنىڭ ئادەتتىكى نورمال ئۆرپ – ئادەتلىرىنى قەدىرلەيدىغان ئۇيغۇرلارنى يوقۇتۇش نىشانى قىلىنىپ مىللىتىمىزنى ئۆچۈقتىن – ئۈچۈق مىللەت سۈپىتىدە يوقۇتۇش مەقسىتىدە شەرقى تۈركىستان بۇيىچە ئۇيغۇرلارغا قارىتا يەنە بىر قېتىملىق ئۇمۇمى جازا يۈرۈشنى باشلىۋەتتى. بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىگى، زەربە بېرىش نۇقتىسىنىڭ پەقەت شەرقى تۈركىستاننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانۇنى، تارىخى ئىگىسى ئۇيغۇرلار ئۇستىگە مەركەزلەشكەنلىگى ھەم
جازا ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشى بىلەن ئالدىنقى جازا يۈرۈشلىرىدىن
پەرقلىنىدۇ. شىنجاڭ ئاخبارات تورىنىڭ ئۈرۈمچىدىن بەرگەن خەۋىرىگە قارىغا
ماي كۈنى شىنجاڭ پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى يۇقىرىدا
بىرلىشىۋاتقان جازا يۈرۈشلىرىگە ماسلىشىپ ئاتالمىش ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن
پارتىيە ئەزالىرى، ياچېكالىرىغا قارشى بۆلگۈنچىلىككە قارشى ۋەتەننىڭ بىرل
قوغداش ھەققىدىكى بەلگۈلىمىسىنى ئېلان قىلدى، بۇ بەلگۈلىمە جەمئى 2
بولۇپ، "مىللى بۆلگۈنچىلەرنى ئويۇشتۇرغان، قوللىغان، يول قويغان،
ئوقۇغان، دىنى بىلىملەرنى ئۆگەنگەنلەر، رۇزا تۇتقانلاردىن باشلاپ، گەپ - سۆ
مەركەز بىلەن بىردەك بولمىغانلار"نىڭ ھەممىسىنىڭ جازاغا ئۇچرايدىغانل
ئېلان قىلىپ، بۇرۇنقى "قارا تىزىملىكتىكىلەر"، "گۇمانلىقئۇنسۇرلار" تىگ
قانۇنى جازالارغا ئۇچرايدىغانلىغى ئوقتۇرۇلدى. خەلقئارلىق مەلۇما
قارىغاندا، ئاپرىلنىڭ بېشىدىن ماينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە خىتاي بويىچە 500 ك
ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ ئو
ۋىلايەت، شەھەرلىرىدىن ئاز دىگەندە 50تىن ئوشۇق ۋەتەنپەرۋەرلەر قانۇنسىز
ئۆلتۈرۈلدى. شەھەر - يېزىلارنى قىزىل تېررۇرلۇق قاپلاپ، شەرقى تۈركىستا
يۈزلىگەن تۈرمىلەر ئون مىڭلىغان يېڭى مىللى بۆلگۈنچىلەر بىلەن توشتى...
ئەسىردىن بۇيان كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاسسىملاتسىيە ھەم
قىرغىنچىلىقنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېررۇر سىياستى ئېلىپ بارغان 30 ق
يېقىن جازا يۈرۈشلىرىدە (ھېچقانداق ئۇرۇش بولمىغان تىنىچ شارائىتتە)
سانى بويىچە ئازغىنە ئۇيغۇر خەلقى تارىخلاردا ئاز ئۇچرايدىغان ناھايىتى
بەدەل تۆلەپ، مۆلچەرلىگۈسىز تالاپەتلەرگە ئۇچرىدى. بۇ بالايى ئاپەتنىڭ
دىكتاتور ستالىننىڭ شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتىگە (1944-9
خىيانەت قىلىپ، ئۇنى قىزىل ماۋچىلار گورۇھىغا ساتقانلىغى ھەم ئۆزىم
تارىختا ئۇنتۇلغۇسىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، ئارسلاندەك 40مىڭ شەرقى تۈركىس
غالىب مىللى ئارمىيىسىنى ئالدىنىپ جاللات ماۋغا تۇتۇپ بەرگىنىمىزدىن
چىقتى. نەتىجىدە مىليونلىغان ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسىل پەرزەنتلىرى قىرىپ تاش
قاماقلاردا ئازاپلاپ ئۆلتۈرۈلدى. مىليونلىغان شەرقى تۈركىستانلىقلارنى ھە

يوللار بىلەن قەستەن مەجبۇرلاپ ۋەتەننى تەرك ئېتىشكە زورلىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا 10 مىليونلىغان ئاچ قالغان خىتاي كۆچمەنلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ مۇنبەت، گۈزەل جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقىمىزنى قولىمىزدىن رەھىمسىزلارچە تارتىۋېلىپ، بىزنى "ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرگەن دىۋانىلار"غا ئايلاندۇردى. بىزنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئالتۇن، كۈمۈچ، نېفىت، كۆمۈر،گاز، تۆمۈر، ئۇران ھەتتا قوغۇن تاۋۇزلىرىمىزمۇ كۈن – تۈن دېمەي خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە توشۇپ تالان – تاراج قىلىنماقتا. بېيجىڭ ھازىر ھەر يىلى ۋەتىنىمىزنى بۇلاش ھېساۋىغا **100** مىليار دوللارلىق ئولجىغا ئېرىشىۋاتىدۇ. ئەمما خەلقىمىزنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەگى ئىشسىزلىك ھالىدا، نادان، قاششاقلىقتا ياشاۋاتىدۇ. يۈزمىڭلىغان شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئاچارچىلىقتا ئۆلگەنلىگى ھەم ئۆلىۋاتقانلىغى تېخىمۇ ئېچىنارلىق... ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان **46** قېتىملىق ئاتوم سىناقلىرىدا **260,000** شەرقى تۈركىستانلىق ھاياتىدىن ئايرىلدى. كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانلارغا ۋە تەبىئەتكە قىلىۋاتقان بۇ دۈشمەنلىكى ھەر خىل سەۋەپلەرنى باھانا قىلىپ،ھازىرمۇ توختىغىنى يوق... مۇشۇنداق مۇرەككەپ، جىددى ۋە ئۆزگۈرۈشچان خەلقئار ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا مىللى قۇرۇلتاينىڭ ئالدىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر تۇرۇپتۇ.

بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئىتتىپاقلىق. ئىتتىپاقلىق جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئىگە بولساقمۇ، ئىتتىپاقلىق داۋايىمىزدىكى ھازىرمۇ ئاجىز ھالقىلارنىڭ بىرى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بەزى تەشكىلاتلار ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى، تەشكىلاتلار بىلەن تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ھېلىمۇ ئىتتىپاقسىزلىق، بۆلۈنۈشلەر مەۋجۇت. بۇ ناچار ئىللەتلەرسېپىمىزدە مەن – مەنچىلىك، باشباشتاقلىق، ئىنتىزامسىزلىق، بىر – بىرىنى كۆرەلمەسلىك، قولغا كەلگەن ئۈتۈق – غەلىبىلەرنى بىر – بىرىدىن قىزغىنىشلارنى پەيدا قىلىپ، ھەممىمىز ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان ۋەتەن داۋايىمىزغا چوڭ زىيانلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. راست،، بىزدە دالاي لامادەك رەھبىرىمىز ھەم ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئېرىشكەن شەرت – شارائىتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەگەر بىز ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىغى، مىللەتنىڭ ئەركىنلىگىدەك ئۇلۇغ نىشاننى قەلبىمىزگە جاقىلىپ،

"دىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىك" غايىسىگە يېتىپ ئالالىساق، ئىنسا ئاسماندىن چۈشمەيدۇ ياكى يەردىن ئۈنۈپ چىقمايدۇ، ئەمەلىي كۈرەش مەيدا ئارىمىزدىن يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق مۇد يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك، بىزدە ئىتتىپاقلىقلا بولىدىكە نەرسىگە يەتكىلى بولىدۇ. بىر ئۈچۈم خائىن ـ مۇناپىقلاردىن باشقا ۋەتەنپە دۇنيادا ۋەتەن ـ مىللەت مەنپەئەتىدىنمۇ ئۈستۈن يەنە باشقا زادى نىمە بار؟!

قەتئىي ئىشىنىمىزكى: **200** يىلدىن بۇيان ئىستىلاچى خىتاي ھۆكۈمرا سىياسىي ھەم مىللىي زۇلۇمىنى يەتكۈچە تارتىپ كېلىۋاتقان قەھرىمان مىل ئەجداتلارنىڭ ئىتتىپاقلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، باسقۇنچى كوممۇنىست جاللاتلىرىغا قارشى ھەقىقىي پولات ئىستىھكام چوقۇم قۇرۇپ چىقىدۇ.

داۋايىمىز كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشتە ئەڭ قىلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىسى ھازىر يېڭىچە شەكىل بىلەن مەيدانغا چىق تەسلىمچىلىك ھەم خىتاي پەرەستلىك ئىدىيەسىدۇر. ئەلبەتتە، دۈشمەنگە كۈرەشتە دۈشمىنىمىزگە قارشى كۈچلەر بىلەن كەڭ بىرلىكسەپ قۇرغىنىمىز يا بۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنى يېتىم قالدۇرۇپ، ئىنقىلاۋى كۈچلەرنى ئۇلغا غەلبىنى تىزراق قولغا كەلتۈرۈشتە پايدىلىق مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىسى. ئۆز نىشانىمىز، ئۆز مەيدانىمىز، پىرىنسىپلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۇنداق ك بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ، ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ ق تارىختا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزنى قايتا تەكرارلاپ، ۋەتەن داۋا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بولۇپمۇ ھازىر بەزىلەر خ دېموكراتلىرىنى ئىنتايىن زور كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن ۋەت مۇستەقىللىق داۋاسىغا يېتىشنى ياكى بولمىسا، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەرگە ئېي بولمايدىغان مۇددىئالىرىغا يېتىش شىرىن چۈشلىرىنى كۆرۈۋاتقانلار بار. بۇ دىگ يەنىلا كونا ـ يېڭى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دامىغا چۈشۈش دىگ ئىبارەت؟ بۈگۈنكى خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ مەقسىتىمۇ ھېچقاچان ش تۈركىستانغا مۇستەقىللىق بېرىش ئەمەس. بىزنى يەنىلا ئۇلار قۇرۇماقچى ب خىتاي دېموكراتىك ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىچىدە ئېرىتىپ يوقۇتۇش. بىزنىڭ مەقس ـ مۇستەقىللىق، مۇستەقىللىق ـ ئىستىقلال ھېچقاچانمۇ خىتاي دېموكراتلىر

ئىنئامى ـ ياردىمى بىلەن كەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۆز كۈچىمىزغا تايىنىپ، دوست - دۈشمەننى ئايرىپ، توغرى سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، ھەم مۇستەقىللىغنى ئاساس قىلغان پىداكارلىق كۆرەشلىرىمىز نەتىجىسىدىلا كېلىدۇ، خالاس!

ئەنە شۇ مۇستەقىللىق نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى كۆرەشتە توغرى يۆنىلىشنى تاللاپ ئېلىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. بىز ھازىرقى دۇنيانىڭ سىياسى ئېقىمىغا ـ دۇنياغا يۈزلىنەيلى، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەيلى! كونا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارغا ئېسىلىۋېلىپ، دۈشمەننى كۆپەيتىپ، ئۆزىمىزنى پاسسىپ، يېتىم ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئاخىرى ئۆزىمىز قايتا ـ قايتا يېڭىلگەن قانلىق تارىخىمىزدىن تەجرىبە ساۋاق ئالايلى! بىز ھېچقاچان ئۈنۈم بەرمىگەن، خەيرلىك كەلتۈرمىگەن كونا، قېتىپ قالغان كۆز قاراشلاردىن، مەسلەكلەردىن ۋازكېچەيلى. شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىغى، مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىگى ئۈچۈن قايسى يول پايدىلىق بولسا، شۇ يولدىن ماڭايلى. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ـ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە ھازىرقى دۇنيانىڭ تەلىۋىگە، مىللىتىمىزنىڭ مەنپەتىگە ئۇيغۇن ھۆر، دېموكراتىك ئازات شەرقى تۈركىستان قۇرۇش. مۇنداق شەكىلدە قۇرۇلماقچى بولغان ھۆر دېموكراتىك مەملىكەتنى دۇنيا قوللايدۇ. مۇنداق مەملىكەتتە خەلقىمىز سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، دىنى، مىللى، مەدىنى ھوقۇقلىرىدىن تولۇق بەھرىمەند بولالايدۇ. بۇنى خەلقىمىز ھەم قوللايدۇ. **1949**-يىلى ئوكتەبىردە خىتاي كوممۇنىست پارتىيسى خىتايدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن تارىختىكى خىتاي باسقۇنچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئۇ خەلقئار سوتسىيال جاھانگىرلىرىنىڭ سىياسىتىنى ئىشقا سېلىپ، كەڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق، باشقا مەملىكەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىششنى كۈچەيتىپ، ھە دەپ ئامېرىكا بىلەن دۇنيا خوجايىنلىغىنى تالىشىپ، باسقۇنچىلىق ئورۇشىغا تەييارلىنىۋاتىدۇ...

مەملىكەت ئىچىدە بولسا، بىر پارتىيە دىكتاتورلىغىنى كۈچەيتىپ، ئۆز مۇستەملىكەلىرىدىكى ئىرقى قىرغىنچىلىغىنى كۈچەپ يۈرگۈزمەكتە. بۇ يىل **14**-**15**- ئىيۇنلاردا شاڭخەيدە داۋاملاشقان "شاڭخەي بەشلىكلىرى، يىغىنىنىڭ رەسمەن" شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى" بولۇپ قۇرۇلۇشى ھەم ئۆزىنىڭ نىشان تاختىسىنىڭ **1**- ئورنىغا "بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش" نى كىرگۈزۈشى كوممۇنىست خىتاي

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com

باسقۇنچىلىرىنىڭ بىر قىسىم شەرمەندە نومۇسسىز غالچىلارنى، سېتىۋېلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەت تېررورلۇق سىياسىتىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا كىرىپ، ئۇيغۇر خەلقىگەيەنىمۇ چوڭ قىرغىنچىلىق بالايى ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈشتىن ئالدىن ئالا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى بەرمەكتە...

بېيجىڭنىڭ مۇستەملىكىچىلىك جىنايەتلىرىگە شېرىك بولىۋاتقان پۈتىن رۇسىيە ھۆكۈمىتى چىچەنلەرنى قىرىۋاتقانلىقىنى ئاز كۆرۈپ، چار رۇسىيە ۋە سوۋېت ئىمپىرىيەلىرىنىڭ تارىخلاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايى - ئاپەتلىرىنىڭ ئۈستىگە ئەمدى، بۈگۈن ئۇيغۇرلارغا قارشى بۇ جازا يۈرۈشىنىڭ بايراقدارى بولۇپ ئالدىدا كېتىپ بارىدۇ.

ئەڭ ئەفسۇسلىنارلىقى شۇكى؛ ئۇيغۇر خەلقىگە قانداش، دىنداش، تەغدىرداش بولغان ئۆزىنى مۇستەقىل، دېموكراتىك دەپ ئاتىۋالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى (دىققەت: ئۇ يەردىكى قېرىنداش مىللەتلەرنى كۆزدە تۇتقۇنۇم يوق) بۈگۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەريالاپ قېنىنى ئىچىۋاتقان جاللات جاڭ زېمىننىڭ پوچەك پۇلىغا سېتىلىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان، ئۇيغۇر خەلقىنى ئاتالمىش بۆلگۈنچى، "تېررورىست"، "دىنى ئەكسىيەتچى" دىگەن ئەيىپنامىسىغا قول قويدى. ئېيتىڭلارچۇ، تاشكەنتتە ئۆلتۈرۈلگەن ئىمىن ئوسمان، بىشكەكتە ئۆلتۈرۈلگەن نىغمەت هاجىم بوساقوۋ، ئالمۇتىدا ئۆلتۈرۈلگەن هاشىر ۋاهىدى، بىلەن دىلبىرىم سامساقوۋالار ھەم قولىدا تۇمۇر سۇنۇغى بولمىغان شەرقى تۈركىستاندىكى ئۆلتۈرۈلىۋاتقان ئون مىڭلاپ بىگۇناھ ئۇيغۇر ياشلار، قانداق قىلىپ بۆلگۈنچى تېررورىست ھەم دىنى ئەكسىيەتچىلەر بولسۇن؟!

بىز ئۇيغۇرلار سەممىيەت ھەم قەتئىلىك بىلەن شۇنى دۇنياغا جاكارلايمىزكى؛

1- بىز ئۇيغۇرلار ھىچقاچان بۆلگۈنچى ئەمەس، بىز خىتاينىڭ يېرىنى بۆلۈپ ئالايلى دېگىنىمىز يوق، بىزگە تەڭرى ئاتاقىلغان، لېكىن تېخى يېقىندىلا كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىرى قانۇنسىز زورلۇق بىلەن بېسىۋالغان بىزنىڭ قانۇنى، تارىخى ۋەتىنىمىز ـ شەرقى تۈركىستاننى ئاشۇ باسقۇنچىلاردىن قايتۇرۇپ ئالماقچىمىز، بۇ بىزنىڭ ئىنسانى بورچىمىز، قانۇنى ھەققىمىز، بىز بۆلگۈنچى ئەمەس، بىز مۇستەقىللىق، ئازاتلىق ـ جەڭچىلىرىمىز!

2- بىز ئۇيغۇرلار تېررورىست ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى دۆلەت تېررور سىياسىتى بىلەن 500 يىلدىن بۇيان يۈز مىڭلاپ بىگۇناھ خەلقىمىزنى قىرىپ كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ قورالىمىز يوق، ئارمىيەمىزمۇ يوق، شەرقى تۈركىستاندا بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى چىش — تىرنىقىغىچە قوراللانغان مىليونلاپ قوشۇننى ئىشقا سېلىپ، كۆندىلا ئۇيغۇرلارنى قىرىۋاتىدۇ. قانداق قىلىپ ئۇيغۇرلار تېررورىست بولسۇن؟!

3- بىز ئۇيغۇرلار دىنى ئەكسىيەتچىلەردىن ئەمەس، بىز كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى شەرقى تۈركىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 50 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنى مىللەت تەرىقىسىدە يوقىتىش ئۈچۈن، بىزنىڭ دىنىمىزغا، مەدەنىيىتىمىزگە، تىلىمىزغا، قىسقىسى بىزنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىمىزنى يوقىتىش ئۈچۈن جازا يۈرۈشىنى ئېلىپ بارغانلىقىغا 50 يىل بولدى. بۇ يىللاردا ئون مىڭلاپ مەسچىدلىرىمىز، ئون مىڭلاپ دىنى مەكتەپلىرىمىز تاقىۋېتىلدى. يۈز مىڭلاپ دىنى ئۆلىمالىرىمىز ئۆلتۈرۈلدى، قۇرئان، ناماز ئوقۇشلار، روزا تۇتۇشلار چەكلەندى. ئۇيغۇرلارغا ئاتېئىزىم مەجبۇرى تېڭىلدى، بۇنىڭغا نارازى بولغانلار تۈرمىلەرگە تاشلاندى، جازالاندى، ھازىر بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رۇخسەت قىلىنىپ، ئېچىلغان مەسچىتلەردە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇئاش ئېلىپ، پارتىيە تەرىپىدىن قويۇلغان كوممۇنىست ئىماملار پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى، ئاتېئىزىمنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى دىندىن سوتسىيالىزىم ئۈچۈن پايدىلىنىۋاتىدۇ. 50 يىلدىن بۇيان ئىسلام دىنىنىڭ ئىپتىدائى بىلىملىرىنى ئىگەللەشكىمۇ پۇرسەت تاپالماي، دىنى ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالغان بىر مىللەتكە قانداق قىلىپمۇ ئىسلام فوندامىنتالىستلىرى، دىنى مۇتەئەسسىپلەر دىگەن يالغان — ياۋىداق بەدنامنى چاپلىغىلى بولسۇن؟ ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ بىر خىل ئېتىقاد ئەركىنلىكى بىلەن ياشايدۇ — غۇ؟!شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ دىنى ئەكسىيەتچى ئەمەس. بىز دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان بىچارە ئىنسانلارمىز، خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلار ھېچقاچان بۆلگۈنچى، تېررورىست ھەم دىنى ئەكسىيەتچىلەردىن ئەمەس. بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەم ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە دۈشمەنلىك غەرەزلىرى بىلەن مەجبۇرى تاڭغان بۇ بەدناملىرىنى قەتئى رەد قىلىمىز. بۇنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايمىز!

www.uyghurkitap.com

بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئەركىن دۇنيا مەملىكەتلىرى، ئادالەت پەرۋەر ھەرقايسى دۆلەتلەر ھەم كەڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بۇ دۆلەت تېررور سىياسىتىنى دەرھال توختىتىشقا مەجبۇرلىشىشىنى ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھەم ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش كۈرىشىگە تىزدىن ياردەم بېرىشىنى سەمىمى ئۈمىت قىلىمىز!

سۆيۈملۈك ۋەتەنداشلار، ئەزىز قېرىنداشلار ، شەرقى تۈركىستان داۋاسى مۇنداق ئاددىلا مەسىلە ئەمەس، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ سەپىرى ئۇزۇن، مەنزىلى ئەگرى – توقاي ھەم جاپا – مۇشەققەتلىك، ئەمما ئۇنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، ئىنشائاللاھ، 1-دىن بىز ئۇلۇغ ئاللاھغا، 2-دىن داۋايىمىزنىڭ ھەق – ئادىللىقىغا ھەم ئۆزىمىزگە ئىشىنىمىز، 3-دىن دۇنيادىكى ئادالەتسۆيەر ئىنسانلارنىڭ بىزنى داۋايىمىزنى قوللاپ، بىزگە ياردەم بېرىشىگە ئىشىنىمىز.

ھەق ئادالەت چوقۇم تەڭسىزلىكنى، يورۇقلۇق – قاراڭغۇ جاھالەتنى، ئەركىنلىك چوقۇم قۇللۇق – زۇلۇماتىنى يېڭىشكە قەتئى ئىشىنىمىز!..

بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى، خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ھەم پۈتۈن ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىز، ئەگەر كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قۇل، ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستانىنىڭ مەڭگۈلۈك مۇنقەرىز بولۇشىنى ئىستىمەيدىغان ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسىل پەرزەنتلىرى شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) ئاتالمىش بۇ باش ئىشتاۋىمىزنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئىتتىپاقىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋايىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغان شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا تىزراق، ئېنىقراق، تولۇقراق ئاڭلىتىشقا تىرىشەيلى! داۋايىمىزنى دۇنياغا ئاڭلاتماي، كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكچىلىك زۇلۇملىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈگۈزۈۋاتقان دۆلەت تېررور سىياسەتلىرىنىڭ قانلىق جىنايەتلىرىنى پاش قىلماي، دۇنياغا ئۆز دەرت – ئەلەملىرىمىزنى، ئارزۇ – ئارمانلىرىمىزنى يەتكۈزمەي، دۇنيا خەلقىنىڭ ھەقىقى ھىسداشلىقىغا ئېرىشەلمەيمىز ھەم ئۇنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالىمىز!

شۇنڭ ئۈچۈن ھەممىمىز شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ھەرخىل يول ھەرخىل شەكىل ۋە ھەرخىل مەزمۇنلار بىلەن دۇنياغا ئاڭلاتقۇچى ئاكتىپ تەشۋىقاتچى – جارچىلاردىن بولۇپ، يېقىندا ئىچىلىش ئالدىدا تۇرغان 3- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتايىنى ئەمىلى كۆرەش پائالىيەتلىرىمىز ھەم شانلىق نەتىجىلىرىمىز بىلەن كۈتۈپ ئالايلى!

2001- يىلى، ئىيۇل. لىۋېرپۇل – سىدنىي - ئاۋىستىرالىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



9- ئاينىڭ 11- كۈنى، بىر قىسىم تەلۋىلىكتە ئۇچىغا چىققان تېررورىستلار نيۇيورك شەھىرىدىكى دۇنيا سودا مەركىزى بىلەن ۋاشىنگتوندىكى ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ بىنالىرىغا ۋەھشىلەرچە ھۇجۇم قىلىپ، مىڭلىغان بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ ياۋۇزلۇق ھەرىكىتىنى دۇنيا مەملىكەتلىرى ھەم دۇنيا ئەفكار ئاممىسى قاتتىق ئەيىپلەپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قاتىللارغا، قاتىللارغا يانتاياق بولۇپ، ئۇلارغا پانالىق بەرگەن قارا كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ.

گەرچە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئاغزىدىن بۇ تېررورلۇققا ئېچىنىپ، تەزىيە بىلدۈرگەندەك قىلسىمۇ، ئامېرىكا ۋە دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ ئۇساما بىن لادىندەك خەلقئارلىق تېررورىستقا باشپانا بولغان تالىبان ھۆكۈمىتىگە ھەربى ھەرىكەت يۈرگۈزۈشكە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئامېرىكا، ئەركىن دۇنيا مەملىكەتلىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا قارشى رەزىل غەرەزىنى يوشۇرۇپ، قالالىغىنى يوق.

18- سىنتەبىر كۈنى ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى جۇگۇاڭداۋ: "ئامېرىكا ئاۋغانىستانغا ھەربى ھەرىكەت يۈرگۈزۈشنى ب. م. ت نىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك، ختاي ب. م. ت دائىمى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ختاينىڭ رەت قىلىش ھوقۇقى بار، ئامېرىكا ختاينىڭ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇشنى چۈشۈنىشى ۋە قوبۇل قىلىشى لازىم، بىزنىڭ ئامېرىكانىڭ ھەربى ھەرىكىتىنى قوللاش ئۈچۈن قويىدىغان شەرتىمىز شۇ." دىسە، شۇنىڭغا ئۇلۇپلا ختاينىڭ ئامېرىكىدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ دىنى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىنى جىياخېي ئۇيغۇرلار ھەققىدە سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ: "بۇ رايوندا بىرمۇنچە بومبا پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەن، بۇنى بىز تېررورلۇق ھەرىكەت، ختاي بۇنداق تېررورلۇق ھەرىكەتنىڭ قۇربانى، دەپ قارايمىز، بۇ تېررورچىلارنىڭ كەينىدە كىم بارلىغىنى تەكشۈرەيمىز" دېدى. بۇ سۆزلىرى بىلەن كوممۇنىست ختاي ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىنلادىندەك تېررورىستلارنى قوللاپ، ئامېرىكا ۋە ئامېرىكا باشچىلىغىدىكى ئەركىن دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ، دۇنيا دېموكراتىيەسىنىڭ

دۈشمنى ئىكەنلىكىنى پاش قىلىپ قويسا، تېررورىستلارنى ئۇيغۇرلارغا چاپلاپ، يوق يەردىن توك ئۈندۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىغە تۆھمەت قىلدى. 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرىستاننى قانۇنسىز بېسىۋالغان بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتۈن سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە مەدىنى ھوقۇقلىرىنى تارتىۋالغاندىن سىرت، ئۇيغۇرلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن دۆلەت تېررور سىياستى يۈرگۈزۈپ كىلىۋاتقانلىقى پۈتۈن دۇنياغا ئايان، يىراقتىن ئەمەس يېقىندىن، ھەممىسىنى ئەمەس، ئازىراغىنى سۆزلەيدىغان بولساق، 1990- يىلى ئاپرىل بارىندا 1995- يىلى 7- ئىيۇلدا خوتەندە، 1997- يىلى 5. 6- فېۋرالدا غولجىدا قولىدا تۇمۇرنىڭ سۇنۇغى بولمىغان، پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلغان ئانا ۋەتەنلىرىدە دېموكراتىك ئەركىنلىك، ئىسانلىق ھوقۇقلىرىنى تېنىچ يول بىلەن تەلەپ قىلىپ چىققان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان نامايىشچىلارنى قىرىپ ئۆلتۈرۈپ، كوچىلاردا دەريالاپ قان ئاقتۇرغان خىتاينىڭ ئاتالمىش ئازاتلىق ئارمىيەسى ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قورالى يوق، ئارمىيەسى يوق، تورمىسى يوق، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرىستاندا چىش بىلەن تىرنىغىچە قوراللانغان خىتاينىڭ بىر مىليوندىن ئوشۇق مۇنتىزىم باسقۇنچى ئارمىيەسى، 3 مىليۇندىن ئوشۇق قورالىق بىڭتۇەن ئارمىيەسى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىدا قانلىق قېلىچىنى ئوينۇتۇپ تۇرۇپتۇ... ئامنىستى ئىنتېرنانسيئونال99- يىلى ئاپرىلدىكى ئۆزىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھوقۇقلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاتتىق ئاياق – ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى 92 بەتلىك دوكلاتىدا 200 گە يېقىن بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى "بۆلگۈنچى تېررورىست، دىنى ئەكسىيەتچىلەر" دىگەن بەدناملار بىلەن باش قاتۇرۇپ يالغاندىن ھەر خىل ئەنزىلەرنى ياساپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىغىنى دۇنياغا جاكارلىدى. سىياسى جىنايەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈش پەقەتلا خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى بولغان شەرقى تۈركىستاندىلا مەۋجۇت... بۇنداق ئۆلتۈرۈشلەر بۇ يىل 4- ئايدىن قايتا باشلاپ ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى جازا يۈرۈشىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىرغىچە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى 100دىن ئېشىپ كەتتى، قانداق قىلىپ بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆز سۆزلىرى بۇيىچە "ئاسماندا تور، يەردە قاپقان" دەپ ئاتالغان، خىتايلار ئۈچۈن جەننەت، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇستى ئۈچۇق بۇ شىنجاڭ

www.uyghurkitap.com

ئاتالمىش ۋەيلۇن دوزاختىكى ئۇيغۇرنىڭ بىنلادىندەك ئادەم بىلەن مۇناسىۋەت
بولسۇن؟ قېنى بىر - ئىككى ئاتالمىش "تېررورىست ئۇيغۇر"نىڭ شى
تۈركىستاندىن چىقىپ، بېيجىڭ، شاڭخەي ياكى خىتاينىڭ باشقا شەھەرلىرىگە بې
بېرىپ، بىرەر بىنانى پارتلاتقان ياكى بولمىسا خىتاينىڭ بىرەر چاشقىنىنىڭ بۇرنى
قاناتقانلىقى ھەققىدە پاكىتى بارمۇ؟ يالغانچىلىق تۆھمەتكە ئۇستا بېيجى
ھۆكۈمرانلىرى بۇنىڭغا جاۋاپ تاپالمايدۇ. سەۋەبى ئۇيغۇرلارنى تېررورىستلار بىلە
مۇناسىۋىتى بار دەپ جار سېلىۋاتقانلار نەق ئەنە شۇ بېيجىڭ ماركىل
تېررورىستلار. ئۇيغۇرلار بىنلادىننىڭ ئىسمىنى نيورۇقتىكى ۋەقە يۈز بەرگەند
كېيىنلا ئەمدى ئاڭلىۋاتىدۇ. بىر قانچە يىللاردىن بۇيان جوڭنەنخەيدىك
ئەمەلدارلىرى ھەدىسىلا پاكىستان ۋە ئاۋغانىستانلارغا قاتراپ، ئاۋغانىستاندىك
زىددىيەتلەرنى كۆچەيتىپ، كۈيۈۋاتقان ئۇرۇش ئوتىغا ياغ چېچىپ 20 يىلدىن ئوشۇ
ۋاقىتتىن بېرى 6 مىليوندىن ئوشۇق ئاۋغانلىقنىڭ ئۆلۈشىدە خىتا
ھۆكۈمرانلىرىنىڭمۇ قولى بارلىقىنى دۇنيا بىلىدۇ. ئۇچۇغىنى ئېيتقاندا، بىنلاد
بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئەكسىچە، خىتاي كوممۇنىس
ھۆكۈمىتىنىڭ تالىبان ھەم بىنلادىن بىلەن قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى بار
خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ سىياسى غەرەز ۋە كەڭەيمىچىلىكى ئۈچۈن ئوتتۇرىدىك
خىتاي پەرەست بىر دۆلەتنى ۋاستە قىلىپ ئۇلارنى قوللاپ كېلىۋاتىدۇ. تېخ
يېقىندىلا بېيجىڭ بىنلادىننى قوغداۋاتقان تالىبان ھۆكەمىتى بىلەن مۇناسىۋىتى
بارلىقىنى دۇنياغا ئېلان قىلغان ئىدى.

بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى: "سەن ئوغرى دىگىچە، مەن مەن ئوغرى دەۋالاي" دىگە
كونا تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە تۆھمەت قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى
تېررورىستلارغا شېرىك قىلىپ، ئامېرىكا ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ كۆزىنى بوياپ
جوڭنەنخەيدىن ئۆزۈلمەي چىقىۋاتقان "ئۇيغۇر بۆلگۈنچى – تېررورىستلىرىنى
يىلتىزىدىن قىرىپ تۈگۈتۈش كېرەك" دىگەن پىلانىغا يەتمەكچى بولۇشتى، لېك
ئۇلار چوتنى خاتا سوقتى.

ئامېرىكا خەلقى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى كۆز قارىشى ھە
مەيدانى مۇستەھكەم، ئۇ ئۆزىنىڭ دوستى كىم، دۈشمىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىن
ياخشى بىلىدۇ.

ئامېرىكىدىكى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقاتىغا قارشى يۇقرالار تەشكىلاتىنىڭ مۇدىرى 18- سىنتەبىر كۈنى ئېلان قىلغان باياناتىدا "... دۇنيادىكى بارلىق ئەركىنلىكنى سۆيگۈچى خەلقنى شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار داۋاسىنى قوللاپ ھمايە قىلىشقا چاقىرىمىز، بىزنىڭ ئۇيغۇر بۇرادەرلىرىمىز مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش بۇ قېتىمقى ئامېرىكىدىكى يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى قاتتىق ئەيىپلىدى، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا بىلەن شەرتلىك ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئەركىنلىكنى سۆيگۈچى ئۇيغۇر خەلقنى ئاۋغانىستاندىكى بىنلادىنىنىڭ ئادىمى بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ سۈرەتلىمەكتە..."، دەپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەسىلىنى مۇستەقىل بىرتەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. تېخى يېقىندىلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تىبەت ھەرىكىتىنىڭ بىر تەشكىلاتىنى ھەم شۇنىڭدەك ئامېرىكا ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنى ئازاتلىق مۇكاپاتى بىلەن تەغدىرلىششى كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىشكەنجىسىدە ئىڭراۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىگە بېرىلگەن ئۇلۇغ بىشارەت ھەم تۈگۈمەس ئىلھام. جاڭ زېمىن بۇسنا ۋە كوسوۋا ئۇرۇشلىرىدا ئامېرىكا ۋە ناتو باشچىلىقىدىكى ئەركىن دۆلەتلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى يۈرگۈزگەن ھەققانى دادىل ھەرىكەتلىرىنى ئەيىپلەپ، ئۆزىنىڭ غالچىسى سىلوبودان مىلسوۋىچنى ساقلاپ قېلىشقا قانچە تىرىشقان بولسىمۇ، جاللات مىلسوۋىچ دۇنيا سوتى ئالدىدا ھىساۋات بېرىشتىن قۇتۇلالمىدى. ئىنشائاللاھ، ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ، كۆرەڭلىگەن ئىككى قولى يۇز مىڭلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان جاللات جاڭ زېمىننىڭ پاجىئەلىك تەغدىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەسدۇر.

2001- يىلى ، 20- سىنتەبىر، لىۋېرپۇل - سىدنېي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## "دىلشاد خاتۇن" ـ ئىپارخان تىراگېدىيەسى ھەققىدە

شەرقىي تۈركىستاندا 80 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان "ئاق تاغلىق" ھەم "قارا تاغلىق" غوجىلارنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇپچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىچكى قانلىق جېدەللىرى نەتىجىسىدە، 1682- يىلى جۇڭغار كىرىپاسنويى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خانى غالدان قەشقەرىيەگە بېسىپ كىردى. جۇڭغارلارنى قەشقەرگە باشلاپ كېلىپ جۇڭغار باسقۇنچىلىرى ئالدىدا "خىزمەت كۆرسەتكەن" ئاپاق خوجا خوجايىنلىرى ئۇنىڭغا بەرگەن مۇكاپاتى سۈپىتىدە قەشقەرنىڭ قورچاق خېنى بولۇپ، تەختكە چىقتى. شۇنداق قىلىپ بۇ بىر مەزگىللىك خوجىلار يىغىلىقىدا ئاق تاغلىقلار غالىپ چىقىپ، 168يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلدى. نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستاندا بىر ئەسىرگە يېقىن سوزۇلغان ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ ـ جاھالەت دەۋرى باشلاندى. جەمئىيەت تەرەققىياتى پۈتۈنلەي تۇرغۇنلۇق ھالىغا چۈشۈپ، تەساۋۋۇپچى ئىككى گۇرۇھنىڭ ئۆز ـ ئارا قانلىق قىرغىنلىرى جەڭگى ـ جېدەللىرى ئەۋجىگە چىقتى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن كىڭخەيمچى مانجۇ باسقۇنچىلىرى 18- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىنى ـ جۇڭغارىيە (كۆك يايىق)نى بېسىۋالدى. مانجۇلار ئۇيغۇرلار دىيارى- شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي يۇتۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىقى ئوتتۇرىسىغا نىزاھ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، مىللىتىمىزنىڭ مىللىي بىرلىكىنى پارچىلاپ، "ئاق تاغلىق، قارا تاغلىقلار" ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى كۈچەيتىۋەتتى. نەتىجىدە قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قانلىق جەڭگاھلاردا 100 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ھالاك بولدى. ئاخىرى بۇ ئۇرۇشتا ئاق تاغلىقلار غالىپ چىقىپ، خوجا جاھان ئۆزىنى "باتۇرخان" دەپ ئېلان قىلىپ، قەشقەر تەختىگە ئولتۇردى ھەم مانجۇ باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇقەددەس ئۇرۇشقا ئاتلاندى. مانجۇ ئىمپېراتورى چيەنلۇڭ مۇستەقىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېڭىدىن ئاياغقا تۇرغان ئۇيغۇر دۆلىتىنى مۇنقەرىز قىلىش ئۈچۈن جىياۋخۇي قوماندانلىقىدىكى مانجۇر ئارمىيەسىنى ئەۋەتتى. كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان مانجۇر ئارمىيەسى يېڭىدىن تەشكىللىنىپ، تېخى ئەسلىگە كەلمىگەن ھەم

سرتنىڭ ياردىمىگە ئىگە بۆلالمىغان خوجا جاهان هاكىمىيىتىنى 3 يىلدىن كېيىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچىراتتى. مانجۇر باسقۇنچىلىرىغا قارشى بۇ قانلىق كۈرەشلەردە بۆزلىگەن خەلق قەھرىمانلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەنە شۇ قەھرىمانلارنىڭ ئىچىدە خوجا جاهان بىلەن مۆرىنى ـ مۆرىگە تىرەپ بىرگە جەڭ قىلىپ دۈشمەن قولىغا چۈشكەن خوجا جاهاننىڭ مەلىكىسى ـ دىشاد خاتۇن ـ ئىپارخان ئالاھىدە مەشھۇر تارىخى شەخس بولۇپ، ئەسىرلەردىن بۇيان ئەۋلاتلار ئىچىدە تىللاردىن ـ تىللارغا داستان بولۇپ كەلمەكتە.

1- دىلشاد خاتۇن ـ ئىپارخان ئۇيغۇرلار ئىچىدىلا مەشھۇر بولۇپ قالماي، خىتاي ۋە چەتئەللەردە ئەسىرلەردىن بۇيان ئالەمشۇمۇل يىگانە ئايال قەھرىمان سۈپىتىدە نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق رەسسام، يازغۇچى ھەم مەشھۇر شەخسلەرنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلىپ، ئىپارخان نامى ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىجادى تېمىسىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ قەھرىمانلىغىنى ۋە ئىچكى ـ تاشقى دۇنياسىنىڭ گۈزەللىگى بىلەن ئەركىنلىك ئالىجاناپلىق ۋە ۋاپادارلىق تىمسالى سۈپىتىدە كىشىلەر ئۈچۈن ئىلھام بەخش بولىغى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ رەسمى ئەينى دەۋردە ئىمپىراتور چيەنلۇڭ ئۈچۈن سىزغان ئىتالىيە رەسسامى لىئۇنى (Lioni) ئىپارخانغا بولغان ئاجايىپ مۇھەببەت ھەم ھۆرمەت بىلەن سىزىپ چىققان ئىدى. بۇ رەسىمنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ھازىرمۇ بىرىتانىيە مۇزېيىدە ساقلىنىپ، دۇنيا سېيياھلىرىنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرماقتا.

2- ئۆتكەن ئەسىر 50- يىللارنىڭ بېشىدا ئەنگىلىيەگە رەسمى زىيارەتكە بارغان خىتاي باش مىنىستىرى جۇئېنلەي شۇ چاغدىكى ئەنگىلىيە باش مىنىستىرى ئېدىندىن 1904- يىلى ئەنگىلىيەلىكلەر بېيجىڭدىن ئولجا سۈپىتىدە ئېلىپ كەتگەن 2نەرسىنى: بىرىسى ئىپارخاننىڭ لىئۇنى سىزغان شۇ رەسىمنى، 2- تەيپىن تيەنگونىڭ دۆلەت بايرىغىنى سورىغان ئىكەن، ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتى بايراقنى بېرىپ، رەسىمنىڭ كوپىياسىنىلا بېرىشكە رۇخسەت قىلغان، ئۇندىن باشقا، ياپونىيەنىڭ بىر فىلىم شىركىتى ئۇنىڭ نامىغا فىلىم ئىشلىگەن بولسا، ئىتالىيەلىك ئايال يازغۇچى ئۇنىڭ ھەققىدە ئەسەرلەر يازغانلىغىمۇ ئېنىق.

3- ئىپارخاننىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن شەرقى تۈركىستاندا 1949- يىلدىكى كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن كېيىن شەرقى

uyghurkitap.com

تۇركىستان نامى بىلەن شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈ
قەھرىمان ئەجداتلىرىمىزنىڭ ناملىرىنى ئاتاش، ئۇلار ھەققىدە ئەسەرلەر يېز
ئەمەس ـ ھەتتا سۆزلەش... ئەڭ چوڭ جىنايەت ـ ئۆلۈم بىلەن تەڭ بولۇپ قالدى. م
مەسىلىلەرگە ئائىت بېيجىڭنىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن دۆلەت تېر
سىياستى نەتىجىسىدە يۈزلىگەن ئاتاقلىق يازغۇچىلىرىمىز، شائىرلىرىمىز، جاما
ئەربابلىرىمىز، دىنى ئۆلىمالىرىمىز، زىيالىلىرىمىز چوڭ خىتايچىلىق سىياستى
گۇناھسىز قۇربانلىرىغا ئايلاندى.

سوۋېتلىك ۋەتىنىمىز ـ شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈش مىل
قەھرىمانلىرىمىزنى يادلاپ ئۇلار ھەققىدە ئەسەرلەر يېزىش قاتتىق چەكلەند
كىمكى ئۇلار ھەققىدە ھەقنى سۆزلەپ، رېئال تارىخنى يازغانلار ئاتالم
"ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۆلگۈچى، جۇڭخوا مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقىنى بۇزغۇ
دۈشمەن ئۇنسۇرلار" دىگەن بەدناملار بىلەن دەھشەتلىك تۈردە جازالاندى، ئۆلتۈرۈلد
شۇنىڭ ئۈچۈن دىلشاد خىنىم ـ ئىپارخانغا ئوخشاش ئالەمشۇمۇل قەھرىمانى
ھەققىدە بىرەر ئەسەر يېزىپ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇپ
ئەۋلاتلىرىمىزنى تەربىيەلەشكە ئۆز ئانا تۇپرىقىمىزدا ئىمكانسىز قالدۇق. ساب
سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرخ
بېسىملىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ شۇ يەرلەردە ئىجاد قىل
پۈرستىگە ئىگە بولغان بىر قىسىم يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز ئۇيغۇر تارىخىن
ئەشۇ ئېچىلمىغان بەتلىرىنى ئېچىپ، تارىخى تېمىلاردا بىرقىسىم نەمۇنەل
ئەسەرلەرنى يازدى. بولۇپمۇ ئاتاقلىق يازغۇچى ۋە دىراماتۇرگ ـ جامائەت ئەربابى
زىيا سەمەدىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللار بېشىدا يازغان، "ئىپارخا
نامىدىكى 2 بۆلۈم 8 كۆرۈنۈشلۈك تىراگىدىيىسى سۆزىمىزگە ئۇچۇق مىسا
بولالايدۇ.

گەرچە ئۆتكەن ئەسىر 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شائخەيدىكى مەلۇم بىر سوۋې
زاۋۇتى "ئىپارخان" (شياڭفى) نامىدا ئەتىر سوپۇن ئىشلەپ چىقىرىپ شەرق
تۈركىستانغا كىرگۈزدى. يەنە 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر خىتاي دىراماتۇرگ
تىرەپىدىن ئىپارخان ھەم چىيەنلۇڭ ھەققىدە يېزىلغان سەھنە ئەسىرى، شائخە
تىياترىلىرىدا ئوينالدى.

1962- يىلى يازدا ئۈرۈمچىگە كەلگەن خىتاي شائىرى جىياڭ جۇمىن قاتارلىقلار "شىنجاڭ ئەدەبىياتى – سەنئىتى" (تارىم) ژورنالىدا بېسىلغان شېئىرلىرىنىڭ بىرىسىدە مەشھۇر مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك جەڭچىسى، ئۇيغۇر ھۆرىيىتىنىڭ قەھرىمان ئانىسى –ئىپارخان مەدھىيىلەنگەن ئىدى. كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ خىتاي بولىشىغىمۇ قارىماي، ئۇلارنىڭ ھەقنى سۆزلىگەنلىگى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازاتلىق كۈرەشلىرىگە ئاز – تولا ھېسداشلىق قىلىپ قويغانلىغى ئۈچۈن "ئۇششۇقلۇقتا قارشى تۇرۇش" ۋە باشقا ھەرىكەتلەردە ئۇلارغا قالپاق كىيگۈزۈپ، تىياتىرلارنى تاقاپ، شۇ يازغۇچىلارنى قاتتىق جازالىغان ئىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە چىيەنلوڭ زامانىسىدىن تارتىپ، ھازىرقى كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قەدەر خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكەچىلىك ۋە باسقۇنچىلىق سىياسەتلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىق تارىخىنى ئۆزگەرتىپ، ئىپارخانغا ئوخشاش مىللى قەھرىمانلىرىمىزنىڭ شانلىق ئوبرازلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ياللانما ۋە مۇستەملىكىچى ئەدىپلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇرنىڭ قەھرىمان ئانىسى ھەققىدە خېلى كۆپ توقۇلما كىتاپلارنى يېزىپ، يالغان رەسىملەر سىزدى.

كونىنى ئىتەكتە ياپقىلى بولمىغاندەك، ئاخىرقى ھېساپتا، ئىپارخان نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن قەھرىمان ئۇيغۇر ئانىسى ئۆزىنىڭ شانلىق ئوبرازى بىلەن ئۇيغۇر تارىخىدا تېخىمۇ پارلاق نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ... ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر سۆرگەن، ئۇزۇن يىللار زارىققان ۋەتىنى - شەرقى تۈركىستان ياكى دۇنيانىڭ يىراق ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ئون مىليونلىغان ئۇيغۇرلار قەلبىدە قەھرىمان ئانىسى – ئىپارخاننىڭ ئۇلۇغ روھى مەڭگۈلۈك ھايات! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق قىزلىرىغا شۇ ئانىسىنىڭ مۇبارەك نامىنى ئۇنتۇماسلىق ھەم قىزلىرىنىڭ كىلەچەكتە ئىپارخاندەك قەھرىمان، ۋەتەنپەرۋەر ئىچكى – تاشقى گۈزەللىگى بىلەن شۆرەت تاپقان دىلشاد خېنىمغا ئوخشىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئىپارخان دىگەن سۆيۈملۈك ئىسمىنى قويۇشىدۇ...

بولۇپمۇ بۇ مەسىلىدە ئۆزىنى ئىپارخاننىڭ ئەۋلاتلىرىدىن دەپ قارىغان، تۈركىيە دراماتورگى، فاتما مۇزەپپەر قايا تۈركىيەدە ئۇيغۇر تۈرك ئانىسى – ئىپارخان ھەققىدە تۇنجى قېتىم قەلەم تەۋرەتكەن يازغۇچىدۇر. ئۇنىڭ "دىلشاد خاتۇن" ناملىق

2بۆلۇملۇك تىراگىدىيىسى ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق، چوڭقۇر ئىزدىنىشلىرى
مېۋىسى بولۇپ، بىزنى ئالاھىدە ھاياجانغا سالىدۇ.

فاتما مۇزەپپەر قايا 40 يىللاردىن بېرى، سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىش بىلە
شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان يازغۇچى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ دراماتورگلۇق پائالىيىتىنى
مىكروفونى ئويۇنلارنى يېزىش بىلەن باشلىغان. كېيىنچە ئۇ 10غا يېقىن سەھ
ئەسەرلىرىنى يازغان بولۇپ، بۇنىڭ بەزىلىرى شەھەرلىك تىياترىلار
ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تىياترى سەھنىلىرىدە ئوينالغان. ئۇ TRT ۋە باش
مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى
كۆپىنچىسى تۈرك مەدەنىيىتىگە بېغىشلىنىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىر
تاشقى تۈركلەرگە ئائىت بولۇپ، "دىلشاد خاتۇن" تىراگىدىيىسى ئەنە شۇلاردىن
بىرىدۇر. دراماتورگ بۇ ئەسىرىنى 6 يىلدا يازدى، ئەسەر بۇنىڭدىن 3 يىل ئىلگىرى
مەرمەرە ئۇنىۋېرسىتىدە سەھنەلەشتۈرۈلۈپ، يەرلىك تاماشىبىنلار ھەم بىر قىسم
شەرقى تۈركىستانلىق ياشلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

"دىشاد خاتۇن" ـ ئىپارخان تىراگىدىيىسى ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ
تارىخى، سىياسى، ئىجتىمائى ۋەقەلەرنىڭ رىيال گۇۋاچىسى بولغان ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ قەھرىمان ئانىسى ئىپارخانغا بېغىشلىنىدۇ.

ئىپارخان تارىخى، رىيال شەخس، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى ۋەتىنىنىڭ
مۇستەقىللىقى، مىللىتىنىڭ ئەركىنلىگى ئۈچۈن بېغىشلىغان ئۆلمەس قەھرىمان
يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر ھەم مىللى ئىپتىخارىمىز. ئۇ ۋەتەنگە بولغان ساداقىتى
قانلىق جەڭلەردە ئىسپاتلاپ قالماي، ئۆزىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى گۈزەللىگى بىلە
شۇ دەۋىردىكى مانجۇ ـ خىتاي ھۆكۈمرانى جىيەنلۇڭدەك زالىمنى يەڭگەن ئۇلۇغ
نامايەندە بولۇپ، ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇ ۋەتەن، خەلق ۋە ئۆز سۆيگۈسىگە بولغان
ۋادارلىق، ساداقەتلىك، ئالى جاناپلىق ۋە ئەجايىپ مەردانىلىقىنىڭ مەڭگۈلۈك
ئۈلگىسى بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە.

ئىپارخان جەڭ مەيدانىدا قولغا چۈشۈپ، بېيجىڭگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ
بېيجىڭدىكى خان سارايىغا نەزەر بەنت قىلىنىدۇ. ئەسەردىكى ۋەقەلىكلەر باشتىن
ئاخىر ئىمپىراتور سارايىدا ئۆتىدۇ. ئەسەردە ئىپارخان دۈشمەنىنىڭ قاتمۇ ـ قات
قورشاۋى ئىچىدىكى قانلىق ئوردۇسىدا تۇرسىمۇ ئۇ ھېچقاچان ئۆزىنى يالغۇز

ھىساپلىمايدۇ. ئۆزىنى جەڭ مەيدانىدا جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق جەڭچىسىدەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ خان ئوردىسىدا 1- قېتىم ئىمپېراتور چيەنلۇڭ بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتىدىمۇ باشقىلارنىڭ ئۇنى ئاتالمىش "تەڭرىنىڭ ئوغلى بولغان چيەنلۇڭ" غا تىز پۈكۈپ تەزىم قىلىشقا زورلاشلىرى ۋە تەزىم قىلمىغاندا چيەنلۇڭنىڭ دەرغەزەپكە ئۇچراپ، يامان ئاقىۋەتلەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلسىمۇ ئۇ قىلچە قورقۇپ تەمتىرىمەيدۇ. ئۇ مەغرۇر قەددىنى سۆيگەن ئېلىنىڭ ھەم سۆيگەن قەھرىمان ئېرى خوجا جاھاننىڭ قاتىلى ـ چيەنلۇڭغا ئەگمەيدۇ. ھەتتا ئۇ زالىم چيەنلۇڭنى نەزەرگىمۇ ئىلمايدۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان چيەنلۇڭ ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇ كۆز ئالدىدا ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، مىڭلىغان ئەسكەرلىرىنى يەر چىشلەتكەن قەددى قامىتى كېلىشكەن، ئىنتايىن گۈزەل، مەغرۇر ئۇيغۇر مەلىكىسىنى كۆرۈپ ئەقلى لال بولىدۇ. ئۇيغۇر گۈزىلىگە بېرىلگەن مۇنچىلىك زور غەيرەت ـ جاسارەت، ئەقىل ـ پاراسەت، سەبرۇ ـ تاقەت ۋە ئىچكى ـ تاشقى گۈزەللىككە ھەيرەتتە قالىدۇ. چيەنلۇڭ ۋە ئۇنىڭ تەرەپتارلىرى: زالىم، ھىيلىگەر، سۇيىقەستچى چيەنلۇڭنىڭ ئانىسى، خۇشامەتچى، كۆرەلمەس، كۈنچى خوتۇنى، ئۇنىڭ ۋەزىر ـ قوماندانلىرى، سارايدىكى دىدەك ۋە پايلاقچىلىرى قولىدا تۇمۇر سۇنۇغى ھەم ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىسى بولمىغان ئىپارخانغا قاتتىق ـ يۇمشاق چارە ـ ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆتەك يېنىپ تۇرغان ئىمانىنى ئۆچۈرۈپ، تاغدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان غۇرۇرىنى سۇندۇرماقچى بولۇشىدۇ. چيەنلۇڭ ئىپارخاغا ئېچىنغان خۇپسەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇنى مال ـ دۇنياغا قىزىقتۇرىدۇ، راھەت ـ پاراغەتكە تارتىش چارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭدىن ھېچ ئۈنۈمگە ئېگە بولالمايدۇ، كېيىن ھەر خىل يالغان ياۋىداق ۋەدىلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئۇنى قولغا چۈشۈرۈپ، رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇپ، ئىپارخان ئارقىلىق يېڭىدىن بېسىپ ئالغان تۇپرىقى ـ شەرقى تۈركىستاننى ئاسانلا باشقۇرۇش شىرىن چۈشلىرىنى كۆرىدۇ. بۇمۇ ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن چيەنلۇڭ ئىپارخانغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىيجىڭدە ئەسىر بولۇپ ياشاۋاتقان ۋەتەنداشلىرىغا ئۆلۈم بىلەن تەھدىت سالىدۇ، بىراق ئىپارخان بۇ ھايات ـ مامات كۆرىشىدە ئۇلۇغ تەڭرىگە بولغان چىن ئېتىقادى، سۆيۈملۈك ۋەتىنى ھەم خەلقىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى ھەم ئەزىز يارىغا بولغان

مەڭگۈلۈك ساداقىتىنى قەلبىدە چىڭ ساقلاپ، ھېچقاچانمۇ ئىككىلەنمەيدۇ. چىيەنلۇڭ باشچىلىقىدىكى ياۋۇز باسقۇنچى كۈچلەرنىڭ ئىپلاس ھىيلە - مىكىرلىرىنى، سۇئىقەستلىرىنى كۈچ نىسبىتى ئىنتايىن تەڭ بولمىغان بىر شارائىتتا پاش قىلىپ، ياۋۇز دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئۆلارنى روھىي ـ ئەخلاقىي جەھەتتىن يېڭىدۇ.

يازغۇچىنىڭ بۇ ئىدىيىسى ـ ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى بولۇپ، "دىلشاد خاتۇن"نىڭ باشتىن - ئاخىر پۈتۈن جەريانىغا مۇشۇ ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن. ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۇقىرى پەللىسىدە چىيەنلۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى باشچىلىقىدىكى ياۋۇز قارا كۈچلەر ئىپارخاننىڭ پولاتتەك ئىرادىسى ئالدىدا ئەخلاقىي جەھەتتىن يېڭىلىپ، رەسۋا بولغاندىن كېيىن ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ. گەرچە ئەسەرنىڭ پۈتۈن جەريانى پاجىئەلىك ۋەقەلەر بىلەن تولۇپ، ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ـ ئىپارخاننىڭ پاجىئەلىك تەغدىرى بىلەن ئاياغلاشقان بولسىمۇ، ئەسەردىكى پاجىئەلىك بىلەن تەڭ ئۈمىتۋارلىق روھىنىڭ ئەسەرنىڭ ئۇمۇمىي مەزمۇنىغا سىڭگەنلىكىنى ئەسەر ۋەقەلىرى ھەم ئىپارخان دىئالوگ، مازالۇگرىدىن بىلىپ ئالالايمىز . ئىپارخان ئانىمىزنىڭ ئانا ۋەتەن مۇستەقىللىقى، مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ، مىللىتىمىز دۈشمەنلىرىگە لەنەت ئوقۇپ، بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن خوشلاشقانلىقىغىمۇ ئىككى يېرىم ئەسىردىن ئاشتى. ئۇنىڭ پارلاق ئوبرازى ئەسىرلەرنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق، قار- جۇدۇنلۇق ئەڭ قىيىن سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدا ياشاپ، بىزنى ۋەتەن داۋاسىنى تىزراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چاقىرىۋاتىدۇ. ئىپارخان ئانىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا قىسمەتلەر بىز ئۈچۈن ھازىرمۇ ھەرگىز ئۆتمۈش ئەمەس! ۋەتەن - خەلقىمىز يەنىلا قەھرىمان ئانىمىز ۋە مىليونلىغان شېھىد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قاتىلى مانجۇ ـ خىتايلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلادى كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قانلىق ئىسكەنجىسىدە قان ـ ياش ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. بۇ تۈرمۇش رېئاللىقى ـ بۇ ھەقىقەت! "دىلشاد خاتۇن"نىڭ بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئاكتۇئاللىق ئەھمىيىتى شۇ يەردە! فاتىما قايا بۇ ئەسەر بىلەن ئىپارخان ئانىمىزنىڭ: "ئەي قەھرىمان ئەۋلادىم، غەپلەتتە ياتما، تەڭرى ئاتا قىلغان، لېكىن باسقۇنچىلار بېسىپ ئالغان بۇ مۇقەددەس، پايانسىز تۇپراق سېنىڭ! الله ھەر بىر

مىللەتنى ياراتقان ئىكەن، ئۇنىڭ ياششى ئۈچۈن يەر ــ زېمىن، بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى بەرگەن، الله ئىنسانلارنى تەڭ ياراتقان، سېنىڭ يات ــ يېغى دۈشمىنىڭنىڭ تومۇر تاپىنى ئاستىدا ياشىشىڭ ـ بۇ ئىنسانچىلىق ئەمەس! تۇر، بىزلەر قان تۆكۈپ ئورۇندىيالمىغان ئىشلار، سېنىڭ بوينۇڭدا ئامانەت!" دەپ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى سائەتىدە قىرغان جاراڭلىق نىداسىنى يەنە بىر قېتىم ۋەتەنداشلار سەنىگە سېلىشى بىلەن ئىنتايىن قەدىرلىكتۇر!

يازغۇچى ئۆز قەھرىمانىنى يارىتىپ، ئۇنىڭ ئۆلمەس روھىغا جان قوشۇپ، ئۇنى ھاياتقا قايتۇرسا؛ قەھرىمان ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئوبرازى بىلەن يازغۇچىغا ئەبەدىلىك ھايات بېغىشلايدۇ. مېنىڭچە، ئۆز مىللىتىگە ئەقىدە باغلىغان يازغۇچى ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ ھەم چوڭ مۇكاپات بولمىسا كېرەك.

"دىلشاد خاتۇن" نىڭ يېزىلىپ چىقىلىشى ۋە سەھنىلەردە قويۇلىشى بىلەن ھۆرمەتلىك فاتما مۇزەپپەر قايانى چىن دىلىمىزدىن تەبرىكلەپ، يازغۇچىمىزغا خەيرلىك ئۈمۈرلەر تىلەيمىز.

ئاخىرىدا الله قەھرىمان ئانىمىزنىڭ ئىمانىنى يولداش قىلىپ، جايىنى جەننەتتە قىلسۇن، ئۇنىڭ كۆرۈشكە تەشنا بولغان ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىل ئەركىن كۈنلىرىنى بىز ئەۋلاتلىرىغا كۆرۈشكە نەسىپ قىلسۇن، ئامىن!

2001- يىلى، سىنتەبىر. لىۋېرپۇل- سىدنىي

# بېيجىڭنىڭ تېررورلۇق تۆھمىتىگە بىرىلگەن ئەجەللىك جاۋا

ئامېرىكىدا يۈزبەرگەن "11- سىنتەبىر پاجىئەسى" دۇنيا سىياسى جوغراپىيەسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، دۇنيا قايتىدىن تەشكىللىنىپ، يېڭىچە تۈسك كىرىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى بىر قۇتۇپلۇق دۇنيانىڭ رەھبەرلىك رولىنى تۇتقان ئا. ق. ش دۇنيا يۈزىلىك تېررورىزىمغا قارشى كۆرەشنى باشلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان دۇنيادىكى ئاساسى دۆلەتلەر دەرھال ئۇنىڭ چاقىرىقىغ ئاۋاز قوشۇپ، دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن تېررورىزىمغا قارشى ئۇلۇغ دولقۇنى ھاسىل قىلدى.

بۇنى ئۆزىگە ئەپلىك پۇرسەت، دەپ بىلگەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ بىردىن - بىر ئەڭ چوڭ، كونا دۈشمىنى "ئامېرىكا جاھانگىرلىگى" شۇئارىنى ۋاقىتىنچە تاشلاپ قويۇپ، بۇ ئۇلۇغ دولقۇن ئىچىدە "توپۇلاڭدىن توغاچ ئوغۇرلاپ"، ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى شەرقى تۈركىستاندىكى شەرقى تۈركىستان مۇستەقىلچىلىرىنى خەلقئارادىكى ئۇسامە بىنلادىن ۋە تالىبانلارغا چېتىپ، دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ ھىسداشلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىگى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئازاتلىق جەڭچىلىرىنى يەرشارىدىن بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولۇپ جىددى ھەرىكەتكە ئۆتتى.

مەملىكەت ئىچىدە تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھەم شەرقى تۈركىستانىنىڭ قانۇنى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنى دىنى ئەكسىيەتچىلەر، بۆلگۈنچىلەر، تېررورىستلار دەپ ئېلان قىلىپ، 11- سىنتەبىردىن ھازىرغىچە 300 دىن ئوشۇق ئۇيغۇرلارنى قولغا ئېلىپ، يۈزلەپ ئۇيغۇرلار تۈرمىلەرگە ھۆكۈم قىلىنىپ، ئونلاپ گۇناھسىز ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

بۇنىڭدىن قانائەت تاپمىغان بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى شەرقى تۈركىستاندىكى جاللاتلىرى ۋە گۇماشتىلىرى ئارقىلىق خىلمۇ - خىل ئەمىر - پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، دەھشەتلىك ئۇسۇل - چارەلارنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىمانىنى ھەم ئۇنىڭ ئۆلمەس مىللى غورۇرىنى ئاياق - ئاستى قىلىپ، قىزىل تېررورىنى يېڭى پەللىگە كۆتەردى.

بېيجىڭ ئۆزىنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق قىلچە ئىزا تارتماي، جۇڭگو شەرقى تۈركىستان تېررورىستلىرىنىڭ قوربانى بولغانمىش، ئۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تېررورىزىمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ مۇھىم ئەزاسى ئىمىش، شەرقى تۈركىستان تېررورىستلىرى دۇنيا تېررورىستلىرىنىڭ تەركىۋى قىسمى بولۇپ، ئامېرىكا جۇڭگونىڭ بۇ تېررورىزىمغا قارشى ھەرىكىتىنى قوللاۋېتىپتۇمىش... ۋاھاكازالار.

خەلقئاردا بولسا، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزىنى بوياپ، شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىق جەڭچىلىرىنى قارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئىپلاس غەرەزلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ كۈچ سەرپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ياۋروپا پارلامېنتىدا ئېچىلغان 3- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قورۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش جەريانى، شاڭخەيدە ئېچىلغان ئاسيا - تېنچ ئوكيان ھەمكارلىق يىغىنى، نېپال – كاتماندۇدا ئېچىلغان جەنۇبى ئاسيا دۆلەتلىرى يىغىنى، يېقىندا ئېچىلغان شاڭخەي ھەمكارلىق يىغىنى قاتارلىق سورۇنلار، دىپلوماتىك زىيارەتلەر ھەم ھەر خىل قاناللار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستان تېررورىستلىرىنى يوقۇتۇش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرخىل چارە – تەدبىرلەرنى ئىشقا سالدى ھەم سېلىۋاتىدۇ.

بولۇپمۇ بېيجىڭ ئاتالمىش شەرقى تۈركىستان تېررورىستلىرىغا قارشى ئەسىلىگى 21- يانۋار كۈنى خىتاي دۆلەت كابىنىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان دوكلاتى بىلەن يۇقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

دوكلاتتا شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى تېررورىست تەشكىلاتى ئۇسامە بىنلادىن بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى ھەسەن مەخسۇمنى تېررورىست دەپ قارىلاپ، ئاۋغانىستاندا ئەسىرگە چۈشكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى تېررورىستلار، دەپ ئاتاپ دۇنيا جامائەتچىلىگىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورىزىمغا قارشى ھەرىكىتىنى توغرى چۈشۈنىشنى ھەم قوللاپ – قۇۋۋەتلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنى ئاز دەپ، 22- يانۋار كۈنى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى باياناتچىسى سۇنيۈيشى ئاخباراتچىلارغا يەنە شۇ مەزمۇندا بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ بەتلىك بايانات بىلەن شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق ھەرىكىتىنى بىراقلا 10

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇجۇقتورۇپ، ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى جورج بۇشنىڭ بىر ئايدىن كېيىن جوڭگوغا قىلىدىغان زىيارىتىگە "كوزىر" تەييارلىماقچى بولدى.

لېكىن "ھەق ئىگىلىدۇ، سۇنمايدۇ" دەپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرى تېررورىستلىق ھەرىكەتلەر بولماي، شەرقى تۈركىستان دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ ئېلىپ بارغان دېموكراتىك، ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ئاساس قىلىنغان مۇستەقىللىق كۆرىشى ئىكەنلىكىنى، بۇ داۋانى ئېلىپ بېرىۋاتقان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئەت ۋە مەخسەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاممۇى تەشكىلاتلار ئىكەنلىگى ۋە ئۇ تەشكىلاتلار جەڭچىلىرىنىڭ ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىك جەڭچىلىرى ئىكەنلىگىنى ئەمىلىيەت ئىسپاتلىغان ھەقىقەتتۇر.

بولۇپمۇ، بۇ مەسىلىدە 23- يانۋار كۈنى "ئەركىن ئاسيا رادىئوسى" ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرى ئۆمەر قانات بىلەن بېيجىڭ ئەيىپلەپ "تېررورىست" ئاتاپ، دۇنياغا ئېلان قىلغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ھەسەن مەخسۇم بىلەن بولغان سۆھبىتىنى رادىئودىن ئاڭلاش ئالاھىدە زور ئەھەممىيەتلىك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى، ھەسەن مەخسۇم پۇلاتتەك پاكىت، ھەققانى ئاساسلىرى بىلەن بېيجىڭنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىنى رەت قىلىپ، بېيجىڭ ھۆكۈمدارلىرىنى قاتتىق لەنەتلىدى. ھەسەن مەخسۇم تەمكىن ئاۋازى، مەنتىقىلىق جاۋاپلىرى بىلەن شەرقى تۈركىستان ۋە دۇنيا خەلقىگە سەممى ۋە تەنتەنىلىك ھالدا تۆۋەندىكىلەرنى جاكارلىدى:

*... "خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ھەر خىل بەدناملارنى چاپلاپ، بىزنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ... لېكىن بىزنىڭ جاۋابىمىز ئۇساما بىنلادىن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىمىز يوق، ھېچقانداق ياردەممۇ ئالمىدۇق، بىزنىڭ مەقسىتىمىز – ھەرىكەتلىرىمىز شەرقى تۈركىستان زېمىنىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن خالاس قىلىپ، مۇستەقىل قىلىش...

*... شەرقى تۈركىستاندا ئېزىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلىرىمىزنىڭ ھەق – ھوقۇقلىرىنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش، ھەر بىر ئىنسانىنىڭ مەجبۇرىيىتى... شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پائالىيەتلەرنى بىزنىڭ تەشكىلاتلىرىمىز قىلسۇن

يا قىلمىسۇن ئۇنىڭدىن قەتئىي نەزەر، ھەرقانداق ھەرىكەتنى ئېلىپ بارغان بولسا، بۇ تېررورىستلىق ھەرىكەت ئەمەس. ئەگەر تېررورىست دېيىشكە توغرى كەلسە، بىزنىڭ نورغۇن دوستلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرىنى قاراڭغۇ كامىرالاردىن ئېلىپ تاشلاۋاتقان، سەبى بوۋاقلىرىمىزنى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈۋاتقان، مىڭلىغان دىنى ئالىم ۋە زىيالىلىرىمىزنى قىرىۋاتقان خىتايلارنىڭ ئۆزلىرى ـ تېررورىست... بىز ھەرگىز تېررورىست ئەمەسمىز ھەم تېررورىستلىق قىلىشنى خالىمايمىز... لېكىن بىز ھەق ـ ھوقۇقىمىزنى تەلەپ قىلىمىز، ھەق ـ ھوقۇقىمىزنى چىرايلىق ئۇسۇل بىلەن تەلەپ قىلىمىز، ئۇلار چىرايلىق ئۇسۇلغا كۆنسە، چىرايلىق ئۇسۇل بىلەن تەلەپ قىلىمىز، ئەگەر چىرايلىق ئۇسۇل بىلەن بىز ئاجىزلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا رىئايەت قىلمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ تەلىيى...

1. بىز نېيورۇكتىكى ۋەقەلەرگە ئېچىندۇق...

2. شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، بۇ ھەرىكەت بەزى ۋاقىتلاردا خالىسا ئىسلام نامى بىلەن، بەزى ۋاقىتلاردا شەرقى تۈركىستاننى ئازات قىلىش نامى بىلەن، بەزى ۋاقىتلاردا ئايرىلىشىپ، بەزى ۋاقىتلاردا مۇستەقىل ئېلىپ بېرىلدى... 90- يىللاردىكى "بارىن ۋەقەسى" دىن تارتىپ ئىسلام پارتىيىسى دەپ ئاتىلىپ كەلدى. جەتئەلگە چىققاندىن كېيىن 2- قېتىم ئۇنىڭ پروگراممىسى ئىسلاھ قىلىندى.

3. جامائەتنىڭ مەقسىتى: خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن ھوقۇقلىرىمىزنى تەلەپ قىلىشنى، ئۆزىنىڭ دىنى، ئىجتىمائى، ئىقتىسادى، ئىسلامى مۇستەقىللىقىنى ئېلىپ كېلىشنى مەخسەت قىلىدۇ.

4. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى ئۆزىمىز تەمىنلەيمىز. ئۇساما بىلادىن يا باشقا تەشكىلاتلاردىن ياردەم ئالغىنىمىز يوق...

5. بىزنىڭ تالىبان ھەرىكىتى بىلەن ھېچقانداق تەشكىلى مۇناسىۋىتىمىز يوق... بەلكى بەزى ئۇيغۇرلار قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن... لېكىن بىزنىڭ جامائەت خارەكتېرلىك ھېچقانداق ئالاقىمىز يوق...

6. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى قاتىللىقلارغا بىزنىڭ ھېچقانداق ئالاقىمىز يوق. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلەرنى يوقىتىشتا ھەرخىل چارە ـ ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كەلگەن، بىزنىڭ ئۇيغۇر

تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى يوقىتىشقا ھېچقانداق زەرۇرىيەت يوق... جامائەتنىڭ غايە مەقسىتىمۇ ئەمەس... بۇ خىتايلارنىڭ ئويدۇرۇپ چىقار... تۆھمىتى... بارلىق شەرقى تۈركىستان داۋاسىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلار... دوستلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە داۋانى داۋاملاشتۇرىمىز... مانا بۇ 11- سىنتەبىر... پاجىئەسىدىن بۇيان "شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتايى باش... چەتئەللەردە كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار تەشكىلاتلىرى ھەم ھەسەن مەخسۇ... رەھبەرلىكىدىكى شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ ئىزچىل تۈردە دۇنيا... ئېلان قىلىۋاتقان باياناتلىرى...

خىتاي ھۆكۈمىتى يېقىندا ئېلان قىلغان ئىككى باياناتى ئارقىلىق خارجىدىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى ئېغىزلىرىنى ئاچالمايدىغان قىلىپ، بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇپ ئەتمەكچى بولدى. يۇ، چوتىنى خاتا سوقتى. دۇنيا جامائەتچىلىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ زوراۋانلىقىغا تايىنىپ، شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا قارىتا ھەرخىل دىپلوماتىيەلىك يوللار، سورۇنلار، تەشۋىقات ماشىنىلىرى ھەم بەزىلەرنى سېتىۋېلىش، بەزىلەرگە قورقاق سېلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، كەڭ _ كۆلەملىك باشلىغان ھوجۇم كومپانىيەلىرىنىڭ ئاخىرى شەرمەندىلەرچە رەسۋا بولغانلىقىنى كۆردى.

بېيجىڭ قانچىلىك باش قاتۇرۇپ، زورۇقۇپ ئۇيغۇرلارغا يالغان ياۋىداق، بۆھتان – يالغانلارنى چاپلىمىسىمۇن تېررورىزىمغا قارشى فرونتىنىڭ بېشىدا تۇرىۋاتقان ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى، ب. د. ت، ياۋروپا مەملىكەتلىرى ۋە دۇنيادىكى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلار ھەم شەخسلەر بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورىزىمغا قارشى بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۈرىشىۋاتقان مەزلۇم ئۇيغۇر خەلقىنى قانلىق باستۇرىۋاتقانلىقىنى بارغانسىرى چۈشىنىپ يەتمەكتە.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى؛ ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرى جورج بۇش بۇ قېتىم خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئەلۋەتتە، تېررورىزىم مەسىلىسى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە سۆزلىشىدۇ، ئىنشائاللاھ، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار مەسىلىسى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ نەزىرى چۈشۈۋاتقان مۇھىم سىياسى تېمىغا ئايلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى گەپ ئۆزىمىزدە، شەرقى تۈركىستان ھەم خارجدا شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان تەشكىلاتلار قايەرلەردە قانداق ناملار بىلەن ئاتىلىپ، قانداق يوللار بىلەن كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن قەتئى نەزەر، ئىگىز تاغ، جىلغا - سايلار، ئوتلاق — قىرلاردىن ئېقىپ چىققان كىچىك — كىچىك تارماق - ئىرماق ئېقىنلار بىر بولۇپ، قوشۇلۇپ ئۇلۇغ ئەزىم دەريالارنى ھاسىل قىلغىنىدەك شەرقى تۈركىستانىنىڭ ھۆر — ئەركىنلىك داۋاسى دۇنيانىڭ بۇگۈنكى ئاساسى ئېقىمىغا قوشۇلۇپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىق مەقسىتىگە يېتىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى يەكدىللىك بىلەن ئۆز داۋاسىنىڭ ھەقىقى نىشان — مەخسەتلىرىنى ھەم شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئەتراپلىق، ئېنىق قىلىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ساختا قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ خەلقىمىزگە چاپلىغان يالا — تۆھمەتلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز لازىم. بۇ شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ 1- نومۇرلۇق ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. ئەجداتلار ئېيتقاندەك: "داۋاگەر سۈس بولسا، قازى مۇتىھەم بولىدۇ."

2002- يىلى، 25- يانۋار، لىۋېرپۇل — سىدنېي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# هازىرقى ۋەزىيەتتە نىمە قىلىشىمىز كېرەك؟

دۇنيا ۋەزىيىتى سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا خاتىمە بېرىلىپ، سوۋې ئىمپىرىيەسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭى بىر تۈسكە كىرىپ، ئىككى قۇتۇپلۇ دۇنيا بىرقۇتۇپلۇق دۇنيا تەرىپىگە تېزدىن ئۆزگەردى. بولۇپمۇ "11- سىنتەب پاجىئەسى" دىن كېيىن دۇنيانىڭ سىياسى جوغراپىيەلىك ئەھۋالى تۈپتىن ئۆزگەرىپ دۇنيا ئامېرىكا باشچىلىغىدىكى، ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەر ئۈچۈن يېڭ ئىستىقبال ياراتتى. بولۇپمۇ ئاۋغانىستاندىكى ئۇساما بىنلادىن ھىمايىسىگە ئالغا تالىبان ھۆكۈمىتىنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋىتى نەتىجىسىدە، كوممۇنىست خىتا ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئەتراپىدىكى قوش مەملىكەتلەرنىڭ سىياسى ئىستىراتىگىيەلىك ئورنى تۈپتىن ئۆزگۈرۈپ، يېڭىچە ب سىياسى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى.

مۇشۇنداق جىددى بىر پەيتتە شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى قىلىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلار دۇنيا ۋەزىيىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، دۇنيانىڭ يېڭى يۈزلىنىشى دائىمەن تەدقىق قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ داۋاسىنى دۇنيانىڭ ئاساسى ئېقىمىغ ماسلاشتۇرۇپ، پايدىلىنىشقا تېگىشلىك بارلىق ئامىللاردىن پايدىلىنىپ، زىيانلىق ئامىللاردىن ساقلىنىپ ياكى بولمىسا ئازىراق زىيان تارتىپ، داۋايىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. بۇ دىگەنلىك مۇستەقىللىق داۋاسىدى ۋازكېچىش دىگەنلىك ئەمەس، بەلكى داۋايىمىزنىڭ توغرۇق يوللارغا كىرىپ قېلىپ داۋايىمىزنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك، دېمەكتۇر. شەرقى تۈركىستا داۋاسى ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان 25 مىليون ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز مۇستەقىل دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەق _ ئادالەتنى ئاساس قىلغا قانۇنى داۋادۇر.

شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئامېرىكا باشچىلىغىدىكى ئەركىن دۇنې مەملىكەتلىرى ۋە خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت كېلىدىغان يېرى يوق.

* لېكىن "11- سىنتەبىر" پاجىئەسىدىن كېيىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ دۆلە تېررور سىياسىتىنى تېخىمۇ نىقاپلاپ، دۇنيا جامائەتچىلىگىنى ئالداپ، شەرقى

تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى ئازاتلىق كۈرىشىنى تېررورىستلىك ھەركەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ھە دەپ ئەسەبىيلىك بىلەن ئۇرۇنماقتا.

ئامېرىكا دۆلەت رەئىسى جورج بۇشنىڭ 19- دېكابىردىكى جىياڭ زېمىن بىلەن بولغان سۆھبىتى، مارىي روبىنسۇننىڭ يەنە جىياڭ زېمىن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىغە قىلىۋاتقان بۆھتانلىرىنى رەت قىلدى.

بۇنىڭغا قارىماستىن، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئاردا دۇنيا جامائەتچىلىكىنى قايمۇقتۇرۇپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ھە دەپ قارىلاۋاتقان بولسا، خىتايدا بولۇپمۇ شەرقى تۈركىستاندا تېررورىزىمغا قارشى بايراق ئاستىدا يېڭىدىن ئىدارىلەرنى تەشكىللەپ، جاللات قوشۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنى قانلىق باستۇرىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەتتا دۇنيادىكى خەلقئار قانۇنلار ئاساسىدا تەشكىللىنىپ ، تىنچ، دېموكراتىك ئاساستا شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى، شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىئون مەركىزىنى "تېررورىست تەشكىلات" دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ.

شەرقى تۈركىستان داۋاسى كوممۇنىست خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى قانۇنسىز ئىشغالىيىتى – مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى ھەققانى، قانۇنى، داۋادۇر. بىز بۇ داۋايىمىزنى دۇنيانىڭ ھازىرقى دېموكراتىك قانۇن – پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن تىنچ يول بىلەن ئېلىپ كېتىپ بارىمىز. بىزنىڭ شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىمىز خەلقئار قانۇنلارنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان قانۇنى دېموكراتىك تەشكىلاتلاردۇر. بىز ھېچقاچان تېررورىست، دىنى ئەكسىيەتچى، مىللى بۆلگۈنچى ئەمەس! بىزنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىمىز شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھەم ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشنى مەخسەت قىلغان مىللى كۆرەش بولۇپ، دۇنيا تىنچلىقى ۋە دۇنيا خەلقلىرىنىڭ مەنپەتىگە ھېچقاچان زىت ئەمەس. بىز خىتاينىڭ يېرىنى بۆلاپ ئېلىشنى مەخسەت قىلىۋاتقىنىمىز يوق. الله بەرگەن لېكىن خىتاي باسقۇنچىلىرى تېخى يېقىندىلا بېسىپ ئالغان ئۆزىمىزنىڭ قانۇنى، تارىخى ئانا ۋەتىنىمىزنى خىتاي باسقۇنچىلىرىدىن ئازات قىلماقچىمىز.

* بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىۋاتقان بۆھتانلىرىغا قارشى خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ھەرتۈرلۈك پائالىيەتلەر،

تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئىشلىرىنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى يىغىن
كونفىرانسلارنى ئېچىپ، خەلقئاردىكى مۇناسىۋەتلىك دۆلەت، تەشكىلاتلار بىلەن
مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىپ، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 50 يىلدىن بۇيا
ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزىۋاتقان دۆلەت تېررورلۇق سىياسىتى، بولۇپمۇ "11- سىنتەبىر
پاجىئەسى" دىن كېيىن شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزۈلىۋاتقان قانلىق
باستۇرۇشلىرىنى پاش قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە كەڭ تونۇشتۇرۇش كېرەك
دۇنيادىكى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئەركىن دۇنيا مەملىكەتلىرىدىن بۇ
مەسىلىلەردە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىشىمىز
لازىم تېپىلسا، تەشكىلاتىمىز ۋەكىللەر ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن
يۈزمۇ ـ يۈز كۆرۈشۈش كېرەك.

خەلقئاردىكى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان دۆلەت ـ رايونلاردىكى تەشكىلاتلىرىمىز
ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەرگە ـ خەلقلەرگە بولۇپمۇ بىزگە چېگراداش قېرىنداش
قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستاندىكى تەشكىلاتلىرىمىز ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان
دۆلەتلەرگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىنى ۋە كوممۇنىست خىتاي
باسقۇنچىلىرىنىڭ ئۇ دۆلەت خەلقلىرىگە ئىقتىسادى ۋە باشقا جەھەتلەردىن سىڭىپ
كىرىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ باسقۇنچىلىقىنىڭ كېلەچەكتە ئۇ قېرىنداش خەلقلەرگە چوڭ
بالايى ـ ئاپەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئوقتۇرۇشى، ئۇلارنىڭ داۋايىمىزغا بولغان
ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ تەرەپتىكى پائالىيەتلىرىمىز بۇرۇن
ئۈنۈم بەرمىگەن بولسا، ئەمدى ھازىر قىرغىزىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئامېرىكا ھەم
غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، ھەر تەرەپتىكى كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقى
بۇندىن كېيىن بۇ قاتمال ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىغا
پايدىلىق يېڭى ۋەزىيەتنى چوقۇم شەكىللەندۈرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت
مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئاستا ـ ئاستا ئۇ
كۈچىدىن قېلىپ، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرى يالغۇز قېلىپ
ئاخىرى رەسۋا بولىدۇ.

بۇ مەسىلىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە يەنىلا بىزنىڭ ئۆز
ئىچىمىزدىكى ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىدۇر. بۇنىڭدىن سەل تام ئۈچ ئاي بۇرۇن
بېلگىيە پايتەختى برۇسسىلنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدا خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان

تەشكىلاتلىرى زور ئىتتىپاقلىققا ئېرىشىپ، 18 تەشكىلاتنىڭ قاتنىشىشىدا 3- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قورۇلتىيى غەلىبىلىك ئېچىلىپ خەلقئاردا زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. بۇ غەلىبىلىرىمىز هازىرقى تېز ئۆزگىرىۋاتقان خەلقئار ۋەزىيىتىنىڭ جىددى تەلەپلىرىگە جاۋاپ بىرەلمەۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقئاردىكى بارلىق شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى تېزدىن هەرىكەتكە كىلىپ، شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قورۇلتىيى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئۇنى هىمايە قىلىپ، ۋەتەن داۋاسىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم. "خەلقىمىز ئىش ئۈملۈكتە، كۈچ، بىرلىكتە" دەپ بىزگە چاقىرىق قىلىۋاتىدۇ. ئىتتىپاقلىق _ كۈچ، ئىتتىپاقلىق غەلىبەمىزنىڭ كاپالىتى.

ئاخىردا ۋەتىنىمىزدە كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا شۇنى ۋەسىيە قىلماقچىمەن: ئۈمىتسىزلىك _ شەيتاننىڭ پەيلى، ئىنشائاللاھ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىز ئويلاپ پەرز قىلالمايدىغان ئىشلار يەنە بولىدۇ.

2002- يىلى، يانۋار. لىۋېرپۇل _ سىدنېي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# "تۇربازا" دىن يانغان ئوت ئۇچقۇنلىرى

مۇشۇ يىل - 2002- يىلى 2- ئاينىڭ 12- كۈنى (سەيشەنبە) مۇسلانەۋ
ئاتالغان قىرغىزىستان رىسپوپلىكىسىنىڭ پايتەختى بىشكەك شەھەرىنىڭ ئاۋات بـ
بازارلىرىنىڭ بىرى بولغان "تۇر بازا"غا نامەلۇم دۈشمەنلەر ھەم كۆرەل
ھەسەتخورلارنىڭ قارا قوللىرى بىلەن ئوت قويۇلدى. بۇ بازاردا شەرقى تۈركىستاند
قانۇنى يوللار بىلەن چىقىپ، سودا تىجارەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزدە 90
دۇكانلىرىغا – يەنى 200دىن ئارتۇق دۇكانلىرى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ، الله د
باشقا پاناھى بولمىغان بەختسىز ئۇيغۇرلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ دۆلىتىد
ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىقتىسادى زىيان ۋە ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان رو
ئازاپلارغا دۇچ كەلدى.

"ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى" نىڭ بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن بەرگەن خەۋىر
قىرغىزىستاندىكى ۋەتەنپەرۋەر ژورنالىست خەيرىنىسا تۇردىنىڭ نەق مەيدا
زىيانغا ئۇچرىغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى بىلەن بولغان ئىنتىرۋىيوسىدا ئۇيغ
تىجارەتچىلىرى ئاغزىدىن پۈتۈن "تۇر بازا" نى گۈللەندۇرۇپ، ئاۋات قىلس
قېرىنداش قىرغىز خەلقىگە ئىقتىسادى ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئىنتايىن چوڭ تۆھ
قوشۇۋاتقان بۇ دۇكانلارنىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانلىقىنى ۋە بۇ تىجارەتچىلەرنى
مۇشۇنداق قەھرىقان قىشنىڭ سوغىقىدا ئۆي – جاي، مال – دۇنيا، دۇكانلىرىد
ھەتتا قوللىرىدىكى پاسپورتلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق.

"ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەن" دەك، ئوت ئاپىتى يۈز بېرىۋاتقان شۇ مەزگىل
كەلگەن قىرغىز ساقچىلىرى، ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى ئاپەتكە ئۇچرىغانلار
ياردەم بېرىشنىڭ ئورنىغا "يېغا ياندىن قويسا، بالا كەلسە قېرىنداشتىن"، د
تىجارەتچىلەردىن پۇل تەلەپ قىلغان، بازارغا يەرلىك قىرغىز پۇقرالىرى باستۇر
كىرىپ، تىجارەتچىلەرنىڭ كۆيمەي قالغان ماللىرى ۋە پۇللىرىنى بولاپ – تالان
كىرىشكەن، ساقچىلار بۇلاڭچىلارغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىر
بۇلاڭچىلىق قىلغان، بۇ جەرياندا بىر قانچە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ساقچى
بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇلۇپ، پۇللىرى بۇلاپ كىتىلگەن.
مۇناسىۋەت بىلەن شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى رەئىس

ئەنۋەرجان ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى قىرغىزىستاندىكى ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغان قېرىنداشلارغا ياردەم بېرىشكە چاقىردى ھەم قۇرۇلتاي باش كاتىۋى ئەسقەرجاننى ئەھۋال سوراشقا بىشكەككە ئەۋەتتى.

بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى، بولۇپمۇ ئوت ئۇچۇرۇش خادىملىرى ساقچىلار ۋە بولاكچىلارنىڭ ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە قىلغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلىرى قىرغىزىستان جامائەتچىلىكى ۋە ئۇيغۇرلار ئاراسىدا كۈچلۈك نارازىلىق ئىنكاسلىرى پەيدا قىلدى. قىرغىزىستاندىكى "پىرامىدا"، "كورت" TV قاناللىرى، "دېلو" ، "بىشكەك كەچلىك گېزىتى" قاتارلىق نوپۇزلۇق گېزىتلەر بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئېنىق بېرىپ، توغرا مەۋقەدە يورۇتتى. "كورت" TV قانىلى 23- فېۋرالدىكى پروگراماماسىدا ۋەقە يۈز بەرگەندە نەق مەيداندا بولغان ساقچىلارنىڭ بۇلاكچىلىقلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن 10-11 ياشلاردىكى بىرقانچە نەپەر ئۆسمۈر ئۇقۇغۇچىلارنىڭ گۇۋالىق سۆزلىرىنى جامائەتكە ئاشكارا قىلىپ، ساقچىلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تەلتۆكۈس پاش قىلىپ تاشلىدى، لېكىن ساقچى دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېپلاس قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلماي، بارچە گۇنانى كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قانلىق ئىشكەنجىسىدە قالغان پاناسىز ئۇيغۇرلارغا ئارتىپ قويدى. ۋەقە ئۆتكەندىن كېيىن ئوت ئاپىتى مەسىلىسىدىن بىشكەكتە نەق مەيداندا كونفرانس ئۆتكۈزۈلدى. لېكىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بىشكەك شەھەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سارانچىيېۋنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن: "ساقچىلار ھېچقاچان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنى بۇلىمىدى، ئۇلار ساقچىلارغا تۆھمەت چاپلاۋاتىدۇ، ھەممە ئەيىپ ئۇلارنىڭ ئۆزىدە..." دەپ يوققا چىقاردى، بۇنىڭ مۇنداق بولۇشى قىرغىزىستاننىڭ "دېموكرات پىرېزىدېنتى" نىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان "قاتتىق قوللىقى" بېيجىڭدىكى خوجايىنىنى بەك خوش قىلىدۇ. بۇ خوشلۇقنىڭ ئىگىدە مىليونلىغان دوللار كۆزىنى پاقىرتىپ تۇرۇپتۇ...

www.uyghurkitap.com

شۇڭا، بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىدە ئۇيغۇر تجارەتچىلىرى ئوت ئاپىتى
بۇلاڭ ــ تالاڭلاردا 500 مىليون دوللار قىممىتىدە ئىقتىسادى زىيان،
مۇھىمى، بۇ ئاپەتتە روھى جەھەتتىن ئىنتايىن ئېغىر خورلۇقلار قاتت
ئازاپلارغا ئۇچىرىغانلىغىنى بىلىپ تۇرغان قىرغىز ھۆكۈمەت دائىرىلىرى
ماددى ــ مەنىۋى ياردەم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر ــ ئىككى ئېغىز تەسەللى
ئېيتىشقىمۇ يارىماي، ھېچنىمىنى كۆرمىگەن، ھېچنىمىنى ئاڭلىمىغ
قىياپەتكە كىرىپ ئالدى...

2002- يىلى، 29- فېۋرال، لىۋېرپۇل ــ سېدنېي

# ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئەزىزى ھەققىدە

## (ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئەزىزى ۋاپاتىنىڭ 20- يىللىقى ئالدىدىن)

يېڭى زامان ئۇيغۇر مائارىپىغا ئاساس سالغان ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ مەرىپەتلىك ئائىلىسىدە 1899- يىلى تەۋەللۇد تاپقان ئابدۇلئەزىز مەخسۇم يېڭى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئۆچمەس سىمالارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ئۇلۇغ ئىدىيەلىرىگە ھەقىقى ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى رىۋاجلاندۇرۇپ، ئۇ بىر پۈتۈن ھاياتىنى ئاڭلىق يوسۇندا سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى، قەھرىمان مىللىتىمىزنىڭ ھۆر ـ ئەركىنلىكى ئۈچۈن بېغىشلاپ، باشتىن ـ ئاخىر ھارماي ـ تالماي، قەتئى ئىرادە، ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھ بىلەن بۆرۈنقى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ۋە ھازىرقى مۇستەبىت كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ "بۇ دۇنيانىڭ دوزىخى" ئاتالغان قانلىق زىندانلىرى ھەم دەھشەتلىك جازا لاگىرلىرىنىڭ 50 يىلغا يېقىن ئازاپلىق سىناقلىرىغا باش ئەگمەي خەلقئارلىق، مۇستەقىللىق، ئازاتلىق كۈرەش جەڭچىلىرى سېپىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالغان مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك جەڭچىسى ئىدى.

ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى جاپالىق كۈرەشلىرى، تارىتقان قايغۇ ـ ھەسرەتلىرى، چەككەن دەرت ـ ئەلەملىرى ۋە كېلەچەككە ـ ئازاتلىق ـ ئەركىنلىككە بولغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىلەن چەمبەر چەس باغلانغان. شۇڭا ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ يولى قەھرىمان جاپاكەش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقى مۇستەقىللىق ھەم ئەركىنلىك يولىدۇر.

ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى باشتىنلا كۆزىگە قادالغان تىكەن، دەپ بىلگەن كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى 1952- يىلى 6- ئايدىلا قولغا ئېلىپ، 15 يىلغا كەستى. 1957- يىلى داۋالىنىش ئۈچۈن تۈرمىدىن چىقىپ، 1958- يىلى يەنە تۈرمىگە كىرىپ كەتتى. 1967- يىلى مۇددىتى توشقان ئابدۇلئەزىزى مەخسۇم تاكى 1971- يىلغىچە شاھىيار ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازا مەيدانىغا سۈلاندى بۇ بەردە يەنە 10 يىللىق جازاغا كېسىلدى. دۇنيا تۈرمە رىكوردىنى يارارتقان فىرانسىيە ئىنقلاپچىسى بىلانگىدىنمۇ ئارتۇق قانلىق زىندانلار ئازاۋىنى تارتقان ئىستقلال

www.uyghurkitap.com

جەڭچىسى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم 1980- يىلى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم رەسمىي تۈرمى
چىقتى. ئۇ قايسى زاماندا، قايسى ماكاندا بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئالدى
ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان "مۇستەقىللىق جەڭچىسى" دەپ بىلە
ئۇنىڭ غايىسى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىق ھۆرلىگى ۋە مىللىت
ئەركىن ـ ئازاتلىغى ئىدى، ئۇنىڭ بىر قولىدا قەلەم ـ بىر قولىدا ئەلەم بار ئىدى
قانلىق زىندان، ئەجەل ھۇۋۇلىغان جازا لاگىرلىرىدا ۋەتەن دەردى، مىللەت قايغۇس
ئۇنۇتماي زۇلمەتلىك كىچىلەرنى بىدار ئۆتكۈزۈپ، قان ـ ياشلىرى بىلەن شېئ
يازاتتى... ئۇ 30- 40- ۋە 50- يىللاردا 3 قېتىم مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، خەلق
مۇستەقىللىققا يېتەكلىدى.

1957- يىلى "شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا مۇراجىئىتى
نى يېزىپ چىقىپ، ئۇنى مىسىر گېزىتىدە ئېلان قىلىپ، ۋەتەن داۋاسىنى دۇنيا
ئاڭلاتتى. ئۇ يەنە دەرسلىك كىتاپ، تارىخ كىتاپلىرى، ئىلمى ماقالىلار، تۇر
بىرلىگى ۋە ۋەتەن ئازاتلىغى تېمىسىدا 300 پارچىغا يېقىن شېئىر، غەزەللەر
يېزىپ خەلقنى ئازاتلىققا ئۈندىدى. شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەتلىك شارائىتلار
يېزىلىپ، ئىنتايىن قىيىن شارائىتلاردا ساقلانغان بىرمۇنچە ئەسەرلىرى دۈشمەنلە
تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ ۋەيران قىلىندى. ئەڭ ئېچىنىشلىغى، ئابدۇلئەز
مەخسۇمنى ئۇستاز ـ دوست تۇتقان، بىرۋاقىتلار ئۇنىڭ بىلەن تۈرمىداش بولغان ب
خائىن مەخسۇم ئاخىرقى قېتىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېقىن مۇخلىس
بولىۋېلىپ، ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى كۆچۈرۈپ بەرمەكچى بولۇپ، ئۆزىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەن خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بەدىلىگە ئابدۇلئەز
مەخسۇمغا خائىنلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى
تاپشۇرۇپ بەردى...

دۈشمەننى دوست بىلىپ، ئالدىنىپ قالغان مەخسۇمنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكە
خاتالىغى ئاقكۆڭۈل مەخسۇمغا ئىنتايىن قاتتىق زەربە بولۇپ ئۇرۇلدى، چۈنكى ئ
1958- يىلى "ئابدۇللا نامان"غا غا دىگەن شېئىرىدا ئۇ مىللى مۇناپىقنىڭ پۈتۈ
ئەپتى - بەشىرىسىنى تولۇق ئېچىپ تاشلىغان ئىدى. خائىن ۋاقىتلىق خىزمەت تاپتى
لېكىن خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋايى جاھان بولۇپ مەڭگۈلۈك لەنەت تاختىسى
مىخلاندى... مەن ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى بىرقانچە قېتىم كۆرۈشكە ھەم ئازىرا

سۆزلىششكىمۇ مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. 1946- يىلى بولسا كېرەك، "11- بىتىم" دىن كېيىن سىياسى مەھبۇسلارنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قويۇپ بەرگەندە، شۇ چاغدىكى "ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى" بىناسىنىڭ قورا ئىچىدىكى 2- قەۋەت بالكونىدا بېشىغا بېغىررەڭ دۇخاۋا غولجا دۇپپىسى، ئۇچىسىغا تۇمۇر كۆك رەڭ چەكمەندىن چاپان كىيگەن ئابدۇلئەزىز مەخسۇم قورا ئىچىگە توپلانغان مىڭغا يېقىن ئادەمنى ئۆز نۇتقى بىلەن تۈرمىدىن چىققان مەھبۇسلار نامىدىن سۆزلەپ، جامائەتنى يىغلىتىپ، قاتتىق ھاياجانغا سالغىنى ئېسىمدا...

مەن 1969- دىن - 1979 نىڭ سىنتەبىرگىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى، لۇساۋگو تۈرمىلىرىدە بولدۇم، بۇ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىر بىلەن تۈرمىدا بىللە ياتقان مەھبۇسلاردىن ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى، قەھرىمانلىق جەسارەتلىرىنى ئاڭلىدىم، بۇ قانلىق زىندانلاردا كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرىنىڭ شۇنچىلىك قاتتىق تۈزۈملىرىگە ـ جازالىرىغا قارىماي، پاساھەتلىك شائىرنىڭ يازغان شېئىرلىرى قولدىن ـ قولغا، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن تۈرمىلەردە ياتقان ۋەتەنداشلىرىمىزغا روھى ئوزۇق بولۇپ، ئۇلارنى جاسارەتكە ئۈندىگەن ئىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر ئىككى قېتىم باردىم... 1981- يىلى يىلىنىڭ يانۋار ئايلىرىدا بولسا كېرەك؛ ئۇنى ياتىقىدا مائارىپ نازارىتى قوراسىنىڭ سەل يۇقىرىسىدا كۆردۈم. قىش ھاۋاسى بەكمۇ سوغاق ئىدى. مەخسۇم بېشىغا كەمچەت تۇمىقى ئۇستىدە قارا سوكنو چاپىنى بولۇپ، ئۆزى تەنتىرەپ قالغان ئىدى. بايقىسام ئۆزىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەيتتى... مەن مەخسۇم ئاكىمىزنى يېتىلەپ ئاپىرىپ، ھويلىسىغا كىرگۈزىۋەتتىم...

خائىنىنىڭ شائىر ئۇستىدىن چىقىش، مەلۇماتلىرىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى زەھەرلىك قولىنى ئۇزۇتۇپ، ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى دوختۇر خانىلاردا ياتقۇزۇپ، "ئوكول ئۇرۇپ، داۋالاپ"، "قارىساڭ كۆزۈڭنى ئويىمەن، سۆزلىسەڭ تىلىڭنى كېسىمەن" دىگەندەك شائىرنى تۈزۈككىنە سۆزلىيەلمەيدىغان قىلىپ، ئەقلىدىن قەستەن ئازدۇرغان ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلى، ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ـ ئەزىزى 1982- يىلى 10- ئاۋغۇست كۈنى كىچىدە ئۇرۇمچى سەنپەنگۇدا كوممۇنىست خىتاي جالاتلىرى تەرىپىدىن شەرقى تۈركىستانىنىڭ بايلىقىنى بۇلاپ ـ تالاپ خىتايغا توشۇپ كىتىۋاتقان پويىز ئاستىدا سۇئىقەست بىلەن

ياۋۇزلارچە شېھىد قىلىندى. **1985**- يىلى مارتتا ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرغا ئىتىقادىم ھەم مىللىي بورچۇم بىلەن، تۈرمىلەردىن يىققان شائىرنىڭ **10** ئەترapىدا قول يازما ۋە چوڭ ـ كىچىك شېئىرلىرىدىن **20** گە يېقىنىنى بى ئەجدىھانىڭ تەھدىتلىرىگە قارىماي ئۆزەم بىلەن ئاۋىستىرالىيەگە ئېلىپ كېلە كېيىن بېسىپ نەشر قىلىشقا تۈركىيە قۇلايلىق، دەپ تۈركىيەدىكى دوستۇ پىروفېسسور دوكتور سۇلتان ماھمۇتقا ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدىم. بەختكە يار دوستۇم سۇلتان ماھمۇت بىر قىسىم شېئىرلىرىنى "تامچە" ژۇرناللىرىدا نە قىلدى، ئاڭلىسام شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بە ھەمشەھەرلىرىمىزنىڭ قولىدا يا نەشر قىلىنماي، يا خەقكە بەرمەي، گويا ئۇلار "شەخسىي مۈلكى" ھېساۋىدا ئۇلارنىڭ تۆمۈر ساندۇقلىرىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ. ئەفسۇسلىنارلىق ئەھۋال! بۇ ئىنقىلاۋى ئەجداتلىرىمىزنىڭ يازغان، سىزغ ئەسەرلىرى ھەرگىزمۇ بىرەر شەخسىنىڭ ئۆزىنىڭ مۈلكى ئەمەس، ئۇ ئىنقىلاۋ خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك روھى بايلىغى، بىز ئۇ بايلىقلارنى ۋاقتىدا يىغىپ توپلاپ توپلام قىلىپ، نەشر قىلىشىپ خەلقىمىزنى تەربىيەلەپ، ۋەتەن داۋاسىنى ئالغ سۈرۈشكە بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشساق، **2**- دىن ئۇ ئەسەرلەرنىڭ يورۇق كۆرۈپ خەلقىمىز بىلەن ئۇچۇرىشىشى ئۇلۇغ ئەجداتلارنىڭ روھىنى خوش قىلىدۇ.

**2002**- يىلى، **15**- مارت. لىۋېرپۇل ـ سىدنېي

# "جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا..... "

بېيجىڭ دۆلەت تېررور سىياستىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى قانخور جاللىتى ۋاڭلېچۇەن يېقىندا قانۇنسىز ھالدا بىر بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. بۇ بۇيرۇقنىڭ ئاساسى مەزمۇنىدا خىتاي كوممۇنىست باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى ۋە قانۇنى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتقان ئانا تىلىغا قارىتا جازا يۈرۈشىنى باشلاپ، ئۆزىنىڭ قانلىق قىلىچىنى مىللىتىمىز قەلبىنىڭ ئاچقۇچى بولغان ئانا تىلىمىزغا ئۇرۇپ، پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس يارا پەيدا قىلدى. ۋاڭلېچۇەن ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىدا: شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەنمىش، بۇنىڭ سەۋەبى — ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى مائارىپقا ماس كەلمىگەنلىكى ئىمىش، مائارىپنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ **3**- سىنىپىدىن باشلاپ، دەرسلەرنى خىتاي تىلىدا يۈرگۈزىدىغانلىقىنى مۇتەھەملىك بىلەن ئېلان قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى قانۇنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنلىرىدا كۆرسىتىلگەن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل — يېزىق ھوقۇقلىرىنى **100**دە **100** يوققا چىقارغان ۋاڭلېچۇەننىڭ بۇ بۇيرۇقى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان مىللى ئاسسىمىلاتسىيە ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىق فاشىستىك سىياستىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى ھېساپلىنىدۇ.

كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى ئۆتمۈشتىكى فېئودال — مىللىتارىست ئاتا — بوۋىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك كونا جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىغا قارىتا **50** يىلدىن بۇيان ۋەتىنىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن قانلىق قىرغىن، مىللى تازىلاشلارنى توختاتماي داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ "**11**- سىنتەبىر پاجىئەسى"دىن كېيىن ئۆزىنى تېررورىزىمغا قارشى خەلقئار ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم ئاۋانگارتى قىياپىتىگە كىرىۋالغان بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەمدى تىغ ئۇچىنى مىللىتىمىزنىڭ ھاياتلىقىنىڭ ئۆلمەس بەلگىسى ھەم پەخرى بولغان ئانا تىلىمىزغا

www.uyghurkitap.com

قاراتتى... ئەسلىدە ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىلى ۋاستە قورالى بولۇش سۈپىتىدە، شۇ مىللەتنىڭ خارەكتېرلىك ئاساسى بەلگۈسى بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىنى، تارىخى، ئىجتىمائى، سىياسى، مەدىنى، دىنى ۋە ئۆرپى ئادەتلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، بىر مىللەت دېگىنىمىزدە، تولۇق بىر مىللەتنى ئۇنىڭ ئانا تىلىسىز قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ۋاخىلىچۇەننىڭ ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ 3- سىنىپىدىن تارتىپ خىتاي تىلىدا دەرس ئۆقىتىمىز دېگىنى ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق كىلەچەك ئۈمىدىمىز بولغان ئەۋلاتلىرىمىزنى - سۈيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىزنى كۆزىمىز ئۇچۇق تۇرۇپ سېرىق ئەجدىھارنىڭ ئاغزىغا تاشلاپ بېرىپ، بالىلىرىمىزنى خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت، خالاس! ۋاڭ جاللات گويا ئۇيغۇر مائارىپىغا ئېچىنغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلغان مائارىپ تۆۋەن بولىمىش، خىتاي تىلىدا ئوقۇتۇلسا ساپاسى يۇقىرى بولىمىش... بۇ پۈتۈنلەي مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئادەم ئالداش ئويۇنى. ھەرقاداق تىلنى ئۆزۈنىش كېرەك، لېكىن ۋاخىلىچۇەننىڭ بۇ يەردىكى پەرمانى ئاستىدا ئۇچۇقتىن ئۇچۇق كوممۇنىست خىتاي چوڭ مىللەتچىلەرنىڭ ئاسىملاتسىيە ھەم مەدىنىيىتىمىزگە، تىلىمىزگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان قانلىق تېررورى "مانامەن" دەپ كۆزنى پاقىرىتىپ، تۇرۇپتۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزنى، ۋاخىلىچۇەن ماختاۋاتقان "ئالى جاناپ خىتاي تىلى" نىمۇ ئۇبدان بىلىمىز. نەچچە مىڭ يىللىق خىتاي تارىخىدا خىتاي تىلى قانداق تارىخى روللارنى ئۆتەپ، مىللەتكە قانداق خىزمەت قىلىپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇر تىلىمۇ نەچچە مىڭ يىللارنىڭ بوران چاپقۇنلىق سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇيغۇر تارىخىدا ئۇلۇغ تارىخى روللارنى ئۆتەپ، مىللىتىمىزگە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. نەرسىلەرنى ئاھاڭلار ئاساسىدا ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ فونېتىك گىراماتىك، سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئېنىق، يېغىنچاق، مەزمۇنلۇق، يۇمۇشاق، جاراڭلىق ھەم ئاممى باپ ئىپادىلەشلىرى جەھەتتىن خىتاي تىلىدىن ئۈستۈن تۇرسا تۇرۇدىكى، ھىچقاچان كەم ئەمەس!... ئەنە شۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاتا - بوۋىلىرىمىز جاھانشۇمۇل ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىنسانىيەت مەدىنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئەمەسمىدى؟ شۇ ئۇيغۇر تىلىمىز بىلەن خىتايلارنىڭ ماختىنىدىغان 4 كىتاۋىنى ("دەريا قولتۇقلىرى"، "ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە"، "قىزىل راۋاقتىكى

چۈش"، ۋە "غەرىپكە ساياھەت") كەڭ كۆلەمدە تەرجىمە قىلىپ، يەنە تىلىمىز ئىشىپ قالغان ئەمەسمىدى؟ يەنە شۇ تىلىمىز ھازىرقى زامانىنىڭ سەۋىيەسىدىكى كىتاپلارنى تەرجىمە قىلىشقا يېتىۋاتقانلىقى، ھەممىگە ئايانغۇ؟!

ئېزىتقۇ جىن، كەلكۈندى ئاۋلاستى - ۋاكلىچۇەنىنىڭ بۇ يەردىكى رەزىل قەستى ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندىكى نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخى شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇيغۇرلارنى "ۋاڭ - يەندى" ئەۋلاتلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاتالمىش جۇڭگو - جۇڭخوا دىگەن ئالدام خالتىسىغا سېلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىنى يوققا چىقارماقچى. بىز بۇ سۇئىقەستىك ئاسىملاتسىيە ھەم فاشىستىك سىياسەتنى قەتئى رەت قىلىپ، ئۇنى لەنەتلەيمىز. بىز ھېچقاچان جۇڭخوا مىللىتى ئەمەس، بىز خىتاي ياكى ۋاكلىچۇەنىنىڭ ئىرقىدىن ئەمەس، خىتاي تىلى بىزنىڭ تىلىمىز ئەمەس! بىزنىڭ ۋەتىنىمىز "شىنجاڭ" ئەمەس، شەرقى تۈركىستان، بىز ئۇيغۇر، بىز مۇسۇلمان، بىزنىڭ ئانا تىلىمىز - ئۇيغۇر تىلى! ۋاكلىچۇەنىنىڭ مەقستى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە خىتايچە دەرس ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ساپاسىنى كۆتۈرۈش ئەمەس، ئۇلارنى خىتايلاشتۇرۇپ يوقۇتۇش ئىكەنلىكىگە خىتاي داشۆلىرىدە ئوقۇپ چىقىپ، خىتايچىنى تەكامىل بىلىدىغان يۈزلىگەن - مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلغان ۋەتەنلىرىدە "ئۇيغۇر بولغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن تونۇگۇنلا كەلگەن ئاچكۆز خىتايلار تەرىپىدىن خارلىنىپ، ئىشسىز قېلىۋاتقانلىقى مەسخىرىلىك مىسال ئەمەسمۇ؟!

بۇ يىل ب. م. ت نىڭ مەدىنى - مائارىپ بۆلۈمى "دۇنيادىكى يوقۇلۇش گىرداۋىدىكى تىللار خەرىتىسى قوللانمىسى" نى ئېلان قىلىپ، دۇنيادىكى **6,000** تىلنىڭ **3000** تىلىنىڭ يوقالغانلىقى ئەگەر ئالدىنى ئالمىسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ يوقۇلۇش گىرداۋىدا ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇردى. بۇ دۇنيادا ھايات ياشاۋاتقان ھەربىر ئۇيغۇر ئۈچۈن بېرىلگەن ئەڭ جىددى سىگنال! سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىمىز! نەچچە مىڭ يىللاردىن بېيان قەھرىمان ئەجداتلىرىمىز ۋەتىنىمىزنى جەڭ مەيدانلىرىدا يېغى دۈشمەن - خىتاي باسقۇنچىلىرىدىن قان چېچىپ، جان بېرىپ ساقلىغان بولسا، سۆيۈملۈك مىللىتىمىزنى ئۇنىڭ ئېپتىخارى بولغان تىلى ھەم ئۇلۇغ ئىمانى - بۇ ئىككى قالقان ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن. ئەفسۇسكى؛ بۈگۈن يەنە شۇ يېغى دۈشمەنىنىڭ قانخور تومۇر تاپىنىدا سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز چەيىنىلىپ، ئەزىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىللىتىمىز خارلىنىپ، تىلىمىز، ئىمانىمىز بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىۋاتىدۇ. تىلىنى ئىمانىنى يوقىتۇرگەن مىللەت، تارىخ سەھنىسىدىن يوقۇلۇشقا مەھكۇم! شۇڭا ئەقىللىق ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تىلىمىزغا دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ مېھرىبان، ئىنسانلار ئانىسىنىڭ نامى ـ ئانا سۆزىنى قوشۇپ "ئانا تىلى" دەپ ئاتىغان. ئانا تىلىمىز ئەۋلاتلار مىراسى، مىللىتىمىزنىڭ ئالەمشۇمۇل بايلىغى، بىز شۇ تىل ئارقىلىق تارىخىمىزنى ساقلىدۇق، شۇ تىل بىلەن دۇنيانى بىلىپ، دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۋاتىمىز، بىز شۇ تىل بىلەن كېلەچەكىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز، ئىنشائاللاھ! بۇ بىزگە تەڭرى ئاتا قىلغان ھەق ـ ھوقۇقىمىز! ئۇيغۇرلار بۇ ھەق ـ ھوقۇقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرىشىشىمىز لازىم! ئوكرائىنلار ئۆز تىلى ھەققىدە: "ئۆز ئاناڭنى ئۇنۇتساڭ ئۇنۇت، لېكىن تىلىڭنى ئۇنۇتما!" دەيدۇ. بىزنىڭ قەھرىمان پەم ـ پەراسەتلىك ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئانا تىلىغا ـ ئۇيغۇر تىلىغا ئالاھىدە ئەھەمىيەت بېرىپ، بىزگە، دۇنياغا تۈگىمەس بايلىق، ئۇنۇتۇلماس يادىكارلىقلار قالدۇرۇپ كەتتى. جەڭگىۋار ژورنالىست، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىر قۇتلۇق شەۋقى ئانا تىلىمىز ھەققىدە بىزگە:

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.

......................................

ئەي ئانا تىل بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن روھى زېمىندا ئىپتىخار ئەتكۈم كېلۇر.

......................................

دەپ جىكىلەپ، ۋەسىيەت قالدۇرغان ئىدى.

2002- يىلى، 30- مارت، لىۋېرپۇل ـ سىدنېي

## دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتايى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە د. ئۇ. ي. ق دائىمى كومىتېتى ئەزالىرىغا، ئۇچۇق خەت

ھۆرمەتلىك رەئىس ۋە قەدىرلىك ۋەتەنداشلار:

مەن بۇ خېتىمنى ئۆز نامىمدىن ھەم يىراق ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان ۋەتەنداشلار نامىدىن يېزىۋاتىمەن.

بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر قىلغان مەسىلە: سىلەرنىڭ "شەرقى تۈركىستان ياشلىرى" ئورگان ژورنىلىڭلارنىڭ بۇ يىل 1- ساندا دائىمى كومىتېتىڭلارنىڭ 1- نۆۋەتلىك كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ قىسقىچە مەلۇماتىدا مىللى داۋايىمىزغا زىيان سالىدىغان بەزى خاتالىقلارنىڭ سادىر بولىشى ۋە ئۇنىڭ رەسمەن ئېلان قىلىنىشىدۇر. سىلەرنىڭ مەلۇماتىڭلاردا:... ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشنى تەقەزا قىلىۋاتقان ئامىللارنى كۆرسىتىپ...

1) د. ئۇ. ي. ق نىڭ مىللى داۋا سېپىدىكى باشقا كۈچلەرگە سېلىشتۇرغاندا جەڭگىۋارلىقى، سان ــ سۈپىتىنىڭ نىسبەتەن يۇقىرىلىغى، ئەمىلى ئىرىشچانلىق، پىداكارلىق ھەم ئادەم ئامىلى نۇقتىسىدىن مىللى داۋاغا ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيتىنى ياراتقانلىغى...

2) 2- نۆۋەتلىك (ئەسلىدە 3- نۆۋەتلىك) "شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتاي"نىڭ مۇۋاپىقيەتلىك چاقىرىلمىغانلىقى... ۋاھاكازالار... (بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەكرارلاپ ئولتۇرماي) ئەسلىدە شەرقى تۈركىستان داۋاسى يېڭى داۋا ئەمەس، ئىككى يېرىم ئەسىردىن بۇيان مەملىكەت ئىچىدە ئون مىليونلىغان قۇربانلارنى بېرىپ، ئەگرى ــ توقاي يوللارنى بېسىپ، نەچچە قېتىم مۇستەقىل جۇمھۇريەتلىرىمىز قۇرۇلۇپ ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەققانى ۋە قانۇنى داۋاسىدۇر.

1949- يىلىدىن كېيىن كوممۇنىست خىتايلار شەرقى تۈركىستاننى قانۇنسىز بېسىپ ئالغاندىن كېيىن مەملىكەت ئىچىدە قەھرىمان خەلقىمىز داۋايىمىزنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويغىنى يوق. ئەمدى چەتئەللەرگە چىقىپ كەتكەن مەتتىمىن بۇغرا، ئەيسا ئەپەندى قاتارلىق رەھبەرلىرىمىز يولباشچىلىغىدا داۋاملاشقان بۇ داۋا 1992-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تۈركىيە ۋە چەتئەللەردىكى قېرىنداشلىرىمىز
تىرىشچانلىقى، ئەيسا ئەپەندىمىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئىستانبۇلدا 1- قېتىمل
شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتايى ئېچىلدى. لېكىن بەزى سەۋەپلەر تۈپەي
قۇرۇلتاي قارارلىرى ئەمىللىشىشكە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، قۇرۇلتاينىڭ تارى
ئەھەممىيەتلىك باياناتلىرى، ھۆججەتلىرى، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئاسا
يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، بۇ داۋا ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى داۋاملىق ساق
كېلىۋاتىدۇ. 80- يىللارنىڭ ئاخىرى، 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا خەلقئاردىك
ۋەزىيەت، مەملىكەت ئىچىدىكى شارائىتلار تۈپەيلى تۈركىيەدە، دۇنيادىكى ھەرقاي
مەملىكەتلەردە يېڭىدىن ـ يېڭى كۆپلىگەن تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، شەرقى تۈركىس
داۋاسى يېڭىچە بىر تۈسكە كىردى، بۇ مەسىلىدە تۈركىيە، بولۇپمۇ تۈركىيەدىك
"شەرقى تۈركىستان ۋەخپىنىڭ" رولى ئالاھىدە بولدى.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرى مىيۇنخىن شەھرىدە خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىست
تەشكىلاتلىرىنىڭ فوللىشى، ياشلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ھەم داۋا سېپىمىزدىك
ئۇستازلارنىڭ قوللىشى بىلەن د. ئۇ. ي. ق قۇرۇلدى. قۇرۇلتاي ئۆز نىزامنامەسىد
مۇھىم ھۆججەتلىرىدە، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرىدە، خەلقئاردا ۋەت
داۋاسىغا ھەقىقى ۋەكىللىك قىلىدىغان لاياقەتلىك مەركىزى ئورگاننىڭ قۇرۇلۇش
بىلەنلا د. ئۇ. ي. نىڭ ئاۋتوماتىك ھالدا مىللى قۇرۇلتايغا قوشۇلىدىغانلىقىن
تەكرار ـ تەكرار ۋەدە قىلغان ئىدى. شۇ قۇرۇلتاينىڭ قاتناشچىلىرى بولغان بىز
چوڭلار ھازىرمۇ ھاياتتىمىز... ئۇندىن كېيىن 98- يىلى مارتتا ئىستانبۇلدا م. ر
بېكىن باشچىلىقىدا دۇنيادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئىچ
ئالغان مىللى مەركەز قۇرۇلدى. بەختكە يارىشا، مىللى مەركەزنىڭ ھاۋالىسى بىل
99- يىلى ئۆكتەبىردە 2- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتايى غەلىبىل

نىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىگە ھېچقانداق ئىجابى تەسىر كۆرسەتمىدى. ئاخىرى مىللى داۋايىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ غەلىبىسى بولغان 3- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ بىرامىسىل قۇرۇلتايى بولدى. "11- سىنتەبىر پاجىئەسى" دىن كېيىن "خەلقئارلىق تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇش" ۋېۋىسكىسىنى كۆتۈرۈپ ئالغان بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋرۇپا ئىتتىپاقى ۋە مەملىكەتلىرى ھەم بىلگىيە ھۆكۈمىتىگە كۆرسەتكەن يۇقىرى بېسىملىك سىياسەتلىرىگە قارىماي، ياۋرۇپا پارلامېنتىدا شەرقى تۈركىستان ھەققىدىكى ئىلى يىغىن ۋە 3- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى ئاتكۇزۇشكە ئۇرۇن بەرگەنلىكى شەرقى تۈركىستان داۋاسىدا يېڭى بىر ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بولدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان بېيجىڭ تېررور ھۆكۈمىتى دىپلوماتىك قانالّلار بىلەن شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئاۋانگارتى بولغان ش. ت. (ئۇ) م. ق غا غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئاخىرىدا ئىلاجسىز دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا "شەرقى تۈركىستان" دىگەن دۆلەتنىڭ بولغانلىغىنى ھەم ئۇيغۇر دىگەن بىر مىللەتنىڭ شەرقى تۈركىستان نامىدىكى بۇ داۋاغا ساھىپ چىقىپ، بۇ داۋانى داۋاملاشتۇرىۋاتقانلىغىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دۈشمەنلىكى بىلەن بىر قىسىم ۋەكىللىرىمىز قۇرۇلتايغا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، كىلەلمىگەن ئەزالارنىڭ ئىسپاتلىق ۋەكالىتى بىلەن قۇرۇلتاي قانۇنلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى. بەزى ۋەكىللىرىمىزنىڭ كىلەلمەسلىكى قۇرۇلتاينىڭ خاتالىغى بولماستىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلتايغا قىلغان زىيانكەشلىكى، بۇزغۇنچىلىغىدىن بولدى.

قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىغىغا دوستلىرىمىز بىلەن دۈشمىنىمىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنكاسلىرىدىن ئازىراق مىسال كەلتۈرسەك كىپايە؛ TNP نىڭ رەھبىرى ئولىۋېردوپۇئىس قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىغىنى تەبرىكلەپ، "تەشكىلاتچانلىغى، تىرىشچانلىغى ۋە مۇلايىم ئىلمى كۆز قاراشلىرى ئۈچۈن قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجانغا رەھمەت ئېيتىمەن... ئەنۋەرجاننىڭ يۇقارقى خۇسۇسىيەتلىرى بولمىغان بولسا ئىدى، بۇ قېتىمقى يىغىن كۆن تەرتىپىدىن قالغان بولاتتى" دىسە، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ... "چەتئەلدىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ ئالى رەھبەرلىك ئورگىنى بولغان – شەرقى تۈركىستان مىللى مەجلىسى" دەپ تىغ ئۇچىنى قۇرۇلتايىمىزغا ۋە باشقا ئىنقىلاۋى تەشكىلاتلارغا

ئۇيغۇر كىتابخۇر بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاراتقانلىغى بىجىز ئەمەس، بۇ دىگەنلىك ھازىر قەددىنى دەست تۇتۇپ تۇرغا شەرقى تۈركىستان داۋاسىغا ھەقىقى ۋەكىللىك قىلالايدىغان ھەم شۇ سالاھىيەتكە ئىگە " شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتايى" مەۋجۇت دىگەن سۆز.

ھازىر ش. ت. (ئۇ) م. ق نى مەملىكەت ئىچىدىكى خەلقىمىز، چەتئەللەردىكى 8 دىن ئوشۇق شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى قوللاپ قۇۋەتلەپ، شۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋەتەن داۋاسىنى غەلىبىلىك ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. ئۇز نۆۋىتىدە ش. ت (ئۇ) م. ق تاشقى ئالاقىلەردە ب. م. ت، ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپا مىللەتلىرى، ياۋرۇپا پارلامېنتى، خەلقئار تەشكىلاتلار، رۇسىيە، تۈركىيە، ئەرەپ ئىسلام مەملىكەتلىرى بىلەن دىپلوماتىيەلىك مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىلدى، دىئالوگلار باشلاندى يا بولمىسا شۇ يولدا مۇھىم قەدەملەر تاشلاندى.

مانا مۇشۇنداق داۋايىمىزنىڭ باش ئورگىنىغا ياشلىق قىلىپ ئالدىراپ ئۇنىڭ ئورنىغا ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ "لاياقەتلىك" بىر قوشۇننى قۇرماقچى بولغىنى ھېچبىر مەنتىقىغا سىغمايدىغان خاتا ئورۇنۇش، قىزىق يېرى: "2- نۆۋەتلىك شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلمىغانلىغى" ئۈچۈن ۋەتەن — مىللەت داۋاسىغا ساھىپ چىقىپ، كۈرەش قىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ باش ئىشتاۋىغا گۇناھ ئارتىش بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟! بۇ دىگەنلىك دۈشمەننى خوش قىلىپ، دوستلارنى بىدىماق (خاپا) قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس! سۆيۈملۈك ياش قېرىنداشلىرىمىز؛ مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئويلاپ بېقىڭلار! بىزدە ئۆز — ئارا ھۆرمەت دىگەن نەرسە بارغۇ؟! شۇ قۇرۇلتاي تەركىۋىدە مەرھۇم ئاقساقاللىرىمىز ھاجى ياقۇپمۇ بار ئىدى. ھازىر شۇ ھاياتلىقلاردىن: م. رىزا پاشام، ئابدۇلقادىر ئەخمەت ھاجىكام، ھۈسەين قارى ھاجىم، بارات ھاجىكام، سەلەي ھاجىكام، غۇلامىددىن پاختا ۋە باشقىلار بار. ھېچ بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئازىراق ھەققى ھۆرمىتى بولۇش كېرەكقۇ؟ ئالدىراپ كەتمەڭلار!...

ياشلار مىللى ئىنقىلاۋىمىزدا ئاساسى كۈچ بولۇپ كەلگەن، لېكىن ئۇ پىشقەدەملەر رەھبەرلىك قىلغان مىللى داۋاغا بويسۇنمايدۇ، دىگەنلىك ئەمەس. بىر ئىنقىلاپتا رەھبەرلىك بىر بولىدۇ، بىردىن ئوشۇق بولدى دىگەن سۆز كۈچلەرنىڭ بۆلۈنۈپ، پارچىلىنىپ، ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇپ بولىشىغا سەۋەپچى بولىدۇ.ئىتتىپاقسىزلىق، نادانلىق، باشباشتاقلىقنىڭ دەردىنى خەلقىمىز ئاز تارتمىدى. يېتەر، ئەمدى بۇنىڭغا

بول قويۇشقا بولمايدۇ. تېخى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرمىگەن مىللەت ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش، ئىتتىپاق كۈچ، ئىتتىپاقلىق پۈتۈن غەلبىلىرىمىزنىڭ كاپالىتى.

قېنى كېلىڭلار ياش قېرىنداشلىرىمىز: ۋەتەن بىر، مىللەت بىر، مەسلەك بىر، داۋايىمىزمۇ بىر! دۇنيادا ۋەتەن مىللەت مەنپەئەتىدىنمۇ باشقا ئۇلۇغ، شەرەپلىك ۋە قىممەتلىك نەرسىمۇ بارمۇ؟ "ۋەتەننى دەپ ۋەتەندىن ئايرىلدۇق، مىللەتنى دەپ مىللەتتىن ئايرىلدۇق!" تاشلىۋېتىشكە يەنە كۆزىمىز قىيمايدىغان نىمە قالدى؟! ئارىمىزدىكى كۆڭۈل ئاغرىقى، شەخسى غەرەز، ئاداۋەتلەرنىڭ ئېزىتقۇ تۇمانلىرى ئۆتكۈر كۆزلىرىمىزنى تۇساپ، ۋەتەن ــ مىللەتنى ئازات ــ مۇستەقىل قىلىشتەك ئۇلۇغ غايە مۇقەددەس مەسلىگىمىزگە كۆلەڭگە چۈشۈرمىسۇن! قېنى، ھەممىمىز ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەن داۋاسىنى غەلبىلىك ئېلىپ بارايلى!

ھۆرمەت بىلەن، ئەخمەت ئىگەمبەردى.

2002- يىلى، 3- ئاپرىل، لىۋېرپۇل ــ سىدنىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بارىكاللا ـ ئابلىكىم ياقۇپ!

بۇ يىل 25- مارت "شەرقى تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى"نىڭ شەر
تۈركىستاندىكى مۇخبىرى ئابدۇللا پامىرنىڭ بەرگەن ئىشەنچىلىك خەۋىر
قارىغاندا ، شەرقى تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھەرلىك 4- ئوتتۇرا مەكتۆى تولۇق
1- يىللىق ئوقۇغۇچىسى 16 ياشلىق ئابلىكىم ياقۇپ مەكتەپ دائىرىلىرىگە بۇيرۇ
ئىسمىلىك خەت يېزىپ، "11- سىنتەبىر پاجىئەسى" دىن كېيىن كوممۇنىست خى
باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستان مەكتەپلىرىدە ئادەتتىكى دەرسلەر
توختۇتۇپ قويۇپ، تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، شەرقى تۈرك
خەلقىگە ھەممە ساھالەر بويىچە قانلىق دۆلەت تېررور سىياسىتى
يۈرگۈزىۋاتقانلىقىنى رەھىمسىزلارچە پاش قىلغان.

ئابلىكىم ياقۇپ ئۆزىنىڭ مەكەپ مۇدىرىغە يازغان خېتىدە: "بىمەنە سىياس
ئۆگىنىشلەرنى توختۇتۇپ، ئادەتتىكى دەرسلىرىمىزنى ئوقۇشىمىزغا يول قويۇلىش
خىتاي بايرىقىنى چۈشۈرۈپ، شەرقى تۈركىستان بايرىقىنى ئاسماقچىمەن،
سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆرۈشۈشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇڭ...
دەپ، مەكتەپ مۇدىرى ئارقىلىق شەرقى تۈركىستاندا 50 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتت
بۇيان ئايىغى ئۈزۈلمەي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شۇ قانلىق جازا يۈرۈشلىرىدە مىليونل
گۇناھسىز ۋەتەنداشلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان باسقۇنچى كوممۇنىست خىت
ئىشغالىيەتچىلىرىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ، ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتت
بۇيان مۇستەبىت خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك زۇلمىغا قارشى
ئەگمەي كۆرەش قىلىۋاتقان قەھرىمان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۇلاتتەك مۇستەھ
ئىرادىسىنى ۋە ئۆزىنىڭ پارلاق كېلەچەككە بولغان قەتئىي ئىشەنچىس
ئىپادىلىدى.

شەرقى تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى پاجىئەلىك ئەھۋالىدىن ئازىر
خەۋىرى بولغان ھەر بىر كىشى "ئاسماندا تور، يەردە قاپقان" ئىچىدىكى "شىنجا
ئاتالمىش قانلىق تۆمۈر قەپەزدە ياشاۋاتقان ئابلىكىم ياقۇپتەك بىر ئۇي
بالىسىنىڭ قىلغان بۇ قەھرىمانلىق جاسارىتىگە ھەيرەتتە قېلىپ، "ئاپىر
ئېيتماي تۇرالمايدۇ! ئەجەبا؛ تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ پۇرىقى كەتمىگ

كوممۇنىست خىتايلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: "قىزىل بايراق ئاستىدا تۇغۇلۇپ، قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسكەن" بۇ مەسۇم ئۇيغۇر بالىسى ئاشۇنداق ئۆلۈم تەھدىت سېلىپ تۇرغان بۇ خەتەرلىك ئىشنى قىلىشقا نىمىلەر مەجبۇرلاپ، ئۇنىڭغا قانداق ئۆلۈغ بىر غايە، بۇيۇك جاسارەت تۇرتكە بولغاندۇر؟! بۇ ھەر بىر ئىنسانىنى جىددى ئويلارغا سېلىپ، تىگى يوق خىيال دىڭىزىغا غەرق قىلىدۇ...

يىراقتىن ئەمەس يېقىندىن، كۆپنى ئەمەس ئېزىنى سۆزلىسەك1949- يىلىنىڭ ئاخىرى كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ پۇت ـ ئايىغى مۇبارەك ۋەتىنىمىز ـ شەرقى تۈركىستاننىڭ پايانسىز تۇپرىغىغا تىگىشى بىلەن پۈتۈن بالايى ــ ئاپەت، قانلىق زۇلۇم، خورلۇق ــ ھاقارەت ۋە ئاچارچىلىق بۇ تۇپراقنى قاپلاپ، ئۇيغۇر خەلقىنى تۈگۈمەس دەرت ـ ئەلەملەرگە گىرىپتار قىلدى. تېخى 1986- يىلى تۇغۇلغان ئابلىكىم ياقۇپ، ئايىغىغا تۇرۇپ، ئەقىل تېپىپ ئاق ــ قارىنى پەرق ئەتكەن ۋاقتىدىكى 1- جانلىق ھىسسىياتى مىللىتىگە قەتئى ئوخشىمايدىغان، يات تىلدا سۆزلەيدىغان، ئۆزىنىڭ خۇلۇق مۇجەزلىرىدە، ھەرىكەتلىرىدە، ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈل مىللىتىگە دائىمەن كۆڭلىدە دۈشمەنلىكنى ساقلاپ كەلگەن، بۇ خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ۋەتىنىدە قىلىۋاتقان ھەر تۈرلۈك خورلاشلىرىنى كۆرگەن ئىدى. ئۇ ۋەتەنداشلىرىنىڭ 4 ئەتراپىدىن گۇمانلىنىپ، بىر ــ بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئېھتىيات بىلەن شىۋىرلاپ، 90- يىل ئاپرىلدىكى "بارىن ۋەقەسى، 95- يىلى ئىيۇلدىكى خوتەن ۋەقەسى" ۋە 97- يىلى فېۋرالدىكى "غولجا قانلىق پاجىئەلەردىكى مىڭلىغان قېرىنداشلىرىنى قىرغان قانلىق قەتلىئاملارنى كۆز ياشلىرى تۆكۈپتۇرۇپ ئاڭلىغان ئىدى...

كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرى 1949- يىلىدىن تاكى ئاتالمىش "مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى" ئاياغلاشقانغا قەدەر شەرقى تۈركىستاندا 20 نەچچە قېتىملىق چوڭ تىپتىكى ئايىغى ئۈزۈلمىگەن سىياسى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ خەلق نەزىرىدىن چۈشۈپ، خەلقئار ئارىسىدا سېسىپ كەتكەن "گۇڭچەنداڭ" بۇندىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سىياسى ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىق ھەققىدە تالاي قېتىم قەسەم قىلىپ، تالاي قېتىم ۋەدە بەرگەن ئىدى، لېكىن ئۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان قەسەمخور بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەرقى تۈركىستاندا ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان جازا يۈرۈشىنى بىر كۈنمۇ توخت
قويغىنى يوق.

مانا ئەمدى ئامېرىكادىكى "11- سىنتەبىر پاجىئەسى" يۈز بېرىشى بىلەن تۈل
پۈشتىدىن تېپىپ، سېرىق ئەژدەرھانىڭ ياۋۇزلىقىنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغ
كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى خەلقئارادا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزى
بوياپ، ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزىنىڭ مىللى مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئىزچىل كۈر
قىلىپ كېلىۋاتقان جاپاكەش ئۇيغۇر خەلقىنى "تېررورچى "، "دىنى ئەكسىيەتچى"
"مىللى بۆلگۈنچى" دىگەن تۆھمەتلەر بىلەن ئەيىپلەپ، دەھشەتلىك ھالدا قانلى
باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ھازىرغىچە ئونلاپ ئۇيغۇرلار يوقۇرىدىكى بەدناملار بىلەن ئېتىپ تاشلاندى
مىڭلاپ ئۇيغۇر يىگىتلىرى ناھەق تۈرمە جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىندى، بۇنى ئاز دەپ
شەرقى تۈركىستان بويىچە ھەممە ساھالەردە بولۇپمۇ مەدىنى - مائارىپ، ئەدەبىيات -
سەنئەت، تەشۋىقات – تەرغىبات، نەشرىيات ۋە ئەخبارات ۋە باشقا ساھالەرد
"ئىدىئالوگىيە، بويىنچە تازىلاش" ھەرىكەتلىرىنى دەھشەتلىك تۈردە ئېلىپ بارماقتا

"يالتىراپ يۇلتۇز يانادۇر تۈن قارا بولغان سايىن،
يادىما تەگرىم چۈشە دۈر بەختىم قارا بولغان سايىن"

دىگەندەك، بۈگۈن شەرقى تۈركىستانىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن ئۇنىڭ بۇلۇڭ -
پۇشقاقلىرىغىچە قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇ
– ئىسكەنجىسىگە قارشى مىللى قارشىلىق كۆرسۈتۈش كۈرۈشى بىپايان دىڭى
ئوكيانلاردا قوزغالغان ھەيۋەتلىك دولقۇنلاردەك توختىماي جۇش ئۇرۇپ ئەۋجىگ
چىقماقتا.

بۇ يىلنىڭ يېڭى يىل كېچىسى قانخور جاللات ۋاڭلېچۈەن، مىللى مۇناپى
ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلارنى ئېلىپ تاشلىغان تىرناق قاتارىد
كۆرمىگەن قەھرىمان ۋەتەندىشىمىز تۇرسۇنجان ئەمەتنىڭ مەردانىلىق بىلەن سەھنىگ
چىقىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەردىنى يىغلاپ، بىيىجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ
مۇستەملىكىچىلىك جىنايى قىلمىشلىرىنى قورقماي پاش قىلىشى، ماقالىمىزد
زىكرى قىلىنىۋاتقان ياش ئەۋلات ئابلىكىم ياقۇپنىڭ مەكتەپ مۇدىرىنى تۇتقا قىلىپ
كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى قانۇنس

ئىشغالىيەتىگە قارشى ئۆلۈمدىن قورقماي مەردانىلارچە جەڭ ئېلان قىلىشى، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئاممۋى ئاساسى چىڭ، يۇشۇرۇن پارتلاش كۈچىگە ئىنتايىن باي، كىلىچەكى پارلاق ھۆر ـ ئەركىنلىك، ھەق ـ ئادالەت داۋاسى ئىكەنلىكىنى، بۇ داۋانىڭ ھېچقاچان بىر ـ ئىككى ئادەم ياكى ئاز ساندىكى گۇروھلارنىڭ ئۆچ ئېلىشنى ئاساس قىلغان ۋاقىتلىق "يۇخاندىن چىقىۋېلىش" ئۈچۈن ئاۋانتورىستىك ئاساستىكى تېررورىستىك ھەرىكەت بولماي، دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس ئىزلار سالغان نەچچە مىڭ يىللىق باي تارىخقا ئىگە، شەرقى تۈركىستان ئاتالمىش **1,824,218** چاسا كىلومېتىر توپراقتا، **25** مىليون نوپۇسقا ئىگە قەھرىمان بىر مىللەتنىڭ ئىككى يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش پىرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلغان ھايات ـ ماماتلىق كۆرىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

بۇ داۋانىڭ قەھرىمان ئەجداتلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئۇلۇغ مىراسى ھەم بۇ داۋانىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ۋەتىنىمىزدىن كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ھۆر ـ ئازات ۋە دېموكراتىك شەرقى تۈركىستان قۇرۇش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياغا جاكارلىدى. تۇرسۇنجان ئەمەت ۋە ئابلىكىم ياقۇپلار ھېچقاچان يەككە يىگانە ئەمەس! ئۇلار خەلقىمىزنىڭ ھەقىقى ئارزۇ ـ ئارمان، جانجان مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلغان زامانىمىزدىكى قەھرىمانلاردۇر. ئۇلارنىڭ كۆرەش يولى ـ شەرقى تۈركىستاننىڭ ئازاتلىق يولىدۇر. شۇڭا خەلقىمىز ئۇلارنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەيدۇ ـ سۆيىدۇ، قوللايدۇ ھەم ئۇلارنى "ياشاڭ قەھرىمان ئەۋلادىم"! ـ دەپ پەخىرلىنىدۇ.

قاتتىق سىراسىمگە چۈشكەن بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەركىنلىك جارچىسى، جەڭگىۋار شائىر تۇرسۇنجان ئەمەتنى ئەتىسىلا قولغا ئالغان بولسا، ئابلىكىم ياقۇپنىمۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىنلا دەرھال قولغا ئېلىپ، سىنىپ مەسئۇلى ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرىنى خىزمىتىدىن ھايداپ، سوراقلارغا تارتتى. كۆننى ئەتەكتە ياپقىلى بولمىغاندەك، شەرقى تۈركىستان ئۇچۇرمەركىزىنىڭ تارقاتقان خەۋەرلىرىدىن كېيىن فىرانسىيە ئاگانتېلىغى، ئەركىن ئاسيا رادىئوسى قاتارلىقلار خەۋەرلەرنى دۇنياغا قايتا ـ قايتا تارقاتتى. ئەركىن ئاسيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى **27**- مارت كۈندىكى تېلىفون زىيارىتى ھەم **30**- ئاپرىلدا قەشقەردىكى خىتاينىڭ

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى بىلەن قايتا مۇناسىۋەت قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ خىتاي دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى تېلېفون زىيارەتلىرىدە ئېيتقان سۆزلىرىدىن مۇتىھەملىك بىلەن تېنىۋالدى ھەم خەلقئارلىق ئاخبارات قانۇن - قائىدىلىرىنى ئاياق ئاستى قىلىپ، سورالغان سوئاللارغا جاۋاپ بېرىشنى رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ بىز ئابلىكىم ياقۇپ، تۇرسۇنجان ئەمەتلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىزمىز. بىز ئابلىكىم ياقۇپ ھەم تۇرسۇنجان ئەمەتلەرگە ئامانلىق ۋە خەيرلىك ئاقىۋەتلەر تىلەيمىز. پۈتۈن دۇنياغا تېرىقتەك چېچىلغان، لېكىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن يەكدىللىك بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار ھەم شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئابلىكىم ياقۇپ ھەم تۇرسۇنجان ئەمەت قاتارلىق يۈز مىڭلىغان بىگۇناھ ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت تېررور سىياسىتىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئەندىشىدە بىئاراملىق ھېس قىلماقتىمىز.

بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق ئەيىپلەيمىز،ئۇنىڭ مىللىتىمىز ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەت تېررور سىياسىتىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز، شەرقى تۈركىستانلىقلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ قانلىق تېررور دەرھال توختىتىلسۇن. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئەركىن دۇنيا مەملىكەتلىرى، ئادالەت پەرۋەر دۆلەتلەرنى، تەشكىلاتلارنى ۋە شەخسلەرنى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسان ھوقۇقلىرى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھەققانى كۆرىشىگە ياردەم بېرىشنى مۇراجىئەت قىلىمىز.

2002- يىلى، ماي. لىۋېرپول سىدنېي

# ئېرىك كەمبىلل شەرقى تۈركىستاندا

ئاۋستىرالىيەنىڭ ABC تېلېۋىزور قانالى 7 - ئاينىڭ 10- كۈنى ئۆزىنىڭ ھەر چارشەنبىلىك "چەتئەل مۇخبىرلىرى" كەچلىك گىروگىراممىسىدا بېيجىڭدىكى مۇخبىر Eric Cambell ئىشلىگەن "بېيجىڭ تېررورىزىمغا قارشى تۇرۇشتا" دېگەن ھۆججەتلىك تېلېۋىزور پىروگىراممىسىنى جامائەتچىلىككە تەغدىم قىلدى.

ئالدى بىلەن مۇخبىركوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (شەرقى تۈركىستان) نى تونۇشتۇرۇپ، بۇ قەدىمى دىيارنىڭ ھەيۋەتلىك تاغلىرى بىلەن پايانسىز چال ـ جەزىرىلىرىنى كۆرسىتىپ، ئىپەك يولىغا جايلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسيانىڭ قەلبى ھىساپلانغان بۇ تۇپراقنىڭ ئۆتمۈش ئۇزاق ئەسىرلەردە ئىنسانىيەت، مەدىنىيەت ئۇچاقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان خانلىقلارنىڭ گۈللەپ يەنە ۋەيران بولغانلىغىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى.

بۇ تۇپراقنىڭ ئاساسى ئاھالىسى ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ تىلى، دىنى، مەدىنىيىتى، ئۆرپ- ئادەتلىرى خىتايلارنىڭكىگە قەتئى ئوخشىمايدۇ، دەيدۇ ئېرىك كامبىل، بۇ تۇپراق 1949- يىلى كوممۇنىست خىتايلار تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغانلىغىنى ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ بېيجىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسەتلىرىگە نارازىلىق، قارشىلىقلىرىنىڭ ئۆسۈپ، تۈرلۈك ۋەقەلەرگە سەۋەپچى بولىۋاتقانلىغىنى ئالاھىدە تەكىدلىدى.

بولۇپمۇ ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن "11- سىنتەبىر ۋەقەسى" دىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنى دۇنيا يۈزىلىك تېررورىزىمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ مۇھىم ئەزاسى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە، مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلىرىنى بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىغىنى بىلدۈردى. ئۇ ئامېرىكانىڭ تېررورىزىمغا قارشى تۇرىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېررورىست دەپ باستۇرىشىغا يېشىل چىراق يېقىپ بەردى دەيدۇ.

ئىككى يىل جەريانىدا ئاران 1- قېتىملىق بۇ رايونغا زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئېرىك كامبىل ئۆزىنىڭ "شىنجاڭ پارتكومىنىڭ سېكرىتارى ۋاڭلېچۈەن

www.uyghurkitap.com

سۆھبىتىدە خىتاي ھۆكۈمىتى "11- سىنتەبىر ۋەقەسى" نى باھانە قىلى "تېررورىست" دەپ كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغانلارنىڭ باستۇرىۋاتقانلىقى ئېيتقاندا ۋاڭلېچۇەن: "بۇ خەلقئاردىكى بەزى تەشكىلاتلارنىڭ بىر تەرەپلىك كۆ قارىشى، بىزنىڭ زەربە بېرىۋاتقانلىرىمىز — بۇ بىر ئوچۇم تېررورىست ئۇنسۇرلاردى ئىبارەت. ئۇلار ئۆز ھەرىكەتلىرى بىلەن قورقۇنچلۇق مۇھىتنى شەكىللەندۈرۈش ئورنىتىۋاتىدۇ. پايدىلىق ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ تېررورىستلىق ھەرىكەتلىرى 11 سىنتەبىر" دىن كېيىن ئازايدى، دەپ جاۋاپ بەردى. ھۆكۈمەتنىڭ تونۇشچە، 80 يىللاردا باشلانغان زورلۇق، پارتلىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ 97- يىلى 2- ئاي كەلگەندە يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ، ئۈرۈمچىدىكى پارتلىتىشتا 9 كىشىنى ئۆلگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ۋاڭخاۋچۇەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: ئاۋغانىستانى تالىبان ھەربى لاگىرلىرىدا مىڭدەك تېررورىستلار تەلىم ئالدى. ئۇلارنى يۈزلىگەنلىرىنى ھۇجۇمغا نەييارلىۋاتىدۇ" دەپ، ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلى ھەرىكىتىنىڭ توختىمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىدلىدى. ئەمما خەلقئار كەچۈرۈ تەشكىلاتى ۋەكىلى ئارلىتېت لادۇگبى خانىم: "ئۇ تېررورىزىمغا ئەمەس، ئازاتلىق قارشى ئۇرۇش، شۇنىسى ئېنىقكى، ھازىرقى بۇ ھەرىكەت سىياسى كۆز قاراشى ئوخشاش بولمىغان، بۆلگۈنچىلەرگە قارشى" دېدى. ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ "مىڭلىغان كىشىلەر ناھەق قولغا ئېلىندى، تۈرمىلەردە بولۇپمۇ سىياسى مەھبۇسلارنى قىيناش — ئازاپلاشنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ قالغانلىقىنى تەكىدلىدى.

ئۈرۈمچىدىن ئاۋتوبۇستا 1200كم يولنى 5 يۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا سەپە قىلغان ئېرىك كامبىل، سەپىرى جەريانىدا ژورنالىستلارغا خاس ئۆتكۈر كۆز سەزگۈر قولىغى ۋە زىرەك ئەقىل — ئىدرىكى بىلەن شىنجاڭ ئاتالمىش بۇ تۇپراق بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ كوممۇنىستىك كونتروللىقنى چىڭىتىپ، شەھەر، يېزا ھە يىراق سەھرالاردا ساتىچى ۋە پۇخرالار قىياپىتىگە كىرىۋالغان مەخپى ساقچىلارنى ھىساپسىز كۆپەيتكەنلىكىنى، يەرلىك ئۇيغۇرلارغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، بولۇپم چەتئەل ژورنالىستلىرىنىڭ يۈرۈش — تۇرۇش، ھەرىكەتلىرىنى قاتتى چەكلەيدىغانلىقىنى ئۆز ئەملى مىساللىرىدا چۈشۈنۈپ يەتتى.

ختاي دائىرىلىرىنىڭ تەكىدلىشىچە: پەقەت چەتئەللىك تەلۋىلەرلا مۇستەقىللىقنى تەرغىپ قىلارمىش، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر ختاي قېرىنداشلىرى بىلەن خۇشال بىرگە ياشاشنى خالارمىش، دەيدۇ كامبىل. مۇخبىر ئېرىك كامبىل ئۇچىراتقان بىر ئوبلاستىنىڭ ختاي سېكرېتارىنىڭ "بىزنىڭ ئوبلىستىمىزدىكى **36** مىللەت ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆز ـ ئارا ئىناق، ئىتتىپاقلىقتا ياشاۋاتىدۇ" دىگەن سۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ختاي ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مەۋجۇت جىددىيلىكلەردىن ئۇ ختاي سېكرېتارىنىڭ سۆزىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى كۆردى. ئېرىك كامبىل ختاينىڭ بۇ ئارقىدا قالغان غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىسىدە شەھەر، يوللار، زاۋۇت ـ فابرىكالار، مەكتەپ، دوختۇرخانىلار قۇرۇلغانلىقىنى، بولۇپمۇ هازىر قۇرۇلۇۋاتقان چوڭ تېپتىكى **4000** كم دىن ئوشۇق تارىم ـ شاڭخەي گاز تۇرۇبا يولىنىڭ قۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، بۇ قۇرۇلۇشلاردا ختاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن ختايلارنىڭ بەھۇزۇر ئورۇنلاشتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، پارتىيە، هۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە جامائەت ئورۇنلىرى رەھبەرلىكى ئاساسەن ختايلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۆلكىدىكى پۈتۈن ئىمتىيازلاردىن بۇياقا يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن ختايلار مەنپەئەتدار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قېيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىدلىدى. لېكىن ۋاڭلېچۇەن: "خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى كىرىم ھەم ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسەتلىرىدە هىچقانداق ئايرىمچىلىق يوق، ھەممىسى بارابەر ـ ئوخشاش" دىگەن بولسىمۇ، خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى: "ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىشسىزلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يوقىرى، بۇ ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى جىددىيلىكلەرنىڭ مۇھىم سەۋەبى" دەپ شۇنى كۆرسەتتى؛ ھەتتا ئېرىك كامبىل ئولتۇرغان تاكسىلارىكى ختايلارمۇ ئېرىك كامبىلنىڭ سوئاللىرىغا : "خۇن بويى ئىشلەپ ئاچ قالغاندىن كېيىن كىشىلەر قالايمىقان چىقىرىدۇ، كۆپلىگەن كىشىلەر مۇستەقىل بولۇشنى خالايدۇ، لېكىن ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قادىر ئەمەس. كومۇنىست رېجىمى ئاستىدا سەن گوڭچەنداڭغا قانداق تەڭكىلەيسەن؟ **80** ـ يىللاردىكى ئۇققۇغۇچىلار ھەرىكىتى، فالۇڭگوڭ، لى خوڭ جىلار باستۇرۇلمىدىمۇ؟" دەپ جاۋاپ بەرگەنلىرى بىكار ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىك كامبىل ھىكايىسىنى شىنجاڭ رەسمەن ئاپتونومىيەلىك رايون دەپ ئاتالسىمۇ پەقەتلا تىل، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا رۇخسەت

قىلغان. پۈتۈن خىتاي بويىچە ئۆكتىچى پارتىيەلەر چەكلەنگەن، پەقەتلا گومىنداڭلا هاكىم مۇتلەق. بۇ يەردە بىرەرسىنىڭ گومىنداڭغا ئاشكارا تەنقىت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دەپ داۋاملاشتۇرىدۇ: خىتاي هۆكۈمىتى بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆزگىچە يوشۇرۇن تەھدىت دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن 11- سىنتەبىردىن كېيىن دىنى ساھادىكىلەرنى قاتتىق باستۇرۇپ، يۈزلىگەن مىچىتلاررنى تاقىدى. يۈزلىگەن دىنى زاتلارنى سىياسى كۇرسلارغا زورلاپ، ئاتېزىملىق تەربىيە يۈرگۈزدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ رامازان ئېيىدا روزا تۇتۇشىمۇ چەكلەندى. ئىنسان ھوقۇقى گورۇپپىسىدىكىلەر: "دەيدۇ. ياغلىق ئارتقان ئاياللارنى، ئادەتتىكى دىنى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلارنى خىزمەت ۋە ئوقۇش ئورۇنلىرىدىن ھايدىۋېتىلىدۇ." دەيدۇ.

ئېرىك كامبىل خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كوچاردىكى ئۆلگە قىلىپ تىكىلگەن خانىقا مەسچىدىگە باردى. ئۇ 71 ياشلىق ئابدۇرېشىت ئىمام بىلەن كۆرۈشتى، نامازغا كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ ياشلىقلار بولۇپ، 18 ياشتىن تۆۋەندىكىلەرنىڭ مەسچىتكە كىرىشى، دىنى تەربىيە كۆرۈشى چەكلەنگەن. ئېرىك كامبىل ئابدۇرېشىت ئىمامنىڭ پارتىيەنىڭ دىنى سىياسىتىنى ماختىغانلىقىنى ئۆز قۇلىغى بىلەن ئاڭلىدى. ئەڭ ئەجەپلىنارلىقى شۇكى؛ ئۇ ئىمام بىلەن ئايرىم كۆرۈشمەكچى بولغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن توختىتىپ قويۇلدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى: "شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىم دەپ تىنماي تەپىلىسىمۇ، جەمىيەتتىكى ئادەتتىن تاشقىرى بىخەتەرلىك چارىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بۇ مۇقىملىقنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ" دەيدۇ. 4 كۈن يۈرۈپ ئادەتتىكى بىرەر ئۇيغۇر بىلەن ئۇچرىشالمىغان مۇخبىر 5- كۈنى بىر يېزىدا ھۆكۈمەت تەرەپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سورۇنىغا قاتنىشىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇ يېزىنىڭ كوچىلىرى پاكىزە رەتلەنگەن، قورا ـ ئۆيلىرى بىزەلگەن ھويلا سەيناسىدا ئۇسسۇل ئويناپ، خۇشال ساز چېلىشىۋاتقان گۈزەل ياش قىز ـ ئوغۇللارنىڭ تويىنى كۆرىدۇ. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار خۇشال - خورام ياشاۋاتقانلىقىنى چەتئەللىك زىيارەتچى، مۇخبىرلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن تەييارلىغان كۆرگەزمىسى، دەيدۇ. ئۇسسۇل ئويناپ، سازچېلىپ، ناخشا ئوقۇۋاتقانلار شەھەردىن ۋاقىتلىق يالالاپ كېلىنگەن سەنئەتچىلەر ئىكەنلىكى ئېنىق، دەيدۇ ئېرىك كامبىل. شۇ سورۇندا يېزىنىڭ 79 ياشلىق تۇرسۇن بارات دىگەن بوۋاي بىلەن ئۇچرىشقانلىقىنى، بوۋاينىڭ ئۆز

تەبئىيتىگە يات سۆزلەر بىلەن پارتىيىنى ماختاپ، ھۆكۈمەتنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتناشقانلىقىدەك خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تەشۋىقاتلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيپىرىغان سۆلەرنى تەكرارلىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئېرىك كامبىل 20 مىنۇتلۇق پىروگراممىسىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلىرىگە قارىتا قاتتىق قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزىۋاتقانلىقىنى قايتا – قايتا تەكىدلىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 11- سىنتەبىر ۋەقەسىنى باھانە قىلىپ، ھەرخىل شۇملۇقلارنى پىلانلاپ، يالغان – ياۋىداق گۇناھلارنى ئۇيغۇرلارغا ئارتىپ، ئۇلارنى قانلىق باستۇرۇشقا قارىما، پىروگراممىنى باشقۇرغۇچى خانىنغېربورن. "بۈگۈن ئۇيغۇرلار دۇنيا سەھنىسىنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپتۇ..." دىدى. ئىنشائاللاھ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەچمىش تارىخى، ھازىرقى، قايغۇ - ئازاپلىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كېلەچىگى توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئەمەس، دۇنيا جامائەتچىلىگى يات يېقىندا ئۇزىنىڭ ئادىل ھۆكۈمىنى چىقىرىدۇ.

2002- يىلى ، 20 – ئىيۇل، لىۋېرپۇل – سىېدنېي

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئەنۋەر ناسىرنىڭ بىركۇپلىت شېئىرى

ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قويۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، توكۇلگەن قان.
تىتىلغان تەن، تۈرۈلگەن مۇش، كىرىشكەن چىش،
پۈتمەس غەزەپ ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان.

مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك، باسقۇنچىلىق كونا جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلغان جاللات شىڭشىسەي 1933- يىلىدىكى " ئاپرېل ئۆزگىرىشى" دىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسرى ھەم ئەڭ مۇھىمى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىلغارلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، بىرقاتار يېڭى سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈن ساناپ ئۆسۈۋاتقان مۇستەقىللىق ھەم ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشلىرى ۋە ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلىرىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك، فاشىستلىق، مىللەتارىستلىق سىياسىتىنىڭ تىغ ئۇچىنى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئەركىنلىگى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان ئىنقىلاۋى زىيالىلىرىمىز، دىنى ئۆلىمالىرىمىز، مۇرىۋەتلىك خەلقپەرۋەر بايلىرىمىز، جەڭچى – ئوفىستسەرلىرىمىز، ئىشچى دېھقانلىرىمىز، ئىنقىلاۋى ئوقۇتقۇچى – ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا قاراتتى. يۈز مىڭلىغان مىللىتىمىز ئىسىل پەرزەنتلىرى قانلىق زىندانلارغا تاشلاندى، بۇ تۈرمە – زىندانلاردىكى ئازاپ – قايغۇلارنى، قىيىن – قىستاق، قىيناپ – ئازاپلاشلارنى سۆزلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئەنۋەر ناسىرىنىڭ ئەنە شۇ مۇرەببەلىك (4قۇرلۇق) بىر كۇپلىت شېئىرىنىڭ مەزمۇنى شۇ دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، بۇ شەرقى تۈركىستاننىڭ يورۇق قۇياشىنى زۇلمەتلىك بۇلۇتلار توساپ، ۋەتەنىنىڭ بىپايان تۇپرىغىنى ئەجەلقۇشلىرى قاپلىغان زامانىنىڭ مەھسۇلى بولدى.

گەرچە بۇ بىر كۇپلىت شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسى 12 بۇغۇمدىن تۈزۈلگەن 4لا مىسرا بولسىمۇ، بۇ شېئىردىكى مەزمۇننىڭ بايلىقى ۋە ئۇنىڭ يىغىنچاق ئىپادىلىنىشى. ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىگى بولسا، شېئىردىكى كىشى خارەكتېرلىرىنىڭ، يۈز قىياپەتلىرىنىڭ، بەدەن – ئەزالىرىنىڭ ھەرخىل كۆرۈنۈش،

رىئال ھىس ـتۇيغۇلاردا، چوڭقۇر ـ ئەتراپلىق ئەكس ئېتتىشى شېىردىكى تۇراق، ۋەزىن ۋە قاپىيەلەرنىڭ ئۆلچەملىك، تولۇق، روشەن جارالاپ تۇرۇشى شېىرنىڭ بەدىئى قىممىتىنى يۇكسەكلىكلەرگە كۆتەرگەن.

بۇ بىر كۇپلىت شېىر ئۇقۇلغاندا، ئۇنىڭدىن بىز خىتاي زىندانلىرىدا ۋەتەن ـ مىللەت ائىر قۇتلۇق شەۋقىنى، مائارىپچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى پارچە خەت

يېقىندا كونا كىتاپ- ژورناللىرىمنى ۋاراقلاپ، 97- يىلى ئۆغۇستتا نەشر قىلىنغان "تامچە" ژورنىلىنىڭ 1- سانىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭدا ئاتالمىش شىنجاڭ ئەدەبىيات – سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قورچاق رەئىسى قېيۇم تۇردىنىڭ: "باش سىمتار جىياڭ زېمىنگە" دىگەن تېمىدا، ئاستىغا دوكلاد تىزىسى (قەتئى مەخپى) دەپ ئىلاۋە قىلىنغان خېتى دىققىتىمنى تارتتى – دە، مەن ئىككى پارچە خەت ھەققىدە ئويلاپ قالدىم.

1- خەت 1991- يىلى 10 – دىكابىردا يېزىلغان، خەتتە بېرلىن تېمىنىڭ يىقىلىشى، سوۋېت ئىمپېرىيەسىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مەيدانغا كىلىشى – شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىچى – سىرتىدا ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىگە يېڭى ئۈمىت بېغىشلاپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىغا يېڭى بىر تەھدىتنىڭ يۈزلىنىۋاتقانلىقى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ئىدى. 85- يىللاردىكى شەرقى تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى، "بارىن ۋەقەسى"، ئاتاقلىق تارىخچى تۇرغۇن ئالماسنىڭ "ئۇيغۇرلار" قاتارلىق 3 كىتاۋىنىڭ تەسىرى ۋە بىرقاتار ھەرىكەتلەر تەسىرى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلقى مىللەت ھاياتلىقىنىڭ بىردىن – بىر چىقىش يولى بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىغىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئىكەنلىگىنى تولۇق چۈشۈنۈپ يەتتى.

بۇ ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلەردىن ئۆلىدىغاندەك قورققان بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئەنە شۇ چاغدا بېيجىڭنىڭ ئىت يالىغىنى يالاپ، تېخىمۇ چوڭ مەنسەپ تاماسىدىكى قېيۇم تۇردى بۇ مەخپى خېتىدا شەرقى تۈركىستاندىكى پىشقەدەم ئىنقىلاۋى زىيالىلار، ۋەتەنپەرۋەر كەڭ ئامما ئۈستىدىن پىتنە – پاسات توقۇپ، چېقىپ خەت يېزىپ، بېيجىڭلىق خوجايىنى جاڭغا ئەرز – شىكايەت قىلدى. ئۇ خېتىدا؛ مىللى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىگىنى پارچىلاپ، شىنجاڭنى جۇڭگۇ قويىندىن بۆلۈپ چىقىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرماقچى بولغىنى ئالاھىدە دوكلاد قىلىنسا، ئەڭ قىزىغى، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا بىر ئۆمۈر غالچىلىق قىلىپمۇ ئاخىرىدا ياخشى بولالمىغان "ئالتۇن

قەپەز" دە ۋىجدان ئازاۋىدا ئەقىلدىن ئېزىپ، جان تالىشىۋاتقان "سەيپەك" ئۇستىدىنمۇ ئەرىز شىكايەت قىلىدۇ. قېيىيوم تۇردى بۇ جەھەتتىن خائىنلىق، مۇناپىقلىقتا يېڭى رېكورد ياراتتى.

ئۇ شۇ چېقىم خېتى بىلەن ئەدىبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باش سېكرېتارلىغىدىن بىراقلا سەكرەپ بېيجىڭنىڭ شىنجاڭدىكى 1- سېكرېتار بولۇش شېرىن چۈشىنى كۆرىۋىدى. "بەندىسى سۆزلەيدۇ، تەغدىر كۈلىدۇ" دەپ، 1- ئۇنىڭ ئۆمرى كۆتەكەلدى. ئۆز دىنى ـ ۋەتىنى ۋە مىللىتىگە ئاسىلىق قىلغان بۇ مۇرقەدنى ئاللاھ تىز دىنلا ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى. 2- بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆز مىللىتىگە خائىنلىق قىلىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ جەسەتلىرى ئۇستىگە دەسسەپ، مەنسەپ شوتىسىغا ئېسىلىۋاتقان بۇ "لوۋى" نى ئۆزلىرىگىمۇ خەيرلىك كەلتۈمەيدىغانلىغىنى بىلىپ، ئۇنىڭ خېتىنى ئۇرۇمچىگە قايتۇرۇۋەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئەمدى خىتايلار ئۈچۈنمۇ كېرىگى قالمىغان ئىدى.

"بىگىز قاپتا ياتمايدۇ" دىگەندەك، ئۇ خەتنىڭ بوينىغا "قەتئى مەخپى" دىگەندەك تۇمارلارنى ئېسىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلىپ، رەسۋايى جاھان بولدى. قېيىيوم شۇ خېتى بىلەن ئۆزىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى! ئۇ خېتىدىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل ياشىدى. ئۇ تىرىكتەك قىلغان بىلەن ۋىجدانى، ئەخلاقى، روھى تەرەپتىن تىرىك مۇردا بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا يىرگىنىشلىك مەخلۇققا ئايلانغان ئىدى. ھەي ئىست، ئۇنىڭدىن بۇ پانى دۇنياغا نىمە قالدى؟ ئۇنىڭدىن قالغىنى پەقەت مۇناپىق، ساتقۇن دىگەن نام ھەم هاياتلىقلار ئۈچۈن سەلبى دەرسلىك قالدى!

2- خەت 41 يىل بۇرۇن ماڭا ھەم تاشكەنتتە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمغا مۇناسىۋەتلىك خەت بولۇپ، بۇمۇ گەرچە خەت دەپ ئاتالسىمۇ، بۇ خەتنىڭ مەخسەت مۇددىئاسى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋېتى 1- خەتكە قەتئى ئوخشىمايدۇ.

1960- يىلىنىڭ ئاخىرى 1961- يىلىنىڭ باشلىرى ئىدى. شەرقى تۈركىستاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتكە كېلىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مەخپى يوسۇندا ناھايىتى چوڭ غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. بۇ غۇلغۇلالارنىڭ پارتلىشىغا 60- يىلى يازدا ئەخمەت يولداش باشلىق ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئۆز يۇرتلىرى قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شۇ يەرلەردە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرى ئوت پىلتىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولغان ئىدى. شۇ يىلى شەرقى تۈركىستاندا ھاۋارايى ياخشى بولۇپ مول ـ ھوسۇل ئېلىندى.

لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈز بەرگەن ئاچارچىلىقنى ئۇيغۇر دېھقانلارغا تېڭىپ، پۈتۈن ئاشلىقلارنى ئىچكىرىگە يۆتكەپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ھېچنېمە قالدۇرمىدى. نەتىجىدە تارىختىن بۇيان باي ئاتىلىپ كەلگەن باي ناھىيىسى، پەيزاۋات، چىمۇنەي ناھىيىلىرى سۇنئىي ئاچارچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ باي ناھىيىسىدە ئاشلىقنى ئامبارغا سولىۋالغان خىتاي باشلىقلار ئۇيغۇرلار ئۆلۈۋاتسىمۇ ئاشلىق بەرمىدى، ئېتىزلاردا ئوت ـ چۆپ، گىيالار، داللاردا ئىشەك، ئىت، مۈشۈكلار، چاشقانلار قالمىدى. باي ناھىيىسىنىڭ خەلقى ئاساسەن قىرىلىپ تۈگىدى... بوخەۋەر تاشكەنتكە يېتىپ كەلدى، ساۋاقداشلىرىمىز ئارىسىدا ئاراملىق تۈگىدى. ئەڭ ئاخىرى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ياكى سوۋېت كومپارتىيىسىگە يەتكۈزۈش قارارىغا كېلىندى.

بىرقانچە قېتىملىق يىغىلىش، مۇزاكىرەلەر ئېلىپ بېرىلدى، ب. د. ت گە خەتنى ئەۋەتىش ئىمكانىيىتى بولمىغىنى ئۈچۈن، ستالىنغا چوقۇنۇشقا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەم شۇ دەۋردە خىتاي كومپارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىرى يىرىكلەشكەن سوۋېت كومپارتىيىسى رەئىسى خرۇششوپقا خەت يېزىش ماقۇللاندى. خەتمۇ يېزىلدى، خەتنىڭ مەزمۇنى: 1) ستالىننىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىگە دۈشمەنلىك قىلىپ، 2- قېتىم قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتلىرىمىزنى خىتايلارغا ساتقانلىق جىنايىتىنىڭ ئاقىۋەتلىرى شىكايەت قىلىنغان بولسا، 2) بو مەسىلىنى خرۇششوۋ باشچىلىقىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تۈزۈتۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئىشىغا ياردەم بېرىشى تەلەپ قىلىندى. 2كىشىگە ئايروپىلان بىلىتىنى ساۋاقداشلار ئېلىۋاتقان ئوقۇش پۇلىدىن يىغىش قىلدۇق، ساۋاقداشلىرىمىز بىر ـ ئىككى ئاي تۇرۇپ خرۇششوۋ بىلەن كۆرۈشەلمىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ستالىننىڭ خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، خەتنىڭ ئاساسى تەلىۋىگە ئېنىقراق جاۋاپ بېرەلمىدى.

نەتىجىدە "ئۇچۇق خەت يېزىشقا قاتنىشىپ، ئىمزا چەككەن 33 يىگىت ـ قىزنىڭ بىر قىسمى سوۋېتتە قېلىپ، بىرقىسمىلىرى ۋەتەنگە قايتقان ئىدۇق. ئارىمىزدىن چىققان ئابدۇكېرىم راخماننىڭ خائىنلىقى بىلەن ئالدىمىز تورمە، قالغانلىرىمىز سۈرگۈن، سىياسى، مەمۇرى جازالارغا ئۇچرىدۇق. خەتنىڭ قاتناشچىلىرى ـ بىر

ۋاقىتلاردىكى قىرچىنتالدەك ياش يىگىتلەر بۈگۈن 60 بىلەن 70 ئارىلىغىدىكى ئاق چاشلىق مويىسەپىتلەرگە ئايلاندۇق. راستىنى ئېيتقاندا، خېتىمىزدا ئىزھار قىلىنغان ئۈمىت ـ ئارزۇلار تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، بۇ تەلەپلەرنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان، كىلىچەك ئىستىگى ئىكەنلىگىنى ۋە بۇ تىلەكلەرنىڭ مىللىتىمىزنىڭ بىر ـ بىر چىقىش يولى ئىكەنلىگىنى كېيىنكى تۇرمۇش ئەمىلىيىتى ۋە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمىزدە كۆردۇق.

2002- يىلى ، 4- ئۆكتەبىر. ئاۋىستىرالىيە ـ سىدنېي

## شەرقى تۈركىستاندا زەھەرلىك چېكىملىكلەر ۋە ئەيدىس

ئاۋىستىرالىيەنىڭ سىدنېيدا چىقىدىغان "ئاۋىستىرالىيە خىتاي گېزىتى" 15- ئوكتەبىر خىتاينىڭ شىنجىندا ئاۋىستىرالىيە، كانادا ۋە خىتاي ساقچى دائىرىلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش مۇتەخەسسىسلىرى چىگرا ئاتلىغان زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچى جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش مۇھاكىمە يىغىنىنى 14- ئوكتەبىردىن 6- ئوكتەبىرگىچە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا 3 دۆلەت ساقچى دائىرىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلىرى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئەھۋالى، قانۇن – قائىدىلىرى، "كونترول قىلىش ئاساسىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش" ئۆلگىلىرىنى جارى قىلىپ بۇ ھەرىكەتنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرى ئالماشتۇرماقچى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئەتكەسچىلىكىنىڭ تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى ھەممىگە روشەن. بولۇپمۇ "ئالتۇن 3 بۇرجەك" رايوندا ئىشلەنگەن زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ خىتاي ئارقىلىق كانادا، ئاۋىستىرالىيەلەرگە كىرىپ يۈزبەرگەن دېلولاردا داۋاملىشىۋاتىدۇ. بۇ ئاۋىستىرالىيە، كانادا، خىتاي دۆلەتلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە قاشى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش سەۋەبىمۇ شۇ. 3دۆلەت ۋەكىللىرى يىغىن ئاخىرىدا زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە قارشى ھەمكارلىق مۇراجىئەتىگە قول قويماقچى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈپ، بۇ يىلنىڭ 1- يېرىمىدا 50 مىڭدىن ئوشۇق جىنايى دېلونى پاش قىلىپ، 470,000 زەھەرلىك چېكىملىكلەر جىنايەتچىسى - گوماندارلىرىنى تۇتۇپ ۋە كۆپ مىقداردا زەھەرلىك چېكىملىك، زەھەرلىك دورىلارنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى كۆرسۈتۈلگەن.

1949- يىلى ئۇيغۇرىستاننى قانۇنسىز بېسىۋالغان كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى مىللىتىمىزگە قارىتا پۈتۈن ساھالەر بويىچە يوقۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، لېكىن بۇنىڭغا باش ئەگمىگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى غۇرۇر ۋە ئىمانىنى دىلىدا چىڭ ساقلاپ، مىللى مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەش



قىلىۋاتقانلىغىدىن چۆچىگەن بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى "بىر مىللەتنى قول قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇشتىن باشلاش كېرەك" دىگەن كونا – يېڭى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ فاشىستلىق نەزەرىيەسىنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلىپ، 90- يىللارنىڭ بېشىغىچە ئۇيغۇر خەلقى خىروين دىگەننى بىلمەيتتى، خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق – پەزىلىتىنى ئېيتقاندا "يۈزى بوزۇلمىغان ئاپپاق سۈت" ئىدى. لېكىن بېيجىڭنىڭ "غەرپنى ئېچىش" دىگەن مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ۋە خىروين چەككۈچى، جىنايەتچى، قاتىل، ئوغرى – بۇلاڭچى، بۇزۇق، پاھىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون مىليونلىغان خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ مۇبارەك تۇپرىغىمىزغا كەلكۈن بالاسىدەك ئېقىپ كىرىشى بىلەن خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، قاتىللىق قىلىش، ئاياللارنى سېتىش، بالىلارنى ئوغرىلاشتەك تارىختىن بۇيان مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاقىغا يات بولغان بالايى - ئاپەتلەر كۆپىيىپ كەتتى. ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ غەرەزلىك كۈشكۈرتىشى ۋە يول قويۇشى بىلەن بىر قىسىم ياشلىرىمىز خىروينغا، ھاراققا، بەد قىلىقلارغا بېرىلدى.

بۇنى دەرھال سەزگەن ياشلىرىمىز غولجىدا "مەشرەپ" ھەرىكىتىنى باشلاپلىدى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا چىدىمىدى. ياشلىرىمىزنى ھەقىقى ئىنسانغا خاس مىللى غۇرۇر ۋە ئىمانغا چاقىردى. مىللى قەھرىمانىمىز ئابدۇ خېلىل ئابدۇ مىجىتنى 31 يېشىدا 2000- يىلى 17- ئوكتەبىردە چاپچالدا قىيناپ ئۆلتۈردى. ئىچكى ئۆلكىلەردە خىروين چەككۈچى ۋە خىروين بىدىكلىرىگە نىسبەتەن ئۈنۈملۈك چارىلارنى قوللىنىپ، ئاپەتنىڭ كېڭىيىشىنى توسىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇيغۇرىستاندا خىتاي ھۆكۈمىتى دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىنى تۇتىۋاتىدۇ. خىروين چېكىپ خىروين بىلەن قولغا چۈشكەن ئۇيغۇرلارنى بۇ ئىشكىتىن كىرگۈزۈپ سولاپ، ئارقا ئىشكىتىن قويىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ خىروينلىرىنى قاقتى – سوقتى قىلىپ، جەرىمانىلەر قويۇپ، ئۈنۈملۈك چارە – ئۇسۇللارنى قوللانمايىۋاتىدۇ. بۇ خىتاي دائىرىلىرى ئۈچۈن (1) يېڭى تىجارەت بولسا، (2) ئاق ئالۋاستىنىڭدامىغا چۈشىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرى كۆپەيسە ئۇلار مۇرادىغا يەتمەكچى. بۇ مەسىلىدىكى بېيجىڭنىڭ غەرىزى "تىلى تۈزۈك، دىلى بوزۇقلۇغى" بىلەن بۈگۈن ئۇيغۇر دىيارى بېرىنىڭ خىروين كانى بولغان "ئالتۇن 3 بورجەك" يېقىن، زەھەرلىك

چىكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشقا خىتايدا 1- ئورۇندا تۇرىدىغان يۇنىس ئۆلكىسىدىن كېيىنلا 2- ئورۇندا تۇرىدۇ...

مۇشۇ "ئاق ئالۋاستى"نىڭ تەسىرى بىلەن 95- يىلى 1- قېتىم ئۇيغۇرىستاندا ھاياتلىقنىڭ قاتىل دۈشمىنى ئەيدىسنىڭ بارلىقى بايقالدى. بۇ كېسەللىكنىڭ خەلقىمىز 1- قېتىم ئاڭلاپ، 1- قېتىم كۆرۈشى ئىدى. بۇ كېسەللىكنىڭ ئۇيغۇر دىيارى قىسقىغىنە 7 يىل ئىچىدە خىتاي بويىچە ھەممە ئۆلكىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ..!

بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان دۈشمەنلىك غەرەزلىرى ھەم بىچارە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئىككى جان ئالغۇچى ئاپەتنىڭ دەردىنى تارتىپ، ئۇنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى كۆرگەن 10,000 كىلومېتىر يىراقتىكى ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى بۇ يىل 7- ئاينىڭ ئاخىرى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن 5 يىللىق پىلان تۈزۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەيدىسنى يېڭىشقا 21 مىليون دوللار ياردەم بېرىپ، ئۇيغۇرىستاندىكى ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈشكە ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىسىنى ئەۋەتتى.

ئەمدى ئاۋستىرالىيەنىڭ ئۇيغۇرلارغا بەرگەن ياردەم پۇلىنى بۇرۇنلاردا بولغاندەك ئۇيغۇرلارنى قانلىق باستۇرىدىغان بىختۇۋەنگە بىرەمدۇ ياكى بېيجىڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانى ۋاڭ دارىنىنىڭ يانچۇقىغا چۈشەمدۇ، بۇنى الله بىلىدۇ.

2002- يىلى 17- ئوكتەبىر، لىۋېرپۇل - سىدنېي



## ئاۋستىرالىيە مۇھاجىرلەر مىنىستىرى فىلىپ رودو كىسقا خەت

ھۆرمەتلىك فىلىپ رودوكس جانابلىرى؛

مەن بۇ خېتىمنى ئاۋستىرالىيەدىكى ناھايىتى كىچىك گۇرۇپپا شەرقى تۈركىستان جامائەتچىلىكى نامىدىن يېزىۋاتىمەن.

شەرقى تۈركىستان – كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى خىتايلار "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" دەپ ئاتايدىغان خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدۇر.

شەرقى تۈركىستان - 1949- يىلىنىڭ ئاخىرى دىكتاتور ستالىننىڭ خەلقىمىزگە قىلغان خىيانەت ۋە ساتقىنلىقى بىلەن ماۋچى قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. شۇندىن بۇيان كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى ۋە قانۇنى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھوقۇقلىرىنى قاتتىق ئاياق – ئاستى قىلىپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىگە قارىتا سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدىنى، دىنى ۋە ئۆرپ – ئادەتلىرى بويىچە ئاسسىملاتسىيە ھەم ئىرقى قىرغىنچىلىق سىياستىنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۆتكەن يىلى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن تېررورلۇق پاجىئەسىدىن كېيىن بولۇپمۇ بۇ يىل 11- سىنتەبىردە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دىكتاتور سادداملى ئاغدۇرۇش خەلقئارلىق ئىستراتىگىيىسى ئۈچۈن بېيجىڭنى ئۆزىگە تارتىش مەقسىتىدە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ھېچقانچە رولى بولمىغان كىچىككىنە شەرقى تۈركىستان ئىسلام_ھەرىكىتى گۇرۇپپىنى ب. د. ت نىڭ تېررورىستلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى.

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىچكى ۋە خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستاننىڭ قانۇنلۇق ئىنسان ھوقۇقلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق دېموكراتىك تەشكىلاتلارنى ھەممىسىنى تېررورىستلار دەپ ئاتاپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتا قانلىق باستۇرۇشنى يۇقىرى پەللىگە كۆتەردى...

شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىئون مەركىزىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارىتا شىددەت ئۇسۇلىنى قوللىنىش ۋەقەلىرى

بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ تېررورىست دېگەن بەدنام بىلەن 9000 دىن ئوشۇق ئۇيغۇرلار تۈرمىلەرگە تاشلاندى، 50 ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

پەقەت بۇ يىلنىڭ سىنتەبىر ئېيى ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غولجا ناھىيىسىدىن مۇتەللىپ باشلىق 40 ئۇيغۇرنى نامايىش ئۇيۇشتۇرماقچى دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئالغان بولسا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئارتۇش ناھىيىسىدە يەر ئاستى قورال زاۋۇتى تېپىلدى، دەپ، 20 ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى قولغا ئالدى.

ئۆتكەن يىلى 11- ئوكتەبىر ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى ئوتتۇرا سوتى ئاتالمىش ئۇيغۇر تېررورىستلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلدى. 4 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىندى. قالغانلىرىغا 20 يىلدىن 25 يىلغىچە تۈرمە جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۇيغۇرغا ب. د. ت نىڭ "ئىنسان ھوقۇقلىرى خىتاپنامىسى"نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ئۈچۈن بۆلگۈنچىلىك جىنايىتىدە ئەيىپلىنىپ، 20 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن.

بۇ پاجىئەلەر مەملىكەت ئىچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بېيجىڭ دۆلەت تېررور سىياسىتىدىن قېچىپ خىتايغا قوشنا بولغان مەملىكەتلەرگە باشپانالىق تەلەپ قىلىپ چىققان، ھەتتا شۇ يەرلەردە قانۇنلۇق تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىمۇ تېررورىست جىنايىتى بىلەن ئەيىپلەپ، خىتايغا قايتۇرۇپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

1997- يىلى مايدا شەرقى تۈركىستاندىن پاكىستانغا قېچىپ چىققان 13 ئوقۇغۇچىنى پاكىستاننىڭ گىلگىتتىكى ساقچى دائىرىلىرى خىتاينىڭ پۇلغا سېتىلىپ، خىتايغا قايتۇرىۋېدى، بۇ ئوقۇغۇچىلار خىتاي چېگراسىغا ئۆتۈشى بىلەن ئېتىپ تاشلاندى.

يەنە پاكىستان 2002- يىلى 4- ئايدا ئىلھام توختى باشچىلىق 3 نەپەر ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىز – دىرىكى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.

1999- يىلى قازاقىستان ھۆكۈمىتى باشپانالىق تەلەپ قىلىپ،قېچىپ چىققان 3 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇردى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلدى.

بۇ يىل 2002- يىلى 8 ئۇيغۇر ياش سىياسى باشپانالىق تەلەپ قىلىپ نېپالغا قېچىپ چىقىۋېدى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىۋى بىلەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنى نېپال ھۆكۈمىتى خىتايغا قايتۇرىۋەتتى.



بۇ يىل 7- ئايدا قىرغىزىستان 2 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇردى. ئەمدى خىتايغا قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان بولۇپمۇ پاكىستاندىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن قېيىن، ئۇلار خىتايغا قايتايلى دېسە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى زىيانكەشلىكىدىن قورقۇپ، شەرقى تۈركىستانغا قايتالماۋاتىدۇ. ئەمدى شۇ مەملىكەتلەردە تۇراي دېسە، خىتايدىن ماددى مەنپەئەت ئېلىۋاتقان بۇ مەملىكەتلەر شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ رىخوجوي بولۇپ، باشقا مەملىكەتلەرگە چىقىپ كېتىشىگىمۇ توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئۇيغۇرلار ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئەھۋالدا ياشاۋاتىدۇ.

چەتئەللەردە ياشاۋاتقان كۆز قاراشلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئۇيغۇرلار ئاتا – ئانا، بالا – چاقالىرىنى ئون نەچچە يىللاپ كۆرەلمەي يۈرگەنلەر كۆپ، ئۇلار خىتايغا بارغان تەغدىردە ھەرخىل سىياسى تەقىپلەرگە ئۇچراۋاتىدۇ. ئەمدى خىتايدىكى يېقىنلىرىنى چەتئەللەرگە چاقىرىپ، ۋىزا ئەۋەتسە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارغا پاسپورت بېرىشنى رەت قىلىپ، چەتئەللەرگە چىقىشقا رۇخسەت قىلمايۋاتىدۇ.

97- يىلدىن بۇيان ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلىقى بىلەن 10 دىن ئوشۇق ئۇيغۇرلار رىغوجىيلىق نامىغا ئىگە بولۇپ، ئاۋىستىرالىيەدە يېڭى ھاياتىنى باشلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خىتايدىن چىقىپ، ئاۋىستىرالىيەدىكى يېقىنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ جەم بولىشىغا خىتاي ھۆكۈمىتى ھەرتۈرلۈك يوللار بىلەن توسالغۇلۇق قىلىۋاتىدۇ.

كىشىنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرغان يېرى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىدنېيدىكى باش كونسۇلخانىسى ئارقىلىق (Information office of the Seate Council) بۇ يىل 3- ئايدا نەشر قىلغان: ئېنگىلىز تىلىدا "شەرقى تۈركىستان تېررورىست كۈچلىرى ئۆز جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!" (East Turkistan terrorist Farces cannot get Away Impunity) دېگەن بىراشۇرىنى تارقاتتى، نەتىجىدە سىدنېيدىكى بىر قىسىم خىتايلار ئارىسىدا پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە قارشى دۈشمەنلىك قاراشلار بارغانسىرى كېڭىيىۋاتىدۇ. يېقىندا خىتاينىڭ ئاتالمىش ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن 30 كىشىلىك ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرى سىدنېيدا 1- ئوكتەبىر كۈنى كونسېرت قويىدى، بۇ ئويۇنغا بىلەتنى سوراپ سىدنېيدىكى خىتاي كونسۇلى، خىتاي

جەمئىيەتلىرىگە كۆپ قېتىم تېلېفون قىلغان بولساقمۇ، بىۋاسىتە بىلەن ئالالمىدۇق، ئۇلار جاۋاپلىرىدا: " فالۇنگۇڭ، جەمىيەتكە قاتناشقانلارغا (ئاۋسترالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى دىمەكچى) بېرىلمەيدۇ. دەپ بىزگە بىۋاسىتە بىلەت ساتمىدى. نەتىجىدە ناھايىتى ئاز بىر قىسمىمىز خىتاي تونۇشلىرىمىز ئارقىلىق بىلەتكە ئىگە بولۇپ، كونسېرتنى كۆرۈشكە مۇۋاپپەق بولدۇق.

ھۆرمەتلىك جاناب مىنىستىر؛

ئاۋسترالىيە ھۆكۈمىتى 1992- يىلى نويابىردا شەرقى تۈركىستانغا ئىنسان ھەقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن 10 كىشىلىك ھەيئەت ئەۋەتكەن. بۇ يىل 7- ئايدا ئاۋسترالىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىسىنى شەرقى تۈركىستانغا ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ "ئەيدىس" كېسەللىكىنى يېڭىشقا مەردانىلىق بىلەن 21 مىليون ياردەم قىلغان، دېموكراتىك، ئىنسان پەرۋەر ھەم ئادىل مەملىكەت، شۇڭا بىز سىزدىن تۆۋەندىكىلەرنى سورايمىز:

1- خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسان ھوقۇقلىرىنى ئاياق- ئاستى قىلىشىنى تېزدىن توختىتىپ، تۈرمىلەردىكى سىياسى جىنايەتچىلەرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشى ھەم ئۆلۈم جازاسىنى دەرھال توختۇتۇشىنى تەلەپ قىلىمىز.

2- ھازىر شەرقى تۈركىستاندىن سىرتقا قېچىپ چىقىپ كەتكەن مىڭلاپ سىياسى باشپانالىق تەلەپ قىلغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە باشپانالىق تاپالمايۋاتىدۇ، مەرھەمەت قىلىپ، شۇلاردىن بىرقىسمىنى ئاۋسترالىيەگە قوبۇل قىلىشنى سورايمىز.

3- خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى بېسىمى، ئىقتىسادى قىزىقتۇرۇشى بىلەن خىتايغا قوشنا مەملىكەتلەر خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سىياسى كۆز قاراشى ئوخشاش بولمىغان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەپچى بولىۋاتىدۇ. ئاۋسترالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ھەم مۇناسىۋەتلىك مەملىكەتلەر بىلەن ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ، شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئالاھىدە ياردەم بېرىشىنى.

4- ئاۋسترالىيەدە رىغوجۇي بولۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىلىرىنى ئاۋسترالىيەگە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئائىلەلىرىنىڭ قايتىدىن قوشۇلۇپ جەم بولۇشىغا

تۈركە بولۇشنى ھەم بەزى سىياسى كۆز قاراشى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئاۋىستىرالىيە گىراژدانلىرىنىڭ خىتايدىكى تۇققانلىرىنىڭ ئاۋىستىرالىيەگە كېلىپ تۇققانلىرىنى زىيارەت قىلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشىنى.

5- سىدنېيدىكى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئاۋىستىرالىيە ئۇيغۇر گىراژدانلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ ئاياق- ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىدنېيدىكى خىتاي كوسۇلخانىسى بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ، ئۇزىنىڭ تىگىشلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى.

6- ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) بىر ئۆمەك ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى ئىنسان ھوقۇقلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئېتىبار بېرىشىنى، شۇنىڭ بىلەن خىتايدىكى ئىنسان ھوقۇقلىرىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئىجابى تەسىر بېرىشىنى سەمىمى ئۈمىت قىلىمەن .

ھۆرمەت بىلەن،

ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئىمزا)

شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتايى
سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى رەئىسى

2002- يىلى ، 24- ئۆكتەبىر، سىدنېي - ئاۋىستىرالىيە

## تۈركىيە ـ ئانقارەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ " شەرقى تۈركىستان تېررورىستلىق جىنايەتلىرىنىڭ ھەققى يۈزى " سىنئالغو لىنتىسى ھەققىدە

يېقىندا تۈركىيەنىڭ ئەنقەرەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ھەم ئىستانبۇلدىكى كونسۇلۇسخانىسى "شەرقى تۈركىستان تېررورېستلىق جىنايەتلىرىنىڭ ھەقىقى يۈزى" ناملىق 56 مىنۇتقا سوزۇلغان سىنالغۇ لىنتىسىنى بەزى بىر ئۇيغۇرلار ھەم تۈركىيەدىكى بىر قىسىم تۈركلەرگە، ئورۇنلارغا تارقاتتى.

سىناغالغۇ لىنتىسى 1992- يىلى 2- ئاينىڭ 5- كۈنى ئۇرۇمچى شەھرى 30- ۋە 52- يولدا يۈز بەرگەن پارتلاش ۋەقەسىدىن باشلاپ، 2001- يىلغىچە شەرقى تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى11- سىنتەبىر ئامېرىكىدا يۈزبەرگەن تىرۇرلۇق پاجىئەسىدىن كېيىن ئامېرىكا ۋە دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۆزىنى خەلقئارلىق تېررورىزىمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ ئاۋانگاردى قىلىپ كۆرسۈتۈپ، ئاقنى قارا، ھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ ، 1مىليار 300 مىليون نوپۇسقا ئىگە ھەم دۇنيا خوجايىنلىغىنى تالىشۋاتقان دەرىجىدىن تاشقىرى مەملىكەت ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئاجىز بىر مىللەتنى "تېررورېست" دەپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان مۇستەقىللىق، ھۆر ـئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرىشىنى بورمىلاپ، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقى ئوبرازىنى خۇنۇكلاشتۇرۇپ، شەرقى تۈركىستاندىكى قانۇنسىز ئىشغالىيىتىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرماقچى.

بۇ تارقىتىلغان سىنئالغو لىنتىسى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سۇئىقەستلىك پىلانىغا ئاساسەن غەرەزلىك ئىشلەنگەن.

سىنالغۇ لىنتىسىدە سۇدانىدىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ پارتلىتىش كۆرنۈشلىرىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى زورمۇ ـ زور خەلقئارلىق تېررورىزىمغا باغلاشقا تىرىشىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئاراسىغا دۈشمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچماقچى بولىۋاتقانلىغىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىتاي ھۆكۈمىتى مەيلى قانچىلىك كۈچەپ دۇنيا يۈزلۈك تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ئۇجۇقتۇرۇش ھەرىكەت قىلمىسۇن، ئۇلارنىڭ رەزىل غەرەزلىرى بەربىر ئەمەلگە ئاشمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ "سەن ئوغرى دىگىچە، مەن ئوغرى" دەۋالاي" دەپ ئۇيغۇر خەلقىگە ئارتىۋاتقان بۇ بەدناملىرىنىمۇ دۇنيا جامائەتچىلىكى چۈشەنگەن يەردە!

سىنالغۇ لىنتىسىدا قىلچە ئىزا تارتماستىن، 10 يىل ئىلگىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە ئېچىلغان 1- قېتىملىق شەرقى تۈركىستان قۇرۇلتىيىغا ھۇجۇم قىلىپ، قۇرۇلتايىنى "شەرقى تۈكىستان تېررورىستلار قۇرۇلتىيى" دەپ تۆھمەت قىلىشقا ئۇرۇنغان، پۈتۈن خەلقى ئالەمگە ئايانكى، سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى بەربات بولۇپ، بېرلىن تېمى يىقىلىپ، سوۋېت ئىمپېرىيەسى يىمىرىلىپ، دۇنيا يېڭى تۈسكە كىرگەن 90- يىللارنىڭ بېشى كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيتى ئاستىدىكى مەزلۇم شەرقى تۈركىستانغا مۇستەقىللىق ئۇچۇرلىرىنى بەرگەن ئىدى. شۇ چاغدا خەلقئاردىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇ — ئارمانلىرىغا ۋەكىللىك قىلىپ، 1992- يىلى 12- 14- دىكابىرلاردا ئىستانبۇلدا شەرقى تۈركىستان تارىخىدا يېڭى بىر بۇرۇلۇش باشلىغان 14 دۆلەتتىن 1000 ئادەم قاتناشقان بۈيۈك بىر قۇرۇلتاي چاقىردى.

بۇ قۇرۇلتايدا شەرقى تۈركىستان خەلقى ۋە خەلقئارغا مىللى قۇرۇلتاينىڭ مۇراجەئەتنامىسى ۋە قارارلىرىنى تەنتەنىلىك ھالدا دۇنياغا جاكالىغان ئىددى. 12 ماددىلىق قۇرۇلتاي قارارىنىڭ 11- ماددىسىدا: "مىللى قۇرۇلتاي ب. د. ت دىن دۇنيادىكى ئادالەت ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرىنى قوغدىغۇچى تەشكىلاتلاردىن، خەلقئار ئىسلام تەشكىلاتلىرىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە سىياسى، ئىقتىسادى، دىپلوماتىيە جەھەتلەردە بېسىم ئىشلىتىپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش كۆرىشىگە ياردەم بېرىشىنى سورايدۇ" دەپ چاقىرىق قىلىنغان. 1- قۇرلتاي ئۆزىنىڭ توغرا يۆنۈلۈش پىروگراممىلىرى بىلەن 98- يىلى ئىستانبۇلدا مىللى مەركەز، 99- يىلى گىرمانىيەدە شەرقى تۈركىستان 2- قۇرۇلتىيىنى ۋە ئۆتكەن يىلى بىلگىيە بىراسسىل ياۋرۇپا پارلامېنتىدا 3- قۇرۇلتىيىنى غەلىبىلىك چاقىردى.

بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى تۆھمەت قىلىۋاتقان 1- قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتكەن 10 يىللىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتسەكلا، كومۇنىست خىتاي دۆلەت تېرروزۇر سىياستىنىڭ ھىلىگەر، ياۋۇز، رەزىل قىپاتى ئاشكارا بولىدۇ، خالاس!

سىنالغۇ لىنتىسىنىڭ ئاخىرىدا دائىرىلىرى شەرقى تۈركىستانىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا شەرقى تۈركىستان داۋاسىدا مۇھىم رول ئوينىغان بۈيۈك رەھبەر ئاتاقلىق تارىخچىمىز مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ۋە ئۇ يازغان "شەرقى تۈركىستان تارىخى" غا غالچىرلارچە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ كىتاپ كابۇلدا 1940- يىلى دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بۇيان، شەرقى تۈركىستان خەلقىنى مۇستەقىللىققا باشلاپ كېلىۋاتقان يولچى يۇلتۇزغا ئايلاندى. بۇ كىتاپ ھەققىدە تارىخچىمىز مەرھۇم ھاجى ياقۇپ؛ "شەرقى تۈركىستان تارىخى" خىتاي ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن روھى ئاتوم بومبا" دىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەد ھەيۋەت خىتاي ھۆكۈمىتى يىغلاپ ـ قاخشاپ يۈرۈپ كىچىككىنە، رولى بولمىغان "شەرقى تۈركىستان ئىسلام پارتىيە" سىنى ب. د. ت تىرورېستلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، "تەخىيى 4 چىشلىق بولۇپ" ھازىر خەلقىمىزگە ماددى ـ مەنىۋى جەھەتتىن زىيان سېلىۋاتقانلىغى راست.

لېكىن "بىر يامان ئىشنىڭ بىر ياخشى تەرىپى بار" دەپ شۇنچە يىللار شەرقى تۈركىستان داۋاسى قىلىپ، داۋايىمىزنى كۆپ دۆلەتلەر بىلمەيتتى.ئەمدى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يالغان تۆھمىتى بىلەن ب. د, ت دىكى 191 مەملىكەت شەرقى تۈركىستان قايەردە، ئۇيغۇرلار قانداق مىللەت ۋە ئۇلارنىڭ داۋاسى نىمىكە؟ دىگەن سوئاللارغا جاۋاپ ئىپىۋالدى. بۇ، ئىنشائاللاھ، شەرقى تۈركىستان داۋاسى خەلقئار سەھنىسىگە چىقىپ، ب. د. ت نىڭ كۈن تەرتىۋىگەكىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشىگىنى ئۇنلۇك قېقىۋاتىدۇ، دىگەن سۆز!

2002- يىلى، 26- ئوكتەبىر، لىۋېرپۇل ـ سىدنېي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرىستاننىڭ ئالتاي ئورمانلىرىغا ئوت كەتتى

بېيجىڭنىڭ ئاۋىستىرالىيەدىكى زىۋانىدىن بىرىسى بولغان "ئاۋىستىرالىيە خىتاي گېزىتى" 10- ئاينىڭ 21- كۈنىدىكى سانىدا "خىتاي ئاپەتلەرنى كېمەيتىش مەركىزى"نىڭ مۇدىرى ۋاڭماۋشىڭ. "خىتايدا ھەرخىل ھاۋارايى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ھەر يىلى 160 مىليارت يۈەن زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، يېقىندا ئۇيغۇرىستاندا ئورمانلارغا ئوت كېتىپ، 50 مىڭ مو يەردىكى ئورمانلارنىڭ نابۇت بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، بۇ ئاپەتنىڭ جاۋاپكارلىقىنى بەرلىك چارۋىچىلارغا ــ قازاقلارغا دۆڭگەپ قويىدى.

گېزىت خەۋىرىنىڭ بېشىدا "خىتاي تىجارەت گېزىتى" دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن تارتىپ ھەر يىلى دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا 6 يۈز مىليون مودىن ئوشۇق يەرلەرنىڭ قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك، قاتتىق يامغۇر، كەلكۈن، تەيفۇڭ قاتارلىق ئاپەتلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى، بۇ ئاپەتلەر تەسىرىدە يۈز مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ زىيان تارتىپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساپتا 7 مىڭ ئادەمنىڭ چىقىمغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بۇ تەبىئى ئاپەتلەرنىڭ ئىقتىسادى زىيىنى دۆلەت ئىشلەپ چىقىرىش قىممىتىنىڭ يۈزدە 4% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

شۇ خەۋەرگە ئۇلاپلا، ئاتالمىش "شىنجاڭ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىدارىسى"نىڭ 9 - ئاينىڭ 27- كۈنى ئالتاي ئورمانلىرىدا يۈز بەرگەن چوڭ ئوت ئاپىتىدا 50 مىڭ مو ئورمان ــ ئوتلاقلارنىڭ كۆلگە ئايلانغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئاپەت ئالتاي ۋىلايىتى بۇرچىن ناھىيىسى ئىچىدىكى بۇرچىن دەرياسى بىلەن كۆكسۇ دەريالىرى تۇتاشقان يەردىكى ئىپتىدائى ئورمانلارغا ئوت كەتكەن بولۇپ، ئوت ئاپىتى كۆچەيگەندە 3,5 كم كەڭلىكتە، ئۇزۇنلىغى 4كم لىق دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ دائىرىدىكى يۈز يىللىق ھەرخىل قارىغاي، شەمشاد، ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك دەرەخلەر ــ ئوت ــ چۆپ ئۆسۈملۈكلەر ۋە شۇ يەرلەرنى ماكان قىلىپ كەلگەن ئالتاينىڭ ئۆزىگە خاس ئاز ئۇچرايدىغان، ئۇچار قۇش، ھەرخىل ھايۋان، ھەر خىل جانلىق ھاشارەتلەر ۋەيران قىلىندى.

ئوت ئاپتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئاپەتنى كېمەيتىپ، ئاپەتتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئورمان ساقچىلىرى، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى، خەلق ئەسكەرلىرى بولۇپ، مىڭدىن ئوشۇق كىشى 7 كۈن كۈرەش قىلغانمىش... خەۋەرنىڭ ئەجەللىك يېرى شۇكى: دەسلەپكى تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئوت ئاپىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يەرلىك چارۋىچىلار (قازاقلارنى دېمەكچى) نىڭ چەككەن تاماكىلىرىنىڭ قالدۇق ئوتلىرى سەۋەپچى بولغانمىش!!!

بۇ خەۋەر خىتايدا يۈز بەرگەن ھەرخىل ئاپەتلەر توغرۇلۇق شۇنچە كۆپ سۆزلەنسىمۇ، بۇ ئاپەتلەرنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلىرى دەپ ئۇيغۇرىستانغا قانۇنسىز ئېقىپ كەلگەن ۋاڭ ياكي جاڭ فامىللىك خىتايلارنى كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن بۈگۈن شەرقى تۈركىستاننىڭ يەر ئاستى يەر ئۈستى بايلىقلىرىنى قولغا كىرگۈزىۋېلىپ، ئۇيغۇرىستان يەر زېمىنىنىڭ 18%نى تەشكىل قىلغان 44 مىليون مولۇق ئورمانلارنىڭ ھەر يىلى نەچچە يۈز مىليون يۈۋەنلىك پايدىسىنى كۆرىۋاتقان خىتاي ئورمان مىنىستىرلىكى ئۇيغۇرىستاندا پەقەت ئورمان سانائىتىدە 10 مىڭلاپ ئاققۇن خىتاي ئىشچىلىرىنى يىغىپ، ساناقسىز چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى بىلەن ئورمانلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلىيالمىغانلىقىنى ئالتايدىكى قازاق چارۋىچىلاردىن ئەمەس، سەددىچىن سەپىلىدىن قوم – توپراقتەك بېسىپ چىقىپ، ئۇيغۇرىستاننىڭ كېپەك ئالتۇنلىرىنى، تاغ – دالىلىرىدىكى دورا – دەرمەكلىرىنى، بوغا مۈڭگۈزلىرىنى باي بولۇش تەلۋىلىكىدە قۇتىراپ يۈرگەن مىليونلىغان خىتاي كۆچمەنلىرىدىن كۆرسە بولىدۇ.

بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى: "شىنجاڭ مۇقىملىقىنى ئۇيغۇر تېررورېستلىرى،دىنى ئەكسىيەتچىلەر ھەم بۆلگۈنچىلىرى بۇزىۋاتىدۇ" دەپ دۇنياغا قاخشاپ زارلايدۇ.

دۇنيا مۇھىتىنى قوغداش ۋە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقى تۈركىستاننىڭ سىياسى مۇقىملىقىنى بۇزۇۋاتقان ئاساسى ئامىل دەپ قاراشتىن كۆرە، ئۇنىڭ ئېكولوگىيەلىك جەھەتتىكى بۇزغۇنچىلۇقى ئۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك دەپ قارىماقتا.

دېمىسىمۇ، ئۇيغۇرىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى دۇنيادىكى چوڭ چۆللۈكلەر، بەھەيۋەت تاغلار تەشكىل قىلىپ، ئىنسان ياشاشقا يارامىلىق ئازغىنە يەرلىرى بىلەن شۇنچە كۆپ خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ چىدىغۇسىز بېسىمىنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن،

هازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەربىر كىلومېتىر يېرىگە **207** دىن ئوشۇق ئادەم توغرى كېلىدۇ. بۇ سان خىتاينىڭ بەزى ئۆلكىلىرىدىكى ساندىن ئېشىپ كەتتى. مۇشۇ سەۋەپلەر تۈپەيلى خىتاي كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇرىستاندىكى بەرلىك ئىنسانلارغا، ئۇيغۇرىستاننىڭ يىگانە گۈزەل تەبىئىتىگە كىلىۋاتقان بالايى – ئاپەتلەرنى ئېيتىپ تۈگۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئەلۋەتتە، كۆزىگە مۇستەملىكىچىلىك، چوڭ خىتايچىلىق كۆزەينىكىنى كىيىۋالغان بېيجىڭلىق خوجايىنلارغا شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق باشلىق بەرلىك مىللەتلەرنىڭ "بۆجى" كۆرۈنۈشى تۇرغان گەپ!

2002- يىلى، 26- نويابىر. لىۋېرپۇل - سىدنېي

## مۇھاجىرلار مىنىستىرى فىلىپ رودو كس بىلەن ئۇچۇرۇشۇش

شەرقى تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى سىياسى مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ رەئىس ھەم ئاۋىستىرالىيە NSW شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى باشچىلىقىدىكى 4 كىشىلىك شەرقى تۈركىستان ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ 4- ئوكتەبىر چۈشتىن كېيىن ئاۋىستىرالىيە پارلامېنتى سىدنىي ۋەكالەتخانىسىدا ئاۋىستىرالىيە مۇھاجىرلار ھەم كۆپ مەدىنىيەتلىك ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مىنىستىرى فىلىپ رودوكس جانابلىرى بىلەن ئۇچۇرۇشۇش بولۇپ ئۆتتى.

بۇ ئۇچۇرۇشۇشتا يەنە ئۇزۇندىن بۇيان شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ سىياسى باشپانالىق ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ كەلگەن مۇھاجىرلار ئىدارىسىدىكى ئادۋۇكات لىببىي خوگارتس خانىممۇ ھازىر بولدى.

چۈشتىن كېيىن 3- 4 گە قەدەر داۋاملاشقان بۇ ئۇچۇرۇشۇشتا ئۆمەك باشلىقى ئەخمەت ئىگەمبەردى ئالدى بىلەن مۇھاجىرلار مىنىستىرى فىلىپ رودوكسقا يېقىندا ئاۋىستىرالىيە ئىشىگى ئالدىدا ـ بالىدا يۈز بەرگەن پاجىئەدە 200گە يېقىن ياش ئاۋىستىرالىيەلىكلەرنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، بۇ پاجىئەدە ئاۋىستىرالىيەنىڭ ماددى، مەنىۋى جەھەتلەردىن زور چىقىملارغا ئۇچرىغانلىقىنى ئەسلەپ، تېرورىستلارنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرىنى قاتتىق ئەيىپلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇنىڭ بىلەن يەنە 20- ئوكتەبىردە ـ ئاۋىستىرالىيە دۆلەت ماتەم كۈنى سىدنېيدىكى شەرقى تۈركىستان جامائەتچىلىكىنىڭ پاجىئەدە قازاغا ئۇچرىغان قۇربانلارغا ئالاھىدە تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ پاجىئە قۇربانلىرى ئائىلە تۋاباتلىرىدىن، ئاۋىستىرالىيە خەلقىدىن، ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىدىن ئالاھىدە ھال سوراپ، چوڭقۇر تەزىيەدە بولغانلىقىنى يەتكۈزدى.

ئۇندىن كېيىن ئەخمەت ئىگەمبەردى شەرقى تۈركىستان، ئۇيغۇرلار ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ، 1949- يىلىدىن كېيىنكى كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتىدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلى 11- سىنتەبىر ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن تېررورىست

پاجىئەسىدىن كېيىن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارلىق تېررورېزىمغا قارشى ئىتتىپاقىنىڭ ئاۋانگاردى بولۇۋېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان مۇستەقىللىق ئۈچۈن تىنىچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھەم ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش قانۇنى كۆرەشلىرىنى تېررورېزىمغا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن قاتتىق باستۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەملى پاكىتلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

ئۇ يەنە بۇ ئەھۋاللارنىڭ ئۇيغۇرىستان ئىچى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تېررور سىياستى تۇپەيلى ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوشنا ئەللەرگە قېچىپ چىققان ياكى شۇ ئەللەردە ياشاۋاتقان بەزى ئۇيغۇرلاردىنمۇ قوشنا مەملىكەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقىنى ھەم شۇ قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭمۇ ھاياتىنىڭ خەتەر ئاستىدا قالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئاۋىستىرالىيەدە سىياسى باشپانالىق تەلەپ قىلىپ قالغانلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىنىڭ ئاۋىستىرالىيەگە كېلىپ، ئائىلىلىرىنىڭ جەم بولىشىغا ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇندىن باشقا، ئاۋىستىرالىيەدىكى ختاي كونسۇلخانىلىرىدا ختاي دۆلەت ئىشلىرى كابىنىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان "شەرقى تۈركىستان تېررورېست كۈچلىرى جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!" نامىلىق كىتاپچە تارقىتىپ، ئۇيغۇرلارنى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا ئەيىپلەپ، ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ختاي ئاھالىلىرى ئىچىدە ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرىنى قوزغاۋاتقانلىقىنى ئېنىق پاكىتلار بىلەن كۆرسەتتى.

سوھبەتنىڭ ئاخىرىدا شەرقى تۈركىستان ئۆمىكى يوقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارغا مۇۋاپىق تەلەپلەر قويۇپ، ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندىكى ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىشىنى ئىلتىماس قىلدى.

مۇھاجىرلار مىنىستىرى رودوكس جاناپلىرى شەرقى تۈركىستان ئۆمىكىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىنى ئالاھىدە قىزىقىپ ئاڭلاپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەككە كۆپ رەھمەت ئېيتتى.

ئۇچۇرۇشۇش تاماملانغاندا ئەخمەت ئىگەمبەردى شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى نامىدىن فىلىپ رودوكسقا يېزىلغان خەت ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت ماتىرىياللارنى تاپشۇردى.

شەرقى تۈركىستان ئۈمىگى رودوكس فىلىپقا ئۇيغۇر دوپپىسى تەغدىم قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشتى. ئۇچۇرۇشۇشقا قاتناشقان ئادۋوكات لىببىي خورگاس خېنىم شەرقى تۈركىستان ھەم ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ھەقتە مۇھاجىرلار مىنىستىرىنى قوشۇمچە ماتىرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، مۇھاجىرلار مىنىستىرىغا ئۇ، مېنىڭ بىلىشىمچە: "كېيىنكى بىر قانچە يىللاردىنبۇيان شەرقى تۈركىستان خەلقى قاتتىق ئازاپلارغا دۇچار بولدى. ئۆتكەن بىر يىل ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ سانى كۆپەيدى. خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئار تەشكىلاتلار قولغا ئېلىش، تۈرمىگە قاماش، ئۇيغۇرلارغا قىلىنىۋاتقان زورلۇقلارنى ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق ئەيىپلەۋاتىدۇ. بۈگۈن كىچىككىنە ئۇيغۇر ئۈمىگى بۇ مەسىلىنى ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتى دىققىتىگە ھاۋالە قىلدى. بىز كەلەجەكتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاۋىستىرالىيە خەلقى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ تېخىمۇ كۆپىرەك چۈشۈنۈپ يېتىشىنى ئۈمىت قىلىمىز"، دېدى.

2002- يىلى، 6- نويابىر. لىۋېرپۇل ـ سىدنېي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بېيجىڭنىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان دىني سىياستى

2003- يىلى 5- ئاينىڭ 26- كۈنى خىتاينىڭ دۆلەت ئىشلىرىكابىنىتى ئاتالمىش "شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى" نامىدا 2- قېتىملىق ئاق تاشلىق كىتاپ ئېلان قىلدى.

بۇ كىتاپنىڭ سۇيۇملۇك ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان ئاتالمىش (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) نىڭ تارىخى ۋە هازىرقى ئەهۋالىغا بېغىشلانغان بولۇپ، بېيجىڭ هۆكۈمىتى: "شىنجاڭ ئەزەلدىنلا جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىرقىسمى، ئۇيغۇرلار جۇڭخوا مىللىتىگە مەنسۇپ"... دەپ ئەبجەغى چىققان كونا بىمەنە سەپسەتەسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. هەممىگە مەلۇمكى؛ ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ مىللى دۆلەت قۇرۇش ئەنئەنىسىنى تاكى كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى 1949- يىلى ئوكتەبىردە شەرقى تۈركىستاننى قانۇنسىز بېسىپ ئالغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا زور تۆهپىلەر قوشقان مەدىنى مىللەتلەرنىڭ بىرى، بۇ بىر تارىخى ھەقىقەت! بۇ ئۆزىمىزنىڭ هەم دۇنيانىڭ نوپۇزلۇق تارىخ شۇناس ۋە پەن ئالىملىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان.

بېيجىڭ هۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك هەم باسقۇنچىلىق سىياستىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۆكتەملىك بىلەن تارىخنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىپ، پاكىتلارنى بورمىلاپ يازغان بۇ يالغان مۇستەملىكىچىلىك سىياسى تارىخنى خەلقىمىز ئاللىقاچان رەت قىلىپ تاشلىغان هەم جاۋاپ بىرىشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ!

كىتاپنىڭ 2- قىسمى - ئاتالمىش "شىنجاڭ تەرەققىياتى" دىگەن قىسمىدا بېيجىڭ هۆكۈمىتى 50 يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان مىللى ئاسسىمىلاتسىيە ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىقنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېررورلۇق سىياستىنى پەدەزلەپ، ئاتالمىش "ئازاتلىق" تىن كېيىن "شىنجاڭ (شەرقى تركىستان) خەلقى كوممۇنىست پارتىيە مىللى سىياستىنىڭ رەهبەرلىكىدە ئەركىن ئازات بولۇپ، سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدىنى - مائارىپ ساهالىرىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپتۇمىش...، پارتىيەنىڭ دىنى ئەركىنلىك سىياستى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەر دىنى ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئىسلام دىنى

سوتسىيالىزىم ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ، زور مۇۋاپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ دىنى سىياستىدىن ئىنتايىن رازىمەند ئىمىش!... رىئاللىق راست شۇنداقمۇ؟ بىز بۇ مۇلاھىزىمىزدە بېيجىڭنىڭ شەرقى تۈركىستاندا ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈۋاتقان پەقەتلا دىنى سىياستىگىلا بىر نەزەر تاشلاپ باقايلى:

كۆپچىلىككە ئايانكى؛ دىن بىر خىل ئىجتىمائى ئىدىيالوگىيە بولۇپ، ئىلاھى كۈچكە ئىشىنىشكە ئاساسلانغان دۇنياغا قاراش ۋە تەسەۋۋۇرلاردۇر. شەرقى تۈركىستاندا ياشىغان خەلقلەر جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇ قىلىشتىن ئىلگىرى ھەرخىل دىنلارغا. شامان، زەردۇشت (ئاتەش پەرەستلىك) مانى، خىرىستىيان – نىستورىئان، بۇددا قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى.

10- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ساتۇق بۇغراخان سامانىلار پادشاھلىغىنىڭ شەھزادىسىنى ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ تىزنۇشتۇرۇشى ھەم تەشەببۇسى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مىلادى 920-يىلى ساتۇق بىۇغراخان ئوغۇلچاقنى يېڭىپ، شاھلىق تەختىگە چىققان ۋە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغان. ئاللاھنىڭ ۋەھىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە يەتكەن ئۇلۇغ كىتاۋىمىز قۇرئانى كەرىم ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنى ئاساس قىلغان ئىسلام دىنى 1,000 يىللاردىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى قەلبىدە بۇ دۇنيالىق ھەم ئۇ دۇنيالىق ئېھتىياجى ئۇچۇن روھى ئوزۇق سۈپىتىدە مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلىغىنى ساقلاشتىكى ئەڭ ئاساسى مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنىسىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھازىرقى جىسمانى ۋە روھى جەھەتتىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى قىياس قىلىش قېيىن، ھەر قانداق بىر ئىنسانىنىڭ ھيۋانلاردىن پەرقى – ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىشىدا. ئىنسان ئىكەن ئۇ دىنغا بولمىسا، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ ياكى ئۆزلىرى ئۇلۇغ بىلگەن شەيئىلەرگە چوقۇنىدۇ. دىنسىز ئاتېيىست كوممۇنىستلار بولسا، ئۆزلىرى ياساپ چىققان كوممۇنىست داھىلىرىغا ئىقتىدا قىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشى تەبىئى.

كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇت ئايىغى سۇيۇملۇك ۋەتىنىمىزنىڭ مۇبارەك تۇپرىغىغا تىگىشى بىلەن ئۇلار تىغ ئۇچىنى ئالدى بىلەن ئىمانىمىز ۋە غۇرۇرىمىزنىڭ ئاساسى بولغان دىنىمىزغا قاراتتى. دىنىي – خەلقىمىزنى

زەھەرلەيدىغان ئەپيون، خۇراپات، دەپ تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئاتېئىزىمغا، دىنسىزلىققا زورلىدى. بۇ قىلىنغان ھەم قىلىنىۋاتقان. ياۋۇزلۇقلارنىڭ بىرلا مەقسىتى بىزنى تارىخىمىز، تىلىمىز، مىللى مەدەنىيىتىمىز ۋە دىنىمىزدىن ئايرىپ تاشلاپ، ئىمانىمىز ۋە غۇرۇرىمىزنى پايمال قىلىپ، ئۇلۇغ ـ جۇڭخۇا مىللىتىگە قوشۇپ تاشلاپ، ئاخىرىدا ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۇچۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنى مەڭگۈ ئىشغال قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئالدى بىلەن سانسىزلىغان سىياسى ھەرىكەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، ئايىغى ئۈزۈلمىگەن جازا يۈرۈشلىرىنى تەشكىللەپ، مەسچىد ـ خانقا، مەدرىسە ـ دىنى مەكتەپلىرىمىزنى ئۇنىڭ ئىقتىسادى مەنبەئى بولغان ۋەخپىلەردىن مەھرۇم قىلىپ تارتىۋالدى. ئون مىڭلاپ مەسچىدلىرىمىزنى يىپىپ تاشلاپ ياكى چىقىپ تاشلاپ ۋەيران قىلدى. "پان ئىسلامىست"، "پان تۈركىست"، "دىنى ئەكسىيەتچى"، "مىللى بۆلگۈنچى" دىگەندەك سىياسى قالپاق ـ بەدناملار بىلەن ئاتالمىش ۋەتەنىنىڭ بىرلىگىنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى قوغداش ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ناملىرى بىلەن ئون مىڭلاپ دىنى ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىز، ياش تالىپلىرىمىز، ھەتتا، ئادەتتىكى مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنىغا قىلغان ئىتىقادلىرى ئۈچۈن جازا لاگىرلىرىغا ئېلىندى، تۈرمىلەرگە تاشلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

بولۇپمۇ، ئاتالمىش "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" دەۋرلىرىدە مۇسۇلمانلارنى ئۇلۇغ اللە غا تىل تەككۈزۈشكە زورلىدى. مەسچىدلەر، مەدرىسلەر، ئىبادەت ئورۇنلىرى چوشقا قوتانلىرىغا ئايلاندۇرۇلدى. 1980- يىللاردىن باشلاپ خەلقئاردا يېتىمسىرەپ، يالغۇز قالغان بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى شەرقى تۈركىستاندا قاتتىق نارازىلىق ۋە توقى لەنەتكە قالغانلىغىدىن تاكتىكىسىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىلغان بارلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى "4كىشىلىك گۇرۇھ" قا ئارتىپ، خەلقئاردىكى مۇسۇلمان مەملىكەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى ۋاقتىچە ئالداپ تىنچىتىش ئۈچۈن دىنى مەسىلىلەردە ئاز ـ تولا "يول قويۇش" سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ "يول قويۇش" بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنى ئىتقادى، ئىنسان ھەقلىرىگە كۆرسۈتۈلگەن ھۆرمەت، رەھنامالىق بولماستىن، يەنىلا بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ 2يۈزلىمىلىگىنى

كۆرستىدىغان ۋاقىتىچە ئاملار ئىدى. بۇ ساختا سىياسەتنىڭ بىر قانچە يىل يۈرگۈزۈلۈشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ئىمكانىيەتلىرىگە تايىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان دىنى ۋەمەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلاپ، بىر قىسىم كونا مەسچىدلەرنى رېمونت قىلىپ، يېڭى مەسچىدلەرنى سېلىپ، مەدرەسە ـ دىنى مەكتەپلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چەكلەنگەن دائىرىدە ھەجگە بېرىپ كېلىش، ئۆزىنىڭ يوقاتقان دىنى ۋە مەدەنى بايلىقلىرىنى ئىزدەشكە ۋە ئۆزىگە قايتىشقاباشلىۋېدى، رىياكەر ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان بېيجىڭ ھۆكۈمىتى چىدىمىدى ـ دە، دەرھال مۇستەملىكىچىلىك سىياستىنىڭپەردىسىنى ئۆزگەرتىپ، بىر تەرەپتىن خەلقئارنى ئالدىسا، 2- تەرەپتىن شەرقى تۈركىستان خەلقىنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇشقا كىرىشتى. 1990- يىلى 5- ئاپرىلدىكى "بارىن ئىنقىلاۋى"، 1995- يىلى 7- ئىيۇل "خوتەن ۋەقەسى" ۋە 1997- يىلى 5- 6- فېۋرال "غولجا قانلىق ۋەقەسى" دىن كېيىن، بولۇپمۇ، 2001- يىلى 11- سىنتەبىردە يۈزبەرگەن دەھشەتلىك پاجىئەدىن كېيىن ئامېرىكانىڭ دۇنيا يۈزلىك تېررورىزىمغا قارشى سېپىگە كىرىۋالغان بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئاخىرى ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان "3خىل قارا كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش" ھەرىكىتىنى ئىزچىل، پىلانلىق ھالدا قاتتىق قوللۇق بىلەن يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە "دىننى سوتسىيالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" دېگەن دىنىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان ئەسلىدە ئىسلام دىنىمىزغا قارشى ئاتېستلىق سىياسەتنى كۈچەپ يۈرگۈزۈپ، كۆپلىگەن مەسچىدلىرىمىزنى تاقىدى. قالدۇرغان مەسچىدلىرى بېيجىڭنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىدىغان، 5 ۋاقىت ناماز ئۇقۇشقا رۇخسەت قىلمايدىغان، پەقەتلا مىيت نامىزىنى ئۇقىيدىغان ھەم چەتئەللىك سەيياھلار ئۈچۈن كۆرگەزمە ھىساۋىدا كۆرستىلىدىغان ئورۇنلارغا ئايلاندۇرۇلدى. 4-3 يىلدىن بۇيان ئاتالمىش ئاپتونوم رايوندا مىڭلىغان دىنى زاتلارنى مەجبۇرى مەپكۇرە ئۆزگەرتىش كۇرۇسلىرىغا تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ "سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ"، ئۇلارغا مۇئاش بېرىپ، سوتسىيالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قەسەم قىلدۇرۇپ، بۇ مۇرتەد ئىماملار ئارقىلىق دىنىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئاياق ـ ئاستى قىلىپ، دىنى ئەركىنلىگىمىزنى قاتتىق باستۇرىۋاتىدۇ...

كادىر ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ناماز ئوقۇش قاتتىق چەكلەنگەندىن سىرت، شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبتىكى بەزى ناھىيلەرىدە مىللى قىياپەتتە كىيىنگەن ئۇيغۇرلاردىن گۇمانلىنىپ سوراق قىلىدىغان، بۇرۇت — ساقال قويغانلارنى "بۆلگۈنچى" دەپ ئاتاپ رەسمەن گۇمانلىنىدىغان، بەزى مەسچىدلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى ماۋزېدۇڭ، دېڭشياۋپىڭ ھەم جياڭزېمىنلەرنىڭ رەسىملىرى مەسچىدنىڭ مېھراپلىرى ئەتراپىدىكى تاملارغا ئېسىلىپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى شۇلارغا چوقۇنۇشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. قانداق قىلىپ بۇ شۇملۇق، ياۋۇزلۇقلارنى دىنى ئەركىنلىك دېگىلى بولسۇن؟! قانداق قىلىپ **1000** يىللاردىن ئوشۇق ۋاقىتلاردىن بۇيان ئۇرۇق ئەجداتلىرى ئۆز ۋەتەنلىرىدە ئىسلام دىنىغا ئەركىن — ئازادە ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ بۇ مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتلىرىدىن رازىمەن بولسۇن؟! بۇنىڭ ھەممىسى ئوچچىغا چىققان رىياكارلىق، ھەممىسى غەلەت.

دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك تەمىن ئېتىلگەن مەملىكەتلەردە دىنغا، مەيلى قايسى دىندا بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، ئىنساننىڭ مۇھىم روھى ئوزۇقلىرىدىن بىرى، دەپ قارايدۇ. ئاتىلار سۆزىدە: "بىرى خودادىن قورققاندىن قورق، ئىككىنجىسى خودادىن قورقمىغاندىن قورق" دېگىنىگە ئوخشاش، بۇ خودا گۇي، تەقۋا بولغان ئىنسانلار بارچە يامانلىقلارنى قىلىشتىن ئۇزاق بولۇپ، ئىنسانغا پائىدىلىق ئىش قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ جامائەتتە ئىچىدە ھۆرمەت ئىززەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن ھەممىسى ھېيىقىدۇ، دېگەن سۆز. ئەمدى 2- خىلدىكى ئىنسانلار خۇدادىن قورقمىغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى ھەممە يامان ئىشلارنى، بارچە ياۋۇزلۇقلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ، مۇنداق ئىنسانلاردىن ھەممىسى قورقىدۇ. بۇ نەق خىتاي كوممۇنىستلىرى تىپىدىكى ياۋۇز كىرەندىلەردۇر. شۇڭا بىز ياشاۋاتقان ئاۋىستىرالىيەدە بىرەر دىننىڭ مۇخلىسى بولغان ئىنسانىنى ئەدەپ — ئەخلاقى بار، نورمال بىر ئىنسان دەپ قانداق بولمىسۇن ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ. ھەتتا بىز ئاۋىستىرالىيە گىراژدانلىقىغا ئۆتۈشتە "قۇرئان"نى تۇتۇپ قەسەم بەردۇق. ئامېرىكىغا ئوخشاش مەملىكەتلەردە دۆلەت رەئىسلىرى پىرىزدېنتلىققا ئولتۇرۇشتىمۇ خىرىستىئانلارنىڭ ئىلاھى مىناۋى — "ئىنجىل" نى تۇتۇپ قەسەم بېرىدۇ ھەم دۆلەت رەئىسلىرى يەكشەنبە كۈنلىرى چىركوۋلارغا بېرىپ، خوداغا بولغان ئىشەنچىنى



www.uyghurkitap.com

بىلدۇرىدۇ. غەرپ مەملىكەتلىرى ۋە ئاۋىستىرالىيەدە، دىن دۆلەت سىياسىتىدىن ئايرىم بولسىمۇ، ھۆكۈمەت دىنغا، دىنى بايرام، دىنى پائالىيەتلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەسىلەن: (كىرىسمۇستىن ـ ھەزرىتى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ توغۇلغان كۈنى) 2 ـ 3 ئاي بۇرۇن بۇ ھەقتىكى تەييارلىقلار باشلىنىدۇ. رادىيو، تېلېۋىزور، گېزىت، كىتاپ، ژورناللاردا دىنى مەزمۇندىكى تەشۋىقاتلار كەڭ كۆلەمدە بېرىلىدۇ. شەھەرنىڭ ۋە يېزا ـ سەھرالارنىڭ كوچا ـ كويلىرى، سودا ئورۇنلىرى، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئورۇنلىرى ئالاھىدە بېزىلىپ، بايرام تۈسىگە كىرىدۇ. بۇ ۋاقىت نەق ئاۋىستىرالىيە مەكتەپلىرىنىڭ يازلىق تەتىلگە توغرى كەلگەچكە، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋاقىتلىرى ھېساپلىنىپ، بۇ ۋاقىتلاردا كىرىسمۇس ھاياجانلىرى ـ تەنتەنىلىرى ئۆزۈنغىچە داۋاملىشىدۇ...

ئاۋىستىرالىيەنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن مەيلى سىدنىي، مېلبورن ياكى ئادېلايدې شەھەرلىرىدە كوچىلاردا بىر ـ بىرىگە يانمۇ ـ يان، قەت كۆتۈرۈپ تۇرغان چېرۆۋ (چىركاۋ)، مەسچىد، بۇتخانە ۋە سىناگوكلارنى كۆرۈپ، بۇ ئىبادەت خانىلاردىن خوشال ـ خورام چىقىۋاتقان ھەرقايسى دىنلارنىڭ مۇرىتلىرىنى ئۇچىرىتىمىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئېتىقادلىرى ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلەشمەيدۇ، قايتا، بىر ـ بىرىگە ئىنسانى ھۆرمەتتە بولىدۇ. مۇنداق بىر ئىنسانى، دوستلۇق، بارابەرلىك مۇھىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاۋىستىرالىيەنىڭ بۈگۈنكى ئەركىن، دېموكراتىك، كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەتنى ئاساس قىلغان ئادىل سىياسىتى ئاساسى چوڭ رول ئوينايدۇ. ئاۋىستىرالىيدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار 1200 كىشى ئادېلايدې، ملبورن، سىدنىي، كۈينىسلاند ۋە پېرىس شەرھەرلىرىدە ياشايمىز، ھەر بىر شەھەرلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىدلىرى بولۇشتىن سىرىت، ۋەتەنداشلار كۆپ بولغان ئادېلايدې شەھرىدە 10 يىل بۇرۇن جەنۇبى ئاۋىستىرالىيە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى ۋە ۋەتەنداشلارنىڭ پىداكارلىقى بىلەن بىر مەسچىت سېتىپ ئېلىنغان ئىدى. بۇ مەسچىت مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چوڭ خىزمەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن تۆرت يىل بۇرۇن بىر ئۇيغۇر ئىمامىنى پاكىستاندىن كەلتۈردۇق، قۇربان، روزى ھېيتلىرىمىز ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ. بالىلىرىمىزنى دىنى كۇرۇسلارغا، ساياھەتلەرگە ئۇيۇشتۇرىمىز، چوڭلارنىڭ قۇرئان كۇرسلىرى بار قىسقىسى، بىز يىراق ئاۋىستىرالىيەدە ئۆزىمىزنىڭ توغۇلغان ئانا ۋەتىنىمىزدە ئاياق

www.uyghurkitap.com

ـ ئاستى قىلىنىۋاتقان، قاتتىق چەكلىنىۋاتقان تەۋەۋرۈك تىلىمىز، دىنىمىز، ھەم ئۆرپى ـ ئادەتلىرىمىزنى بەھوزۇر داۋاملاشتۇرىۋاتىمىز. مانا بۇ ھەقىقى دىنى ئەركىنلىك! ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ تارىخى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى شۇكى: مەلۇم دىنغا ۋە مىللەتكە قىلىنغان بىھۇدە دۈشمەنلىك ۋە ياۋۇزلۇقلار ئاخىرى ئۆز بېشىنى ئۆزى يېيىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئىنشائاللاھ!

2003 ـ يىلى، 13 ـ ئىيۇن. لىۋېرپۇل ـ سىدنىي

## ئۇلۇغ خەلقنىڭ بۈيۈك شائىرى

ھۆرمەتلىك مېھمانلار، قەدىرلىك يېغىن قاتناشچىلىرى، بۈگۈن بىز بۇ تەنتەنىلىك زالدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى ۋە پېشقەدەم ژورنالىستى دولقۇن ياسىنغا خەلقئارالىق نوبىل مۇكاپىتى ئالتۇن مېدالىنىڭ بېرىلگەنلىكىگە شاھىد بولۇپ ئولتۇرۇۋاتىمىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئۆز نامىم، ئايالىم خاسىيەت ھاجىم ھەم ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى نامىدىن بۈگۈنكى بۇ زور خۇشاللىققا ۋەسىلە بولغان ئاتاقلىق شائىرىمىزنى ئۇنىڭ بۇ زور مۇۋاپىقىيىتى بىلەن چىن دىلىمدىن تەبرىكلەيمەن.

ئۆزەڭلەرگە مەلۇمكى، بۇنىڭدىن 5 يىل بۇرۇن دولقۇن ياسىن ۋەتەن خەلقىمىزنىڭ ھەم كۆپ مىللەتلىك قازاقىستاننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھاسىدە كۆرسەتكەن ئۆنۈملۈك خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئامېرىكا كالىفورنىيە ئىشتاتىنىڭ خەلقئارلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئەمدى ئاكادېمىك شائىرىمىزنىڭ يەنىمۇ بىر پەللە ئۆرلەپ، خەلقئارلىق نوبىل مۇكاپىتىنىڭ ئالتۇن مېدالىغا ئىگە بولۇشى يالغۇز ئۆزىنىڭلا شان - شەرىپى بولۇپ قالماستىن ئۇنى تەربىيەلەپ ۋايىغا يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك مىللىتىمىزنىڭ، قازاقىستاننىڭ شان - شەرىپى ھەم شۇنىڭدەكلا ھەممىمىزنىڭ شان - شەرىپى. بىز دوستىمىزنىڭ مۇۋاپىقيەتلىرى بىلەن پەخىرلىنىمىز.

ۋەتىنى - خەلقى مۇستەملىكچىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدىن قۇتۇلالمىغان بىر مىللەت پەرزەنتىنىڭ خەلقئاردا مۇنچىلىك يۈكسەكلىكلەرگە كۆتۈرۈلۈپ، بۈگەنكىدەك زور ئاتاق - ئابرويغا ئىگە بولۇشى ئاسان ئەمەس. دولقۇن 1961- يىلى تاشكەنتتىكى ئوقۇشىنى توگىتىپ، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن خەلقىنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كۈيلىگەنلىكى، ئىنقىلاۋى پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىغى ئۈچۈن كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قاتتىق تەقىپلىرى، سۈرگۈنلىرى، دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقلىرىنىڭ تەمىنى يەتكۈچە تېتىغان ھەم ئۇنىڭغا "خىزىر يول بېرىپ" قازاقىستانغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئىسانى ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ۋەتەن - خەلقى ئۈچۈن 15 توپلام داستانلار، مىڭلاپ ھەر خىل ھەجىمدىكى

ماقالە ـ ئەسەرلەرنى يازغان يېتوك ئاتاقلىق لىرىك شائىر ھەم پىشقەدەم ئەدىپتۇر. ئاكادېمىك شائىر ئۆزىنىڭ 50 يىللىق ئىجادىيىتىدە جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساپالىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. ئەسەرلەر مەزمۇنىنىڭ بايلىقى، شەكلىنىڭ خىلمۇ ـ خىل رەڭدارلىقى، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن فىلاسوفىيەلىك پىكىرلەرنىڭ ئىنچام، چوڭقۇرلىقى، تىلىنىڭ ئويناق ـ جەزبىكارلىقى ئۇنىڭدىكى قايغۇ ـ مۇڭ، قايناق ھىسسىياتلار ھەم ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قويۇق پۇراقلىرى كىتاپخاننى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ.

دولقۇن يالغۇز شائىرلا بولۇپ قالماي، ۋەتەن ـ خەلقنىڭ ئازاپ ـ قايغۇ، دەرت ـ ئەلەم، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەملى ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدە خەلقى بىلەن بىرگە بولغان ئىنقىلاپچى شائىردۇر.

ھېلىمۇ ئېسىمدا: 61 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تاشكەنتتە ئۇقۇۋاتقان 33 ساۋاقدىشىمىز نامىدىن مەزلۇم خەلقىمىزنىڭ دەرت ـ ئەلىمىنى ئەرز قىلىپ خىروششوۋغا يېزىلغان "ئۈچۇق خەت" مەسىلىسىدە دولقۇن ئالاھىدە رول ئوينىغان ئىدى. 1964 ـ يىللاردىكى "4نى ئىنقلاش"، ئاتالمىش "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" نىڭ مەسىلە تاپشۇرۇشلىرىدا بىز ئىنقىلاۋى دوستلۇقلىرىمىزغا سادىق قېلىپ، بىر ـ بىرىمىزگە يالاچاپلاپ، بىر ـ بىرىمىزگە خوسۇمەت قىلىشنى رەت قىلىپ، ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەرگە تەييار تۇرغانلىغىمىزنى يېغىن ئەھلى كۆرۈپ، ھەيران قېلىشقان ئىدى. ئاخىرىدا شۇنى ئېيتماقچىمەنكى: ھەقىقى خەلق كۆپچىسى ھېچقاچان ياش چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان ئەمەس. دولقۇن بۇنىدىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز، ئەزىز خەلقىمىز ئۈچۈن يەنىمۇ كۆپ، ئاجايىپ گۈزەل ئەسەرلەرنى يارىتىدۇ، دەپ ئۈمىت قىلىمەن.

ئاخىرىدا دوستۇمغا ئاتىغان شېئىرىمنى ئوقۇپ ئۆتەي:

دولقۇنغا

(شائىر تەۋەللۇدىنىڭ 65 ـ يىلىغا بېغىشلايمەن)

ئىسمدا بار تېخىچە گۈزەل بوغدا[15] بويىدا،
سىنىپداش بوپ ياشلىقتا ئۆتتى ئەجەپ بىر زامان.
ۋەتەن دەردى، ئەل مېھرى ھەربىرىمىز ئويىدا،
لېكىن تەغدىر ئايرىدى، كەتتۇق بىزلەر ھەرتامان.

ئۆتقا كىرسەك تەك كىردۇق، قالدۇق سادىق دائىمان،
گۈزەل ئەنھار بويىدا بەرگەن ئوتلۇق قەسەمگە.
دەشت ـ چۆللەرگە پالاندۇق، ئەرشكە يەتتى ئاھ ـ پىغان،
ھېچ ئۈمىتسىز بولمىدۇق باسسا تاغدەك ئەلەملەر...

بەختىڭ ئۈچكەن، تاغ ئاتلاپ، يانا ئالدىڭ قەلەمنى،
قەلىمىڭدە كۆيلىدىڭ ئەل دەردىنى ـ غېمىنى.
داڭقىڭ كەتتى ئالەمگە، ئىجادىڭدىن ئەل رازى،
"ئاپىرىن!" دەپ قۇتلايدۇ سەندەك مەردان ئوغلىنى.

يەنا بۈگۈن كۆرۈشتۇق ئالاتاۋ[16]نىڭ باغرىدا...
ئاتمىش بەشلىك تويۇڭغا نەسىپ بولدى بۇ پۇرسەت.
ئىجادىڭدىن گۈل تىزدىم يۇرت ـ جامائەت ئالدىدا،
تۇتتۇم دوستۇم سوغامنى، مەنىسى زور، قوبۇل ئەت!

بوسوغامدا مۇجەسسەم چىن دوستلۇقنىڭ قامۇسى،
يېرىم ئەسىر ئۆتكىلى ـ داۋانلارنى مات قىلغان.
بۇ قامۇستا بىر مەسلەك ـ ئەلنىڭ دەردى، نامۇسى،
دۈشمەن يىغلاپ، دوست كۈلۈپ، ھە بىزنىمۇ شاد قىلغان.

---

[15] بوغدا ئۈرۈمچىنىڭ شىرقىدىكى ـ تەڭرى تېغىنىڭ چوققىلىرىدىن بىرى.
[16] ئالمۇتىدىكى تاغ

ئۆكتىئان ئاتلاپ ئېپ كەلدىم ئۆتكەن ياشلىق تېگنىنى،
شۇ ئۆمرىمىز بېغىدا قايتا كۆلسۇن نەۋباھار.
سېنىڭ كۆيۈك ـ سادايىڭ ئەل ئارزۇسى ـ ئارمىنى،
قېرىمايدۇ ئەبەتكە ئېلى سۆيگەن ئىجادكار.

2003- يىلى، 6- ئۆكتەبىر، ئالمۇتا - قازاقىستان

شائىرئەخمەت ئىگەمبەردى ـ ئىجادىنىڭ بۇ تەبرىك سۆزى 2003- يىلى 11- ئۆكتەبىر قازاقىستاننىڭ جەنۇبى پايتەختى ئالمۇتا شەھەرىنىڭ ئابدۇللا ئەخمەت ئوغلى روزى باقىيېۋ نامىدىكى ئۇيغۇر گىمنازىيەسىدە ئاتاقلىق شائىر دولقۇن ياسىن تەۋەللۇدىنىڭ 65- يىللىقى نىشانلىنىپ، شۇ يىغىندا شائىرغا خەلقئار نوبىل مۇكاپاتىنىڭ ئالتۇن يۇلتۇز مىدالى تاپشۇرۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلەنگەن.

2003- يىلى، 11- ئۆكتەبىر، ئالمۇتا ـ قازاقىستان

## ئوتتورا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئۇيغۇرلارغا يۈز كېلەلەرمۇ؟

يېقىندا ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى ئەپەندى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مەزگىل زىيارەتتە بولدى بۇ قېتىم سەپىرىدە ئىستانبۇلدىكى "ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى"نىڭ ئىختىيارى مۇخبىرى نازۇگۇم ئۇنى زىيارەت قىلىپ، "ئورتا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئۇيغۇرغا يۈز كېلەلەرمۇ؟" دىگەن تېمىدا سۆھبەت ئېلىپ بارغان، تۆۋەندە بۇ زىيارەتنىڭ ئەمىلى ئەھۋالىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز:

مۇخبىر: ھۆرمەتلىك ئەخمەت ئىگەمبەردى ئەپەندى، بۇ يىل خىتاي باشچىلىغىدىكى شاڭخەي 5ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئۆز ـ ئارا بىرلىشىپ ئۇيغۇرنىڭ يۈرىگىنى بەكراق مۇجىغان بىر يىل بولدى. مەسىلەن؛ خىتاي رەئىسى خوجىنتاۋقازاقىستاندا زىيارەتتە بولۇپ، ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشتى. شاڭخەي 5نىڭ قىرغىزىستاندىكى قوماندانلىق شتاۋىنى تاشكەنتكە يۆتكىدى ۋە ئۆز ئارا بىرلىشىپ ئىلى ۋىلايىتى چېگىرىسى ئىچىدە ھەربى مانىۋىر ئېلىپ باردى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ خىل ئەھۋاللار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ۋەتەندىكىلەرگە ئوخشاشلا راھەتسىزلەندۈردى. سىز ئوتتۇرا ئاسىيادا زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا شۇنىڭدەك سىياسى ھاياتىدا نىمىلەرنى سېزدىڭىز؟

ئەخمەت ئىگەمبەردى: شۇنداق؛ بۇ يىل ئۇيغۇرلار ئەڭ ئېغىر سىياسى قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بىر يىل بولدى. بۇ ئەلۋەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ۋە شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇنۇتۇلغۇسىز بىر تارىخ بولۇپ قالغۇسى..

بولۇپمۇ خىتايىنى قوللاۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا بولغان بېسىمى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ كىتىۋاتىدۇ. مەن شۇنىڭغا شاھىد بولدۇمكى؛ ئالمۇتىدا نەشىر قىلىنىۋاتقان كاتتىنىت، ۋېرىمىيە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش گېزىت، ژورنال ۋە رادىئو ـ تېلىۋىزىيەلەردە دائىما ئۇيغۇر تېررورىستلىرى دىگەن بەدنامىنى ئاڭلاش مۇمكىن، مەسىلەن؛ ۋېرىمىيە گېزىتىنىڭ

مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا ئېلان قىلغان "شىنجاڭ خىتاينىڭ چەچەنىيەسى" دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىسىنى ئالساق ياكى بولمىسا كانتىننىت ژورنىلىنىڭ 7 - ئايدىكى سانلىرىدا بولسۇن ۋە ياكى مۇسكوۋادا نەشر قىلىنغان كامسومۇلسكا پىراۋدانىڭ ئاۋغۇست ئايلىرىدىكى سانلىرىدا بولسۇن، شۇنداقلا قىرغىزىستاندا چىقىۋاتقان بەزى گېزىت، ژورناللاردا بولسۇن، ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر قىسىم شەخسلەر ئۇيغۇر تېررورېستلىرى دېگەن بەدنامىنى خىتاي بىلەن تولۇشۇپ بىرىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە سىياسى ھاياتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتمەي تۇرالمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى 1996- يىل ئاپرېلدا شاڭخەي 5 ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى قۇرغاندىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ھەربى جەھەتتىكى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا ئاز - تولا مەنپەئەت بىرىش بەدىلىگە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ سىياسى پىروگراممىسىغا كىرگۈزىۋالدى. شۇ سەۋەپتىن ھازىر ئۇيغۇر خەلقى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش ھۆكۈمەتلەرنىڭ سىياسى ئىقتىسادى بېسىملىرىغا ئۇچرىماقتا. بىز بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن شۇنداق قارايمىزكى: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كېلىۋاتقان بۇ ۋاپاسىزلىق بىزنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ.

مۇخبىر: ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولۇپمۇ قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا چىقىۋاتقان گېزىت ژورناللارنىڭ تەلەپپۇزى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەلەپپۇزىغا كۆندىن ـ كۈنگە ئوخشاپ كىتىۋاتىدۇ. مەسىلەن: بېيجىڭ ھۆكۈمىتى خىتايغا ئاساسى خەۋپ شىنجاڭدىكى مىللى بۆلگۈنچىلەردىن كېلىدۇ ـ دىسە، قازاق، قىرغىز قېرىنداشلىرىمىز قازاقىستان، قىرغىزىستانغا ئاساسى خەۋپ ئۇيغۇر تېررورېستلىرىدىن كېلىدۇ ـ دەپ ۋاقىرىۋاتىدۇ. سىزنىڭچە، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ بىپايان زېمىندە ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن ئىناق ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى ئەجەبا بۈگەنكى كۈنگە كەلگەندە راستىنلا بۇ زېمىندىكى "خەۋپلىك" مىللەت بولۇپ قالغانمىدۇ؟

ئەخمەت ئىگەمبەردى: ئۇيغۇر خەلقىنى يەنە بىر ئەفسۇسلاندۇرىۋاتقان ئىش شۇكى؛ بېيجىڭدە جاڭزېمىن بىلەن خوجىنتاۋ نىمە دىسە بىشكەك ۋە ئاستانىدىكى ئەمەلدارلار خۇددى تۇتى قۇشىدەك شۇگەپنى تەكرارلاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلدىرىشىچە

ئۇيغۇر تېررورىستلىرى قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزۈۋېتىپتىمىش، بۇ پۈتۈنلەي ئەخمەقانە سەپسەتە، تۈخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش. مەن بۇ مەسىلىگە قارىتا شۇنداق ئېيتىمەنكى: بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇرلار 1991- يىلى سوۋېت ئىمپېرىيەسى غۇلىغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىزدىن ناھايىتى چوڭ ئۈمىتلەرنى كۈتكەن ئىدۇق، بۇندىن 70 يىل ئىلگىرى بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز ۋە ئۆزبېكلەر بىر مىللەت ئىدۇق؛ تىلىمىز بىر ئىدى؛ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز بىر ئىدى. لېكىن سوۋېت ئىمپېرىيەسىنىڭ 70 يىللىق دىكتاتورىسى بىز ـ بىر خەلقلەرنى پارچە ـ پارچىغا بۆلدى. سۈنئىي يىزسۇندا چېگرالار ئاجراتتى، بۆلۈپ تاشلىدى. قەلبىمىزنى بۆلدى؛ ئىمانىمىزنى بۆلدى؛ غۇرۇرىمىزنى بۆلدى؛ بىر مىللەتنى بىر قانچە مىللەتلەرگە پارچىلىدى. مانا ھازىر سۈنئىي يىزسۇندا چېگرالار بار؛ تىللىرىمىز سۈنئىي يوسۇندا باشقىچە بىردىيالېكتلار بىلەن بوزۇلماقتا. بۇ رۇس پادىشاھى كوممۇنىست ختاي كەڭەيمىچىلىرىنىڭ دېيىغا ئۇسۇل ئويناشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مۇخبىر: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر بولسۇن ۋەياكى تۈركىيە تۈركلىرى بولسۇن ھەممىمىز بىر تۈرك مىللىتى قان ـ قېرىنداشلاردۇرمىز، بۇ بىر ھەقىقەت تۇرۇقلۇق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. تۈركىيەدە ختايدەك بىرەر يات مىللەت ئۇيغۇرنى بىلىپ بىلمەي تېررورىست دەپ سالىدىكەن تۈركلەر ئۇنىڭ ئاغزىنى قانىتىدۇ. ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەر ئۆز قېرىندىشىنى ئۆزى تېررورىست دەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ كوممۇنىست رېجىمىنىڭ 70 يىللىق ئاسارىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋىتىمۇ ـ قانداق؟

ئەخمەت ئىگەمبەردى: شۇنداق؛ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىدە ئاسمان زېمىن پەرق بار، بۇنداق بولىشىدىكى سەۋەپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىز رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ 70 يىل يۈرگۈزگەن كوممۇنىست رېجىمىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ ئىمانىنى، غۇرۇرىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە مەدىنىيەت ئەنئەنىلىرىنى يوقاتقانلىقىدىن ـ دەپ قارايمەن. ئەمما شەرقى تۈركىستاندىن نەچچە مىڭ كىلومىتىر يىراقلىقتىكى تۈركىيەدە ئەھۋال باشقىچە، گەرچە تۈرك ھۆكۈمىتىدىمۇ

www.uyghurkitap.com

ەزى چاغلاردا ئۆز مىللى مەنپەئەتىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان ئەھۋاللار ولسىمۇ، لېكىن خەلق ئىچىدە بىز ئۆز ۋەتىنىمىزدە ياشىغاندەك ياشايمىز. مەن ۈركىيەگە كۆپ قېتىم كەلدىم تۈركلەر بىزنى ئاتا تۈركىمىز، قان – قېرىنداشىمىز، ىزنىڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ ئەھۋال، ئەفسۇسكى، وتتۇرا ئاسىيادا يوق. تۈركىيەدە بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسى سەۋەپ شۇكى: ۇستافا كامال ئاتاتۈرك باشچىلىقىدا **1923**- يىلى قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى اشقى دۇنيادىكى تۈرك مىللەتلىرىنى ئۆز قان قېرىنداشلىرى قاتارىدا كۆرۈش :ەيدىغان بىر سىياسى پىروگراممىنى قوروپ چىققان ئىدى. بۇ پىروگراما ئىنشا الله ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنى ئۆز قېرىندىشىمىز دەپ قاراش ھەم ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. بىز تۈركىيەنىڭ نەرىگە بارمايلى، قانداق تۈركلەر بىلەن ئۇچىراشمايلى، شەرقى تۈركىستاندىن كەلدىم دىگەندىن كېيىنلا دەرھال، "سەن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز بىز ساڭا ياردەم قىلىشىمىز لازىم سەن خىتاينىڭ ئاسارىتىدە قالدىڭ" – دەيدۇ. ئۇلار بىزنىڭ دەردىمىزنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەمما بىز بىلەن چېگىرداش بولغان ئالماتا، بىشكەك بۇ يەردىكى سوغاق مۇئامىلىدىن ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ئۇيغۇر دىيىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىپ تۇرماقتا. بۇ يەنىلا سوۋېت ئىمپىرىيەسىنىڭ **70** يىللىق تەسىرىدىن ۋە دۇنيا خوجايىنلىغىنى تالىشىۋاتقان خىتاي ئىمپىرىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان تەسىرىنىڭ ئېشىۋاتقانلىغىدىن ئىبارەت، دەپ قارايمەن.

مۇخبىر: ئەگەر ئۇيغۇرلار دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەرلىغى بىلەن ئۆز مۇستەقىللىغىغا ئېرىشىپ قالسا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلارغا يۈز كىلەلەرمۇ؟

ئەخمەت ئىگەمبەردى: سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىز ياخشى سوئال بولدى، بىزنىڭ ئارزۇ – ئارمانلىرىمىز مۇستەقىللىق – ئەركىنلىك بولسىمۇ، لېكىن ۋاقتىنچە بۇ نىمەتتىن چەتتە تۇرىۋاتىمىز. بىز نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مەدىنىيەتلىك مىللەتمىز، بىز دۆلەتچىلىكنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن، دۇنيادا ياۋرو - ئاسيادا ئۇلۇغ سەلتەنەتلىك سۇلالىلەرنى، خانلىقلارنى قۇرغان دۇنيا مەدىنىيىتىگە ئۇلۇغ ئالىملارنى، شائىرلارنى، تارىخچىلەرنى، تىلچىلەرنى يەتكۈزگەن ئۇلۇغ مىللەتمىز، شۇڭلىغا ئىشىنىمەنكى؛ بىزنىڭ مۇستەقىللىغىمىز مۇقەررەر، بۇ مەسىلە پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت، دەپ قارايمەن. ئەنە شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇ كى، ئۇ

چاغلاردا قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ھۆكۈمەتلىرى بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە قىلغان ئەتكەنلىرى ئۈچۈن بىزگە نېمە دەپ چۈشەنچە بېرەركىن؟ ئۇيغۇرلارنىڭ مەيلى سوۋېت دەۋرىدە بولسۇن مەيلى ھازىرقى دەۋردە بولسۇن ھېچقاچان بۇ رېسپوپلىكىلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدىنى تورمۇشلىرىغا زىيان يەتكۈزگەن يېرى يوق. ئەكسىچە تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىنشا الله تارىخ ھەمان ئۆز يەكۈنىنى چىقىرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى يادلايدىغان كۈنلەر ھامان كېلىدۇ. تارىختا ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ قان ياشلىرى ۋە بەدىنى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى خىتاي ۋە باشقا ھۆكۈمرانلارىدىن قوغداپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقىنى تېررورىست دېگەن ھەرقانداق كىشى ۋە دۆلەت كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلارغا يۈز كېلەلمەيدۇ.

مۇخبىر: رەھمەت سىزگە.

ئەخمەت ئىگەمبەردى: سىزگىمۇ رەھمەت!

**2003- يىلى، ئۆكتەبىر. ئىستانبۇل ـ تۈركىيە**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاۋستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ باياناتى

2003- يىلى 15- دىكابىر كۈنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىگى بىرتۈركۈم شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى "تېررورىست تەشكىلاتلار" ۋە بىر قىسىم شەرقى تۈركىستانلىقلارنى ھەم "تېررورىست" دەپ ئېلان قىلدى.

بۇ قېتىمقى شەرقى تۈركىستان تېررورىست تەشكىلاتلىرىنىڭ تىزىملىگىدە "شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى" ، "شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى" "دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتايى" ۋە "شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى" ھەم تېررورىستلار تىزىملىگىگە ھەسەن مەخسۇم، مەمتىمىن ھەزرەت، دولقۇن ئەيسا ۋە ئابدۇلجېلىل قاراقاش قاتارلىق 11 كىشى كىرگۈزىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن تېررورىزىمغا قارشى كۈرەشتە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى مەنبەلىرىنى توختىتىپ، تەشكىلاتلارنى چەكلەپ، شەرقى تۈركىستان تېررورىستلىرىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاۋستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان مىڭدىن ئوشۇق شەرقى تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالەتەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يولسىز تۆھمەتلىرىنى قاتتىق رەت قىلىپ ھەم لەنەتلەپ، تۆۋەندىكىدەك باياناتنى ئېلان قىلدى:

ھەممىگە مەلۇمكى 1949- يىلى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاننى زورلۇق بىلەن بېسىۋالغان 50 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىرقى قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىملاتسىيەنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېررور سىياسىتى تۈپەيلى شەرقى تۈركىستاننىڭ قانۇنى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار ۋەتىنى مۇنقەرىز بولۇپ، ئۆزلىرى قۇللارغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر خەلقى سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، قانۇنى، دىنى، مەدىنى — مائارىپ ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالدى. ئۆز ئىنسانى ھوقۇقلىرى ئۈچۈن كۈرەشكەن مىليونلىغان ئەركىنلىك چەمپىلىرى، زىيالىلار، دىنى ئالىملار،

ۋەتەنپەرۋەر ئىشچى ـ دېھقان، ئوقۇغۇچىلار ئۆلتۈرۈلدى، تۈرمىلەرگە تاشلاندى، قاتتىق جازالاندى. بېيجىڭنىڭ فاشىستىك دىكتاتورىسى تۈپەيلى ـ يۈز مىڭلاپ شەرقى تۈركىستانلىقلار ئۆز ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ، چەت مەملىكەتلەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قالدى. بولۇپمۇ، **2001**- يىلى **11**- سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزىنى بوياپ، تېررورىزىمغا قارشى ئاۋانگارد قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش ھىلىسىنى قوللىنىپ، خەلقئاردا فاشىست دىكتاتورلارنى قوللاپ ـ قۇۋەتلەپ، ئۇلارغا ئاشكارا ھەم مەخپى ئاممۇۋى قىرغىنچىلىق قوراللىرىنى بېرىپ، دۇنيا تېنچلىقىغا بىۋاسىتە تەھدىت سالسا، مەملىكەت ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا قاتتىق باستۇرۇش سىياسىتىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە تېررورىست، دىنى ئەكسىيەتچى ھەم بۆلگۈنچى دىگەندەك بەدناملارنى چاپلاپ، ئۇنلاپ ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنمىڭلىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى يېڭىدىن تۈرمىگە تاشلىدى. مىڭلاپ گۇناھسىز جانلار ئىزسىز يوقالدى. ئۇيغۇر خەلقىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن جازا يۈرۈشلىرىنى يۈرگۈزىۋاتقان بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قولىدا تۇمۇر سۇنۇغى بولمىغان "ئۇيغۇر تېررورىستلىرىنىڭ" قاتتىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانمىش، شۇنىڭ ئۇچۇن پۈتۈن دۇنيا مەملىكەتلىرى بېيجىڭگە ياردەم قىلىشى كېرەك، دەپ دۇنياغا داتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەدىسىلا ئاقتاشلىق كىتاپلارنى، يالغان ھۆججەت، ئەنزىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالدىماقچى بولىۋاتىدۇ.

**15**- دىكابىردا ئىراقلىق دىكتاتور سادام ھۈسەيىننىڭ قولغا چۈشىشى بىلەن تېررورىزىمغا قارشى ھەرىكەت يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. دەل شۇ كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى سادامنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا كۈننىڭ ئۆز بېشىغا كېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دۇنيا سىياسى سەھنىسىگە قەدەم تاشلىغان شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ خەلقئار ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، دۇنيا خەلقىگە يامان كۆرسۈتۈپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاردا تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن "شەرقى تۈركىستان تېررورىستلىرى" تىزىملىكىنى ئالدىراپ ـ سالدىراپ قەپەزدىن چىقىرىۋىدى؛.. ئىش ئويلىغان يەردىن چىقمىدى ـ دە، ئۆزى رەسۋا بولدى. ئەركىن دۇنيا مەملىكەتلىرى، دۇنيا ئىنسان ھوقۇقى تەشكىلاتلىرى

خەلقئارلىق كەچۈرۈم تەشكىلاتلىرى، دۇنيادىكى بىر قىسىم ئادالەتپەرۋەر ئەرباپلار بېيجىڭنىڭ بۇ سۇئىقەستىنى ياخشى بىلگەچكە زۇلۇم ئاستىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە تىگىشلىك رەددىيەلىرىنى بېرىشتى. بولۇپمۇ ئا. ق. ش تاشقى ئىشلا مىنىستىرلىگى باياناتچىسى ر. بولچېرنىڭ 17- دېكابىردا (چارشەنبە) مەتبۇئات كونفىرانسىيەسىدە: "ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ب. د. ت، شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتىدىن پەقەت بىرىنى شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى" نىلا تېررورېستلىق تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزدى" دىگەن سۆزى بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھىلە – مىكىرلىرىنى بىت – چىت قىلىپ تاشلىدى. ئەسلىدە يۇقىرىدا ئىسمى ئاتىلىپ تېررورېست دىگەن تەشكىلات ھەم شەخىسلەر يەنىلا كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياستىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلىدۇر. ئەگەر ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل، خەلقىمىز ئەركىن – ئازات ياشاش ئىمكانىيتىگە ئىگە بولغان بولسا ئىدى، تۇغۇلغان ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ، چەتئەللەرگە چىقىشنىڭ، ئۇ يەردە تەشكىلات قۇرۇشنىڭ ھىچ ھاجىتى يوق ئىدى. بېيجىڭنىڭ بومبا پارتلاتتى، قاتىللىق قىلدى، تېررورېستلىق قىلدى، ئوت ياقتى، زەھەر تاشلىدى، تالىبانغا قاتناشتى دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزى بىر قوللۇق توقۇپ چىققان يالغان ئەنزە، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى قىلىۋاتقان سىياسى ئويۇنلىرى ... بۇ ئويۇننىڭ تېخى داۋامى بار.

ئەمدى، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتايى ۋە ئۇنىڭ سابىق رەئىسى دولقۇن ئەيسا، شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىيە مەركزى رەئىسى ئابدۇلجېلىل قاراقاشلار گىرمانىيە ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ ئەنگە ئالغان قانۇنلۇق تەشكىلات ھەم قانۇنلۇق شەخىسلەر، ئۇلار دۇنياجامائەتچىلىكىنى شەرقى تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ھەقىقى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن قىلغان خالىس خىزمەتلىرىنى ھۆرمەتلەپ، مۇكاپاتلىشى كېرەك!

بىز – ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيتى شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىغى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىنلىگى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئاممۇۋى

تەشكىلات بولۇشى سۈپىتىمىز بىلەن ئامېرىكا باشچىلىغىدىكى، ھۆر دۇنيانى، ھەق – ئادالەت، دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىدىغان تەشكىلاتلارنى، ئادالەت پەرۋەر ئىنسانلارنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش كۆرىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، ئەركىن – ئازات شەرقى تۈركىستانىنىڭ دۇنياغا كىلىشىگە ماددى ۋە مەنىۋى ياردەمدە بولۇشىنى سورايمىز. دېموكراتىيەنى ئاساس قىلغان شەرقى تۈركىستان بىلەن دۇنيا خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتى بىر. شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى دۇنيا تىنچلىغى ۋە ئامانلىغىغا زور تۆھپە قوشىدۇ.

ئاخىرىدا، خەلقئاردا پائالىيەت يۈرگۈزىۋاتقان شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا سۇغاق قانلىق بىلەن شۇنى مۇراجىئەت قىلىمىز كى: بېيجىڭنىڭ ئاتالمىش "تېرروررېستلىق تىزىملىگى ھەق – ئادالەت، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنى ھىچقاچان قورقۇتالمايدۇ. بىزنىڭ كۈرەش مۇساپىمىزنىڭ مەنزىلى ئۇزۇن، ئەگىر – توقاي، ئالدىمىزدا تالاي قىيىنچىلىقلار تۇرۇپتۇ. ھۇشيارلىغىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، ئىتتىپاقىمىزنى مۇستەھكەملەپ، بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھىلە – مىكىرلىرىنى پاش قىلىپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى!

ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى

**2003- يىلى، 18- دىكابىر، لىۋېرپۇل – سىدنېي**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس مەسىلىسى ھەققىدە مۇلاھىزە

بۇ يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىكى ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ خەۋىرىدە ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت يىغىنىدا: "ئۇيغۇر رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى پەقەتلا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى كونترول قىلىشقىلا قاراتماستىن، خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت جىنسى كىسەللىكلىرىنى كونترول قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك، دېگەن ئۇيغۇر ئىسمى بار، ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايدىغان خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى — شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ خىتاي ئەمەلدارىنىڭ بۇ سۆزى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى دەرھال ئۆزىگە تارتتى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس مەسىلىسى ئۆتكەندىكى ۋە ھازىرقى بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى ئۆزىگە تارتىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قانۇنى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنى يوقۇتۇش نىشانى قىلىپ كەلگەن، شۇنداقلا يوق بولۇش گىرداۋىغا چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى ھايات — ماماتلىق كۈرىشىنى ئاساس قىلغان ئەڭ سەزگۈر مەسىلە، ئەفسۇسكى؛ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى نوپۇس مەسىلىسىنى توغرى ھەل قىلىپ، نوپۇسنى ئىنقىلاپ كۈرۈشنىڭ ئورنىغا نوپۇس مەسىلىسىدە ھەرتۈرلۈك ھىلە — نەيرەڭ، ئىنتايىن قەبىھ غەرەزلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاسسىملاتسىيە ۋە ئىرقىي قىرغىنلىقنى ئاساس قىلغان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى غالچىرلارچە داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.

ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇسىنى بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى ھازىر تەكىتلەۋاتقاندەك 18 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي كۆچمەنلىرىمۇ بار) ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 8 مىليون ئەتراپىدا ئەمەس. بۇنىڭدىن بىر قانچە ھەسسە كۆپ بولىشى كېرەك.

بۇ مەسىلىدە بىز مەتبۇئات يۈزىدە رەسمەن ئېلان قىلىنغان ئىستاتىستىكا ۋە ھۆججەتلەرگە ئازراقلا دىققەت قىلىدىغان بولساق، بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نوپۇس

ھەققىدىكى كۆرسەتكەن بۇ سانلىرىنىڭ نەقەدەر يالغان، نەقەدەر غەرەزلىك ھىلە ـ نەيرەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالالايمىز.

بۇنىڭدىن 70 يىللار ئىلگىرى قەشقەردىكى ۋالى ئىسلام تەرىپىدىن چىقىرىلغان: "تۈركىستان شەرقىيەنىڭ 20 مىليون دەرتمەن ئاھالىسى"غا قارىتىلىپ، ۋالى يۇنىس ھاجى ھەم مۇئاۋىنى سوجىڭ شىۋەلەرنىڭ ئىمزا تامغىلىرى بېسىلغان باياناتىدا مىللىتىمىز سانىنى 20 مىليون دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرىنىڭ 5- تومى "تىبەتكە يۈرۈش قىلغان ئارمىيەگە بۇيرۇقىدا" شىنجاڭدا 9 مىليون يەرلىك خەلق ياشايدۇ، دەپ يازغان ئىدى.

1982- يىلى، "گۇيجۇ كەچلىك گېزىتى" دە ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى 10 مىليونغا يېقىن دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ خەۋەر "ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى" دە تەرجىمە قىلىپ بېرىلدى. كېيىن بۇ "مەخپىيەتنى" ئاشكارا قىلغىنى ئۈچۈن ھەر ئىككى گېزىتنىڭ مەسئۇللىرى جاۋابكارلىققا تۇرتىلدى.

1991- يىلى شەرقى تۈركىستان ئۇنىۋېرسىتىسى ئەدەبىيات پاكۇلتېتى پىروففېسورى، خىتاي دۆلەتلىك سىياسى كېڭەش ھەيئەت ئەزاسى، نوپۇس شۇناس، يازغۇچى تۇرسۇن قۇربان خىتايچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بىر كىتاپنى تەھرىرلەش خىزمىتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. بۇ كىتاپ پۈتۈن شەرقى تۈركىستان يېزا ـ كەنتلىرىنىڭ تەزكىرە توپلىمى بولۇپ، كىتاپنى تەھرىرلەش جەريانىدا بۇ سانلارنى قوشۇپ چىقىپ، پەقەتلا يېزىلاردىكى ئۇيغۇلارنىڭ 13 مىليوندىن ئوشۇقلىغىنى بىلىپ، بۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلىپ، قىسمەن زىيالىلارغىمۇ ئاشكارا سۆزلىگەن. شۇ كۈندىن تارتىپ خىتايچە كىتاپ پىچەتلەنگەن ھەم ئۇيغۇرچىسى يېغىپ ئېلىنغان، كېيىن تويۇقسىزلا تۇرسۇن قۇربانىنى دۆلەتنىڭ سىياسى مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقى، ئوقۇتقۇچى، پىروفسورلۇغى ۋە بارلىق خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئۇنىۋېرستېت كۇتۇپخانىسىدا تازىلىق ئىشچىلىغىغا بەلگۈلەنگەن.

مەن 1949- يىلدا 2- دارىمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا پەقەت قەشقەر ۋىلايىتىنىڭلا ئاھالىسى 1,6 مىليون دەپ دەرسلەردە ئوقۇغىنىم ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ. ئەمدى دۇنيا نوپۇس شۇناسلىرىنىڭ كۆز قارىشىدا نوپۇس 25 يىلدا بىر ھەسسە كۆپىيىدۇ، ئەشۇ ئاساستا ھىساپلايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ سانى

بىيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى كۆرسىتىۋاتقان ساندىن بىر نەچچە ھەسسە كۆپ. شەرقى تۈركىستاننىڭ نوپۇس مەسىلىسى ھازىرغىچە مۇنازىرەلىك مەسىلە بولۇپ، ھەقىقى نوپۇس سانى ئېلان قىلىنغىنى يوق. مۇستەقىل مەنبەلەرگە قارىغاندا، شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسسانى 25 مىليوندىن 35 مىليونغىچە، 1759- يىلىدىكى 1- قېتىملىق مانچۇ ــ خىتاي ئىستىلاسى، 1876- يىلىدىكى 2- قېتىملىق مانجۇ ــ خىتاي ئىستىلاسى، بولۇپمۇ، 1949- يىلىدىكى كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىق ۋە ئاسىملاتسىيە سىياسىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېررۇر سىياسىتىدىن كېيىن مىللىتىمىز دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇمۇمى قەتلىئام، "كۆچ- كۆچ" قىرغىنچىلىق، خىتايلار ئۆز قولىدا ياساپ چىقارغان سۈنئى ئاپەت ھەم ئىجتىمائى بالايى ــ قازالاردا 10 مىليونلاپ خەلقىمىزنىڭ قىرىلىپ، مىللىتىمىز مىسلىسىز چوڭ تالاپەتلەرگە ئۇچراپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانلىقى راست، بۇ بىر پاكىت!

كوممۇنىست خىتايلارنىڭ جوت ئايىغى سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزگە تېگىشى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدىنى، دىنى، قانۇنى ھوقۇقلىرى مەجبۇرى تارتىۋېلىنىپ، مىللىتىمىز قۇل، گاداي ھەم قاششاق، قالاق نادان ھەم جاھالەتتە قالدۇردى.

ئۇنى ئاز دىگەندەك، خەلقىمىزگە قارشى ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، تۈگىمەس جازا يۈرۈشلىرى، سىياسى ھەرىكەتلەرنى مەجبۇرى ئېلىپ بېرىپ، مىللىتىمىزنى دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئىزچىل، سىستىمالىق تۈردە ھەرخىل قىرىپ يوقىتىش سىياسەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بىيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ بۇ ساھادىكى ئىرقى قىرغىنچىلىقىنىڭ ئۇسۇل، چارىلىرىنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇ جىنايى قىلمىشلارنىڭ قەبىھلىكى ۋە كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن، بۇ ساھادە گىتلەر، مۇسسولىنى ۋە ياپون فاشىتلىرى بىيجىڭ دۆلەت تېررورلىرىنىڭ ئالدىدا سۇ قويۇپ بىرەلمەيدۇ.

ئاتالمىش شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قورچاق رەئىسى بۇرھان شەھىدىنىڭ ئىقرارىچە 1952- يىللا شەرقى تۈركىستاندا 120,000 زىيالى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇچۇق ئېلان قىلغان ئىقرارى ئىدى، خالاس.

بۈرۈن شەرقى تۈركىستاننى ئىستىلا قىلغان مانجۇ گېنېراللىرى: "مەن دەپ بېشىنى كۆتۈرگەن ئۇيغۇرنىڭ بىرىنى قويمىدىم" دەپ مىليونلاپ ئۇيغۇرلارنى قىرىپ، بېيجىڭدىكى خانلىرىنى خوش قىلغان بولسا، بۈگۈن بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستاندا 2 مىليون مۇنتىزىم خىتاي ئارمىسى، 3 مىليوندىن ئوشۇق بىڭتۈەن، دەپ ئاتالغان زالىم بۇلاڭچىلار قوشۇنى، شەھەر يېزىلارنى قاپلاپ كەتكەن ساقچى، جاسۇسلار ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن قانلىق قىرغىن يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. ھەتتا ئىنسانلار روھى – جىسمانى كىسەللىكلىرىنى ساقايتىشقا ياردەم بېرىدۇ، ئىنسان پەرۋەرلىك قىلىدۇ، دەپ قارىلىدىغان "ئاق خالاتلىق دوختۇرلار" قولىدىكى ئوپېراتسىيە پىچاقلىرىدا مىليونلىغان شەرقى تۈركىستانلىق بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈپ، جۇڭخۇانخەيدىكى خوجايىنلىرىدىن مۇكاپات ئېلىۋاتىدۇ. 1975- يىلدىن باشلانغان بۇ ئاتالمىش "تۇغۇتنى كونترول قىلىش" سىياستى تۈپەيلى مىليونلىغان بوۋاقلار نابۇت قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەگى تۇغماس قىلىندى. مىللىتىمىزنىڭ نوپۇس ئۆسۈشى توختاپ قېلىش ھالىتىغا كەلدى. تۇغۇت، تۇغۇت ئوپېراتسىيە جەريانلىرىدا تۇغۇت قازاسى بىلەن ئۆلىدىغان ئاياللىرىمىزنىڭ سانى ھەددى ھېساپسىز!... بۇ مەسىلىدە خىتاي بويىچە ئاتالمىش شىنجاڭ 2- ئورۇندا تورىدۇ.

64- يىلدىن باشلىنىپ، 46 قېتىم لوپنۇردا ئېلىپ بېرىلغان ئاتوم يادرو سىناقلىرىدا سۇ، ھاۋا، تۇپراق - پۈتۈن مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى بىلەن 260,000 شەرقى تۈركىستانلىقلار بۇ دەھشەتلىك قۇراللارنىڭ گۇناھسىز قوربانى بولدى.

ئەكسىچە، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا كىرگەن خىتاي كۆچمەنلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى باشقىچە. 50- يىللارنىڭ بېشىدا خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى سانى 300,000 ئەتراپىدا ئىدى. شەرقى تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركى خەلقلەر ئىدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي كۆچمەنلىرىنى مەجبۇرى تۈپان بالاسىدەك شەرقى تۈركىستانغا كۆچۈرۈشى شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسىنى قەستەن قويۇۋېتىشى نەتىجىسىدە، 50 يىلدىن بۇيان شەرقى تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگىنى خىتايلار تەشكىل قىلىۋاتىدۇ.

خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە 1كم مۇرەببە يېرىگە 200دىن ئوشۇق كىشى توغرى كەلگەن بولسا، يەر زېمىنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەگى تاغ – ئىدىرلار، چۆل – جەزىرەلەر تەشكىل قىلىدىغان شەرقى تۈركىستان زېمىنىدىكى ئادەملەرنىڭ زىچلىقى ئاللاقاچان خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى زىچلىقتىن ئېشىپ كەتتى. مۇستەملىكىچى بېيجىڭ دائىرىلىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ قانۇنى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلارنى ئازايتىپ يوقۇتۇش ھىساۋىدا شەرقى تۈركىستاندا خىتاي كۆچمەنلىرىنى غەرەزلىك كۆپەيتمەكتە، ھازىر ئاز دىگەندىمۇ پەقەت پويىز يولى بىلەنلا كۈنىگە 30,000 ئەتراپىدا خىتاي ئاققۇنلىرى ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. "ئەركىن ئاسيا راديوسى"نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا 2002- يىلىدا، 2 مىليون خىتاي كۆچمەنلىرى شەرقى تۈركىستانغا كىرىپ، بۇلاردىن بىر مىليونى شەرقى تۈركىستانغا ئورۇنلاشقان.

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ مەستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى 80 - يىللاردا قايتىدىن باشلاپ، "غەرپنى ئېچىش" "شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش" "شىنجاڭغا ياردەم بېرىش" دىگەندەك چىرايلىق شۇئارلار بىلەن پەدەزلەپ، خەلقئاردا ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ كۆزىنى بويىسا، ئۆز مۇستەملىكىسى بولغان شەرقى تۈركىستاندا نوپۇس سانىنى ھەرخىل نام، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئويناپ، شەرقى تۈركىستاندا خىتاي كۆچمەنلىرىنى تولدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇر دىيارىنى ھەقىقى خىتاي ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇشنى جىددىيلەشتۇرىۋەتتى.

لېكىن خەلقىمىز بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە قارشى ھەققانى كۆرىشىنى بىرەر كۈنمۇ توختىتىپ قويغىنى يوق. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى 1985 ۋە 1986- يىللاردىكى ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ دېموكراتىك نامايىشلارى، 1990- يىلى ئاپرېل "بارىن"، 1995- يىل 7- ئىيۇل خوتەن، 1997- يىلى 5- 6- فېۋراللاردا غولجىدا يۈزبەرگەن ئۇلۇغ ئىنقىلاپلاردا توغۇت ۋە نوپۇس مەسىلىسى شۇ بۈيۈك قوزغىلىشلارنىڭ 1- نومۇرلۇق ھەققانى تەلەپ، مۇھىم مەزمۇنى ھەم ئۇيۇتقۇسى بولغان ئىدى.

بېيجىڭ دۆلەت تېررۇر ھۆكۈمىتى خەلقىنىڭ تىنچ يوللار بىلەن ئىنسان كەبى ياشاش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلغان دېموكراتىك تەلەپلىرىنى قىلچە كۆز قىرىغا ئالماي، 2001- يىلى 11- سىنتەبىردە يۈز بەرگەن تېررورلۇق ۋەقەسىدىن كېيىن، دۇنيا

جامائەتچىلىگىنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئامېرىكا باشچىلىغىدىكى خەلقئارلىق تېررورىزىمغا قارشى سەپنىڭ ئاۋانگاردى بولۇۋېلىپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنى "دىنى رادىكال" "بولگۈنچى، تېرروريست" قاتارلىق بەدناملار بىلەن ھاقارەتلەپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت تېررور سىياستىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.

ئۆتكەن يىلى 15- دىكابىر كۈنى بېيجىڭنىڭ 4 تەشكىلاتىمىزنى ھەم 11 ئۇيغۇر مۇستەقىللىق جەڭچىلىرىمىزنى تېررورىستلار دەپ ئېلان قىلىشى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان مۇستەملىكچىلىك سىياستىنىڭ ھەقىقى ئەپتى بەشىرىسىنى ۋە ئۇنىڭ رەزىل سۇئىقەستلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى.

كۈننى ئىتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغاندەك، بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ تۆھمەت ـ بالغانلىرىغا دۇنيا جامائەتچىلىگى ئالدىنىپ قالغىنى يوق. خىتاينىڭ بۇ تۆھمەت ـ بۆھتانلىرىغا ئاۋاز قوشقىنى يوق! ئەكسىچە، بېيجىڭنىڭ 50 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان شەرقى تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەت تېررور سىياسەتلىرىنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرى ئارقىلىق دۇنيا دېموكراتىيىسى، تىنچلىغى ۋە بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور زىيان سېلىۋاتقانلىغىنى پاش قىلىۋاتىدۇ.

1- ئاينىڭ 4- كۈنى "ئەركىن ئاسيا رادئوسى" نىڭ ئىستانبۇلدىكى ئىختىيارى مۇخبىرى نازۇگۇم خەۋەر قىلغان تۈركىيەدىكى"5- ھەپتە" ژورنىلىدا يازغۇچى تاخا ئارسلاننىڭ : "شەرقى تۈركىستاندا خىتاي زۇلمى داۋام قىلماقتا" دىگەن چوڭ ھەجىملىك سىياسى مۇلاھىزىلىك ماقالىسى بۇ سۆزلىرىمىزنىڭ پولاتتەك ئىسپاتىدۇر.

20 گە يېقىن كىچىك ماۋزۇلاردىن تەركىپ تاپقان بۇ ماقالە تۈركىيە خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى زور غۇلغۇلارغا سەۋەپچى بولدى. "سۈرگۈننىڭ يەنە بىر ئىسمى قىرغىنچىلىق" دىگەن كىچىك ماۋزۇدا مۇئەللىپ بېيجىڭ دۆلەت تېررور سىياستىنىڭ ئون مىليونلىغان بىگۇناھ شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىغىنى ئېنىق سانلار بىلەن كۆرسىتىدۇ.

ئاپتورنىڭ يېزىشىچە: "شەرقى تۈركىستاندا 1949- 1952- يىلىغىچە ـ 280,000، 1952- 1957- يىلىغىچە3,509,000، 1958- يىلىدىن 1960 يىلىغىچە 6,700,000، 1961- يىلىدىن 1965- يىلىغىچە 13,900,000 ئىنسانىنى ھەرخىل يوللار بىلەن ئۆلتۈرگەن، قىرغان، بۇ ھەرگىز ئۇيدۇرۇلۇپ چىققان سانلار بولماستىن،

www.uyghurkitap.com

بىر چەتئەللىك ژورنالىستىنىڭ نۇرغۇن تەكشۈرۈش – ئىزدىنىشلاردىن كېيىن چىقارغان ئەمەلىي خۇلاسىدۇر. بۇ سانلارنى كۆرگەن، ئاڭلىغان، ھەرقانداق ئىنسان قاتتىق چۆچۈيدۇ. بىز ئۈچۈن بۇ سانلار ئىنتايىن قەرقۇنچلۇق ھەم بۇ فاجىئەلەرنى ئويلاش ئىنتايىن ئېغىر!.. بۇ زامانىمىزدىكى دېموكراتىك دۇنيا ھېچقاچان قوبۇل قىلالمايدىغان ئاچچىق ھەقىقەت، مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ فاجىئە، ئەفسۇسكى، بۇ دەھشەتلىك فاجىئەلەرگە خاتىمە بېرىلگىنى يوق.شەرقىي تۈركىستانىنىڭ پايانسىز تۇپراقلىرىدا ئون مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ كىشى كۆمۈلگەن مەخپىي قەتلىئام گۆداڭلىرى، ئازگاللار، نامسىز – مەخپىي قەۋرىستانلىقلار توشۇپ ياتىدۇ. شۇ يەردە ياتقان گۇناھسىز جانلار دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئەۋلاتلىرى ئەمەسمىدى؟ ئۇلار دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بىر پارچىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنى شەپقەتلىك تەڭرى دۇنيادىكى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۆز تۇپرىقىدا ھۆر، ئەركىن – ئازات ئاسايىشتا تۇرمۇش كەچۈر، ئۆز ھەققىڭنى باشقىلارغا بەرمە، كىشىنىڭ ھەققىگە دەخلى تەرۇز قىلما، سېنىڭمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ياشاش ھوقۇقىڭ بار" دەپ ياراتقان ئەمەسمىدى؟! بۇ فاجىئەلەر 21- ئەسىردىكى ئۇلۇغ سىۋىلىزاتسىيەنى ياراتقان ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك غۇرۇرىغا، ۋىجدانىغا قىلىنغان ياۋۇزلۇق، تاجاۋۇز ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا ھېچقاچان مۇتلەق مەخپىيلىك بولمايدۇ. بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاتالمىش "شىنجاڭ" نى ئاسماندا تور، يەردە قاپقانلىق ھالىتىغا كەلتۈرۈپ، يېرىم ئەسىردىن بۇيان قىلغان قاتىللىقلىرى "كۆزى ئېتىلىپ، ئاغزى بوغۇلغان" شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مەخپىي سىردەك تۇيۇلغان بىلەن، بۇ جىنايى قىلمىشلار پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە بارغانسىرى ئېنىق، ئاشكارا بولىۋاتىدۇ.

بۈگۈن ياۋروپانىڭ ئادىل سوتىدا ئاتالمىش يۇگوسلاۋىيەدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنى زار – زار قاخشىتىپ، يۈز مىڭلاپ ئىنسانلارنىڭ قېنىنى ئىچكەن زالىم دىكتاتور سېلوبودان مىلوسوۋېچنى قىلغان تېررورلۇقلىرى ئۈچۈن سوت قىلىنىۋاتىدۇ. مىڭلاپ ئادەم كۆمۈلگەن گوداڭلار، قانلىق تورمىلەر، جازا لاگېرلىرى ئارقا – ئارقىدىن ئېچىلىپ، زالىمنىڭ قىلمىشى دۇنيا خەلقىگە كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ.

ئىنشا الله، شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغان جاللات ۋاڭجېن، ۋاڭئېنماۋ، ۋاڭلېچۈەن ۋە ئۇلارنىڭ بېيجىڭدىكى خوجايىنلىرى

چوقوم ھەق ـ ئادالەت سوتىغا تارتىلىپ، مىلوسوۋىچتىنمۇ بەتەررەك رەسۋايى جاھان بولىدۇ. كوممۇنىزىمنىڭ ئاخىرقى جاھىل قورغىنى بېيجىڭنىڭ تەختى - بەختى توپراققا ئايلىنىدۇ. شۇ كۈن- توپراقلارئىچىدىن جىمى ئالەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، سۇمرۇغ تۇغۇلغىنىدەك، ئازات ـ ھۆر، دېموكراتىك شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەگە ئوخشاش خىتاي ئاسارىتىدىكى دۆلەتلەر دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچتى.

2004- يىلى، 1- ئاينىڭ 13- كۈنى. لىۋېرپۇل ـ سېدنېي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# زىيا سەمەدى ھەققىدە ئەسلىمىلەر
## (زىيا سەمەدى تەۋەللۇدىنىڭ 90- يىللىقى ئالدىدىن)

شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى الماي جەڭ قىلغان ئۇلۇغ مۇجاھىد، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدىبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، مەشھۇر يازغۇچى ۋە جامائەت ئەربابى زىياسەمەدى بۇ يىل 15- ئاپرىل كۈنى ھايات بولغان بولسا، 90 ياشقا تولغان بولاتتى.

زىيا سەمەدى – 1914 – يىلى، تالدىقورغان ۋىلايىتىنىڭ ياركەنت ناھىيىسى خۇنخەي يېزىسىدا تۇغۇلغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋى پائالىيەتلىرىنى غولجىدا 1934- يىلى مەدىنى – مائارىپ ئىشلىرىدىن باشلاپ، 1937- يىلى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىغى ۋە خەلقىنىڭ ئەركىنلىگى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋى پائالىيەتلىرى ئۈچۈن جاللات شىڭشىسەي تۈرمىسىگە تاشلىنىپ، 7 يىللىق ئېغىر تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. 1949- يىلىدىكى ئىنقىلاپنىڭ بېسىمى بىلەن تۈرمىدىن بوشىتىلىپ، ئىلىدا قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىدە مۇھىم خىزمەتلەردە بولغان.

زىياسەمەدى - ئەدىبىياتىمىز سېپىغا دراماتۇرگ سۈپىتىدە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۇنىلغان پىيەسلىرى ئىچىدە "قانلىق تاغ"، "زۇلۇمغا زاۋال"، "غېرىپ سەنەم" درامالىرى بىلەن 30- يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدىبىياتىغا ئۇنتۇلماس بىباھا بايلىق قوشقان.

زىيا سەمەدى، 1949- يىلىدىن 1961- يىلىغىچە شەرقى تۈركىستانىنىڭ مەدىنى – مائارىپ، ئەدىبىيات – سەنئەت، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەردە بولۇپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتلىرىگە قارشى قورقماي، دادىللىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، مىللى مەدىنى – مائارىپ، ئەدىبىيات – سەنئەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش، ئۇنى ساقلاش، مىللى يازغۇچى ۋە مەدەنىيەت خادىملىرىنى تەربىيەلەشكە ئەقىل – پاراستىنى، تەشكىلاتچىلىق ئىقتىدارىنى كەڭ جارى

قىلدۇردى ھەم بۇ ساھانى مىللىلەشتۈرۈشتە ۋە قوغداشتا خەلقىمىزگە زور خىزمەت كۆرسەتتى.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى جاللىتى ۋاڭئېنماۋنىڭ باشقۇرۇشىدا 1957- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 6 ئايغا سوزۇلغان، "يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۈرۈش ئومۇمى يىغىنىنى" ئېچىپ، ئابدۇرېھىم ئەيسا، زىياسەمەدى باشلىق شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مەنپەئەتىگە سادىق كەڭ كادىرلارنى يوقۇتۇتشقا قانلىق قولىنى ئۇزاتتى. مۇشۇنداق تەڭسىز ھايات ـ مامات كۆرىشىدە مىللىتىمىزنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك پەزىلىتى بىلەن قەھرىمان روھىنى ئىپا دىلىگەن بىزنىڭ بۈيۈك قەھرىمان مۇجاھىدىمىز خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاسىملاتسىيە ۋە ئىرقى قىرغىننچىلىق جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ، مىللى كادىرلىرىمىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق سىياسەتلىرىنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋاڭئېنماۋدەك بېيجىڭنىڭ زالىم، قېرى تۈلكىسىنى مات قىلغان ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، 1958- يىلى خىتاي مىللەتچىلىرى ئۇنى كۆزىگە قادالغان مىخ كۆرۈپ، "مىللەتچى" دەپ قارىلاپ، ئەمگەك لاگىرىغا سۈرگۈن قىلدى.

زىياسەمەدى 1961- يىلى ئائىلىسى بىلەن قازاقىستانغا چىقىپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ ئوي ـ پىكرى، پۈتۈن ۋۇجۇدى خىتاي كوممۇنىست زۇلمى ئاستىدا قالغان ۋەتەن خەلقىنى تەرك ئەتكىنى يوق. شۇڭا ئۇنىڭ "مايىمخان"، "يىللار سىررى"، "غېنى باتۇر"، "ئەخمەت ئەپەندى" قاتارلىق يىرىك رومانلىرى، "دەرتمەننىڭ زارى"، "بىرتال ياپىروس"، "ئۈرۈك گۈللىگەن چاغدا" قىسسىلىرى ۋە "لاشمان"، "ئىپارخان" پيەسلىرىنى شەرقى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئازاتلىغى ۋە ۋەتەن ئىستىقلالىگە بېغىشلىغىنى تەسادىپى ئەمەس. پۈتۈن ھاياتى بويىچە بىر قولىدا ئەلەم، بىر قولىدا قەلەم تۇتۇپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرخىل كۆرەش مەيدانلىرىدا دۈشمەننىڭ سۇئىقەست، ھىلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدانماي، ئۇنىڭ دەھشەتلىك ھەيۋىسىدىن قورقماي، ئېگىلمەس سۇنماس ئىرادە بىلەن ۋەتەن مىللەتكە باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل سادىق بولۇپ، يىراقنى كۆرگەن بۈيۈك مۇجاھىت، ئەللامە يازغۇچىمىز 90 ياشقا تولدى. بىز ئۇنىڭ 90 ياشقا كىرگەن مۇبارەك تويىنى

قوتلىغان چېغىمىزدا ئۇنىڭ مۇشەققەتلىك، پىداكارلىق روھىنى ئۇگىنىشىمىز ھەم ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئەملى ھاياتىمىزغىمۇ تەتبىق قىلىشىمىز، بىر ئېغىز سۆز بىلەن يىغىپ ئېيتقاندا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ۋەتەن خەلقىمىز ھەم سۆيۈملۈك يازغۇچىمىز بىزدىن رازى بولىدۇ.

1952- يىلى 6- ئاينىڭ ئاخىرى بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۈرۈمچى 2- دارىلمۇئەللىمىننىڭ 7- سىنىپىنى تۈگىتىپ، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۆزەم 3 يىل بۇرۇن ئوقۇپ چىققان ئۈرۈمچى غەربى ئۆستەڭ 2- باشلانغۇچ مەكتەپ (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5- باشلانغۇچ مەكتەپ) كە مۇئەللىم بولۇپ تەقسىملەنگەن ئىدىم. بۇ ۋاقىتلار بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەن دەسلەپكى يىللىرى بولۇپ، خىتايلار بۇ زېمىندىكى ئۆزىنىڭ ئاساسىنىڭ بوشلىقى سەۋەبىدىن ئىنتايىن ئېھتىياتچان سىياسەت يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر ئىدى، ئۇلار ھەدېسىلا سۆزلىرىنىڭ بىسمىللاسىدا "شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى 3ۋىلايەت ئىنقىلاۋى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خالىس ياردىمى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى دانا داھىمىز رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ توغرى رەھبەرلىكى بىلەن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولدى" دەپ شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ تۆھپىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قوياتتى. لېكىن ئۇلار سوتسىيالىزىم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، شەرقى تۈركىستان زېمىنىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركى خەلقلەرگە قارشى ھەرخىل ناملاردىكى جازا يۈرۈشلىرىنى ئالللىقاچانلا باشلاپ ئەتكەن ئىدى.

ئەمدى مائارىپ ساھاسىدىمۇ يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىۋېلىپ مەجبۇرى سىياسى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىلار چوڭ يىغىنى ئۈرۈمچى شىمالى دەرۋازىدىكى 1 - دارىلمۇئەللىمىننىڭ مەكتەپ مەيدانىدا 52- يىلى ئىيۇلنىڭ بېشىدا ئېچىلغان بولۇپ، زىيا ئەپەندىنى شۇ چوڭ يىغىندا 1- قېتىم كۆرگىنىم ئېسىمدە... مەكتەپ مەيدانىنىڭ شىمالى تەرىپىگە ۋاقىتلىق سەھنە ياسالغان. سەھنە تۆرىگە ماۋزېدۇڭنىڭ چوڭايتىلغان رەسمى ئېسىلغان ئىدى.

زىياسەمەدى باشلىق يىغىن رىياسەتچىلىرى سەھنىدىن ئورۇن ئالغان، يىغىن قاتناشچىلىرى ئولتۇرىدىغان مەيداندا ئورۇندۇق يوق، ھەممىمىز داق يەرگە

ئۆلتۇرغان ئىدۇق. يېغىن قاتناشچىلىرى بىر قانچە يۈز كىشىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇلار ئۈرۈمچى شەھرى ۋە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىن كەلگەن باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىملىرى ئىدى.بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، ئۆزبېكلەر ئىدى. خىتايلار بولسا ئازغىنا بولۇپ مەيداننىڭ بىرچېتىدە ئولتۇرۇشتى. يىغىن رەئىسىنىڭ سۆزىدىن كېيىنلا شۇ چاغدىكى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى زىياسەمەدى سۆزگە چىقىپ، باشتىن – ئاخىر ئۇيغۇرچە سۆزلىگەن، خىتايلار ئۈچۈن تەرجىمان ئىشلىتىلگەن، پەرزىمچە تېخى 40 ياشلارغا يەتمىگەن قەددى قامىتى كېلىشكەن، سۈمباتلىق ئۇيغۇرىيگىتى ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدىنى – مائارىپىنى رىۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە سۆزلەپ، ئوقۇتقۇچىلارنى بۇ شەرەپلىك ۋەزىپەنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا چاقىرىق قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان بىزلەرئىچىمىزدىن چىققان مۇنداق كېلىشكەن رەھبەرلىرىمىزدىن ئىنتايىن غۇرۇرلىنىپ، ئۆزىمىزنى پەخىرلىك ھىس قىلىشقان ئىدۇق. ئارىدىن ئۇزاق زامانلار ئۆتتى.

زىياسەمەدىنى 2- قېتىم ئارىدىن 40 يىل ئۆتۈپ، 1992- يىلى 12- ئايدا تۈركىيە ئىستانبۇل شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتايىدا كۆردۈم. بۇ قېتىم زىيا ئەپەندى ئالمۇتىدىن قۇرۇلتايغا ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئاردىكى مەشھۇر زاتلىرى سۈپىتىدە قاتنىشىپ، قۇرۇلتايدا ئىنتايىن مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ يېڭى بوغۇنلىرىغا ناھايىتى چوڭ ئىلھاملار بەرگەن ئىدى.

مېنىڭ 1998- يىلى ماينىڭ ئاخىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىمدە ئالمۇتىدىكى دوستۇم دولقۇن ياسىن ھەم ئۇنىڭ خانىمى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردۇق. بىزنى زىيا ئەپەندىنىڭ قىزى بىلقىز كۈتۈپ ئالدى. بىز ئۇنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ ھايال ئۆتمەي، بىزنىڭ ئاق ساقاللىمىز قەدەملىرىنى ئاستا بېسىپ كېلىپ بىزنى كۈتۈپ ئالدى. ئۇنىڭ قەددى يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا تىك، مەغرۇر ئىدى. ئۆزى ئورۇقلاپ، چاچلىرى شالاڭلاپ ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزلىرىدە ئۈمىت نۇرلىرى چاقنايتتى. مەن ئۇنى تىنتىك – تىمەن، خاتىرىسى شۇنچە ئېنىق، ھاياتتىن ئىنتايىن ئۈمىتۋار كۆردۈم. مەن دولقۇن بىلەن ئالدىن كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە، زىيا ئەپەندىنى ئاۋارە قىلماي، جىق بولسا يېرىم سائەتچە ئولتۇرۇپ قايتىشنى ئويلىغان

ئىدۇق. قىزى بىزگە ئۇستەل راستلاپ چاي بەردى. ئۇندىن كېيىن زىيا ئەپەندى ئۆزىنىڭ يىراق ئەسلىمىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى ۋەزىيىتى، ۋەتەن داۋاسى هەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ، 3 سائەتكە يېقىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇزىمۇ، بىزمۇ سەزمەي قاپتىمىز. ئۇ ۋەتىنىمىز هەققىدە توختۇلۇپ: داۋايىمىز ئۈچۈن ئەڭ مۇهىمى ئىتتىپاقلىق كېرەك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چوقۇم ئازات بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن هەممىمىزنىڭ بىرگە كۆرەش قىلىشىمىزنى تاپىلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە ياشانغان ۋە كېسەلچانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ هايات خاتىرلىرىنى بېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپتۇ. بىز قەدىرلىك يازغۇچىمىزغا جانابى الله دىن مۇستەهكەم سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە زور ئىجادى مۇۋاپپىقىيەتلەر تىلەپ خوشلاشقان ئىدۇق.

مەن ئايالىم بىلەن ئالمۇتىدىكى تۇققانلارنى، دوستلار هەم ۋەتەنداشلارنى يوقلاپ، ئۇلارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن 2003- يىلى 28- ئىيۇن كۈنى ئالمۇتىغا كەلدىم، مەن 2000- يىلى 20- نويابىر كۈنى سىدنېيدا چىغىمدىلا زىيا ئەپەندىنىڭ ۋاپات قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئوغلى دوستىمىز رىزا سەمەدى ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىغا تەزىيە نامىمۇ ئەۋەتكەن ئىدىم. ئالمۇتىغا بېرىپلا بۇ پىشقەدەم ئۇستازىمىزنىڭ قەۋرىسىنى يوقلاپ روھىنى خوش قىلارمەن، دىگەن ئويۇم بار ئىدى. بۈگۈن 9- ئىيۇل (چارشەنبە) ئالمۇتىدىكى بېيىمىز دىلمۇراد قوزىيېۋنىڭ 50 يىللىق تويىغا كەلگەن چەتئەللەردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر مېھمانلار، "دۇرۇجبا" مەهەللىسىدىكى يۇرت چوڭلىرى ۋە رىزا سەمەدىلەرنىڭ هەمرىلىقىدا "دۇرۇجبا" قەۋرىستالىقىدىكى زىيا ئەپەندىنىڭ توپراق بېشىغا كەلدۇق. قەۋرى ئۇستىگە تاشتىن سۇپا قىلىپ كۆتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزىلغا مايىل قەۋرى تېشى ئورنىتۇلۇپ، تاشنىڭ يۈزىگە زىيا سەمەدى دىگەن خەتلەر ئويۇپ يېزىلىپ، ئاستىغا پىشقەدەم ئۇستازنىڭ تەۋەللۇد تاپقان ۋە دۇنيادىن ئۆتكەن يىللىرى يېزىلىپتۇ. هەممىمىز قەۋرىگە قاراپ، سەپ تۈزۈپ، سۆكۈناتتا تۇردۇق، خىيالىم چاقماق تېزلىگىدە 50 يىللاردىن ئېشىپ ئۇنى 1- 2 – 3 – قېتىم كۆرۈشكەندىكى ئەهۋاللار كۆز ئالدىمدىن كىنو لىنتىلىرىدەك تېزلىپ ئۆتتى. مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە بۇ ئۇلۇغ زاتنى يەنە بىر قېتىم كۆرىمەن، دەپ ئويلىۋېدىم، لېكىن ئۇلۇم هاياتلىقتا ئەجىل. ئۇ كونىلار دىگەندەك. "ئۆلۈم قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا" دىگىنى راست. مېنىڭ

خىياللىرىمنى "ياسىن" سۈرىسىدىن ئوقۇلغان پارچە بولدى، خەتمە قۇرئاندىن كېيىن ھەممىمىز مەرھۇمغا دۇئا قىلدۇق. "ھەي ئىسىت!" دەيتتىم ئىچىمدە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىپ، زىندانلارغا بوي بەرمەي، ئىلقا تاغلىرىدا پارتلىغان ئىنقىلاپنىڭ ئوت ـ ئۇچقۇنلىرىدا ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى كۆتۈرۈپ ماناسقىچە بېرىپ، دىكتاتور ستالىنىنىڭ توسقۇنلىقى بىلەن ئۈرۈمچىگە غالىبىيەت تۇغىنى قادالماي، ئاخىرىدا، ماۋچى خىتايلار بىلەن تەڭسىز كۈرەش مەيدانلىرىدا تىغمۇ ـ تىغ كۈرەش قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن، ئىلاجىسىز ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ۋەتەن دەردى ـ مىللەت غېمىدە كۆيۈپ ـ پىشىپ ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يازغان ئۇلۇغ ئاكىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇقمۇ؟ "ياق، ياق!" ـ دەيتتى مېنىڭ يۈرۈگۈم. كۆز ئالدىمغا ئۇنىڭ يۈرەك قانلىرى بىلەن يېزىلىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشكەن قەھرىمان ئانىلىرىمىز مايىمخان ھەم ئىپارخانلار، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شەرقىي تۈركىستانغا يورۇق تاڭنى باشلاپ ۋەتەن ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىنى بەرگەن تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجى، سابىت داموللام، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە غىنى باتۇرلارغا ئوخشاش يۈزلەپ قەھرىمان ـ ئەزىمەتلەر كەلدى...

توغرا! مۇجاھىدىمىز، يازغۇچىمىز، ئۇستازىمىز ئۆلمىدى. ئۇ جىسمانەن بىزدىن ئايرىلغان بىلەن، ئۇنىڭ ياراتقان قەھرىمانلىرى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن بىرگە ياشاپ، بىزنى... ۋەتەن ئازاتلىقىغا مەڭگۈ ئۈندەيدۇ.

ھۆرمەتلىك ئۇستاز، قەۋرىڭىزدە تىنچ يېتىڭ، ئىنشا اللە، ئۆمۈر بويى كۆرشۈتۈپ، كۈتۈپ، كېچە ـ كۈندۈز زارىققان سۆيۈملۈك ۋەتەن ـ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىق تاڭلىرى پات ـ يېقىندا ئاتىدۇ!

2001- يىلى نويابىردا يېزىلغان،

2004- يىلى 17- يانۋاردا قايتا تۈزۈتۈلدى. لىۋېرپول ـ سىدنىي

# ئاۋىستىرالىيەدە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ كانادادا سىياسى پاناتىلىگەن ئۇيغۇر سېرىكچىلىرى ھەققىدىكى باياناتى

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" سېرىكچىلەر ئۆمىگى بۇ يىل 1- ئاينىڭ ئاخىرى كانادادىكى خىتاي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، خىتايلارنىڭ چاغان بايرىمىدىكى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، سېرىك ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىشكە كاناداغا كەلگەن ئىدى. بۇ ئۆمەكتىكى 13 كىشىنىڭ 5 ئەر 2ئايال جەمى 7 ئۇيغۇر سېرىكچىسى 2- فېۋرال ئوتتاۋا شەھرىدىن تورونتو شەھرىگە قايتىپ، تورونتودىكى كانادا مۇھاجىرلار ئىدارىسىدىن سىياسى باشپانالىق تەلەپ قىلدى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ مۇستەملىكىسى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئەمەلدارى ۋاڭلېچۈەن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك، ئۇياق – بۇياققا قاتراپ، ئۆزىنى تۇتالماي، چالۋاقاپ، ھەدىسىلا باياناتلار ئېلان قىلىپ، كانادا ھۆكۈمىتىدىن سېرىكچىلارنى قايتۇرۇشنى سوراپ: "بۇ ئىش سېرىكچىلارنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، چەتئەلدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئالدىشى بىلەن بولغان – ئەي، ئۇلارنى ئانا ۋەتەن، ئىناق ئائىلىلىرى كۈتىۋاتىدۇ – يەي، قايتىپ كەلسە، بۇرۇنقى ئىمتىيازلىرىدىن ئوخشاشلا مەنپەئەتدار بولىدۇ – يەي، دېگەندەك ۋەدىلەرنى قىلدى. بېيجىڭ ھۆكۈمانلىرى بىلەن ئۇنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈش ۋە بۈگۈنكى مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلار ياۋروپا ۋە دۇنيا ئاخباراتلىرىنىڭ قېزىق تېمىسىغا ئايلاندى. ھەتتا مەركەزى دۇنيادىن شۇنچە يىراقتا تۇرغان ئاۋىستىرالىيەنىڭ خىتاي گېزىتلىرىمۇ بۇ ھەقتە ئۆزمەي خەۋەر بېرىۋاتىدۇ.

ئەسلىدە خەلقئار قانۇن – نىزاملار بويىچە بىرەر مەملىكەتنىڭ گىراژدانىنىڭ كۆز قاراش، سىياسى، ئىجتىمائى ۋە باشقا سەۋەپلەردىن ئۆز مەملىكىتىدىن باشقا 2- بىرمەملىكەتكە سىياسى باشپانالىق تەلەپ قىلىشى شۇ شەخسنىڭ ئىنسانى ھەققى، بۇ بىر نورمال ئەھۋال. خىتاي ھۆكۈمىتى ب. د. ت نىڭ بۇ قانۇنى ھوقۇقلىرىغا قول قويغان، ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەللەردىكى خادىملىرى ۋە

ئۇقۇغۇچىلىرى مىڭلاپ چەتئەللەردە قېلىۋاتىدۇ. 89- يىلى 4- ئىيۇن بېيجىڭ قانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاينىڭ ئاۋىستىرالىيەدىكى 20 مىڭ ئوقۇغۇچىسى سىياسى باشپانالىق تەلەپ قىلىپ ئاۋىستىرالىيەدە قېلىپ قالدى. ھەتتا مۇشۇ ئۆتكەن 1- ئايدا خىزمەت بىلەن ياۋروپاغا چىققان 40 ئەتراپىدىكى خىتاي كاناداغا كېلىپ، باشپانالىق تەلەپ قىلىپ، كانادادا قېلىپ قالدى. بېيجىڭ دۆلەت تېررورىنىڭ 50 يىلدىن ئوشۇق قانلىق زۇلمىنى تارتىپ، ئۆز ۋەتىنىدە بارلىق ئىمكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ھايۋانلارچە ياشاۋاتقان، بېيجىڭنىڭ رەھىمسىز دىكتاتورلىرى بىلەن تىل، مەدىنىيەت، دىن، ئۆرپ - ئادەت ھەتتاكى چىرايلىرى ئوخشىمايدىغان بىچارە ئۇيغۇرلارنىڭ بېيجىڭ مۇستەملىكىچىلىك بويۇنتۇرۇقىدىن قوتۇلۇپ، ئەركىن نەپەس ئېلىشىغا ئەجەپلىنىدىغان يەنە بىر ئاساسمۇ بار؟ ئۇيغۇرلار ھىچقاچان خىتايلار بىلەن قوشكىندىك ئەمەس. گەپنىڭ ھەقىقىتى - بېيجىڭ قۇللىغىدىن قۇتۇلغان ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزىنى ئىنسان ھەم ھۆر - ئازات ھىساپلايدۇ.

ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ قۇللۇغىدىن قۇتۇلسا، زىيان تارتىپ يۇتتۇرۇپ قويىدىغان نەرسىسى يوق. ئۇلاردىن قۇتۇلسا، دۇنيادىكى ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ قەدىرلىك نەرسە - مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ. ئىنسان ئۇچۇن دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەختۇ - سائادەت، ئىزگۇ ئارمان بارمۇ؟!

بېيجىڭ ئۆزلىرىنىڭ خىتايلىرى چەتئەللەردە مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ قېلىۋاتسا گەپ يوق. 7 ئۇيغۇر كانادادا قېلىپ قالسا، ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر يېرىلىپ قىزىل قىيامەت بولامدىكەن؟ گەپنىڭ پوست كاللىسى - بۇ بېيجىڭ ۋە خەندارىن - ۋاڭلۇچۇەنىنىڭ ھۇشى كاللىسىنى يوقۇتۇپ، يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى بېيجىڭ دۆلەت تېررور سىياستىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوللىنىۋاتقان پەرقلىق، دۈشمەنلىك، غەرەزلىك سىياستىنىڭ ماھىيىتى، خالاس! بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بېشىغا كىلىدىغان بالا - قازالارنى باشقىلاردىن كۆرمەي، ئۆزىنىڭ زالىم خۇي - پەيلىدىن كۆرسۇن!

ھەممىگە مەلۇمكى؛ بېيجىڭ 1949- يىلىدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىگە قارشى ھەم باستۇرۇش ھەم ئالداش سىياستىنى قوللىنىپ، يالغاندىن مىللەتلەر ئىتتىپاقى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، سۇنئىي مىللەتلەر ئىتتىپاقى ئۈلگىلىرىنى ياساپ چىقىپ، شەرقى تۈركىستان خەلقى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالدىماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاندا - ساندا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىنى چىقىرىپ،

كونا جەندىسىنى بازارغا سېلىپمۇ باقىدۇ. بۇ قېتىم نەق شۇنداق قىلىۋېدى، ئاناالمىش بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقى كونا جەندىسىنىڭ مېزى چۈۋۈلۈپ، ھىلە ـ مىكىرىسى 7 نەپەر ئۇيغۇر سىرىكچىسىنىڭ ئاقلانە جەسۇر قارارىدىن رەسۋالىشىپ، پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا يۈزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتىدۇ...

بۇ 7 نەپەر ئۇيغۇر پەرزەنتى مۇنقەرىز بولغان ۋەتىنى ـ شەرقى تۈركىستان ھەم ئۇلارنى تەربىيەلىگەن مەزلۇم ئانىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىپ، يۈزىنى تۆكمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار بۇ قەھرىمان ئوغۇل ـ قىزلىرىغا تۆگۈمەس ئالقىشلىرىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا چىن يۈرەكلىرىدىن بارىكاللا ئېيتماقتا.

ئەشۇ 7 قەھرىمان ئوغۇل ـ قىزلىرىمىزنىڭ بۇ جەسۇر ۋەتەنپەرۋەر ھەرىكىتىدىن پۈتۈن دۇنيا شەرقى تۈركىستان ـ ئۇيغۇر داۋاسىدىن يەنە بىر قېتىم ئەتراپلىق، ئېنىق بىر دەرس ئالدى.

دۇنياغا داڭ كەتكەن ـ 7 ئۇيغۇر سىرىكچى دادىللىق بىلەن: "بىز خىتاي ھەكۈمىتىنىڭ قولىدا قورچاق رولىنى ئوينىدۇق. خىتاي ھۆكۈمىتى بىز ئازسانلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقى دېگەن يالغان غايىسىنى تەشۋىق قىلماقچى، بىز كىچىك بالا ئەمەس. ھېچكىمگە ئالدانغىنىمىز يوق. بىزگە بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرىدۇ. جازالايدۇ. بىز خىتايغا قايتساق جازالىنىمىز..." دەپ پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى يېقىندىلا شەرقى تۈركىستان ئېرۇرۇزچىلار تىزىملىكىنى ئېلان قىلىپ، ئوينىغان رەسۋا كومېدىيەسىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرمەي، بۇ 2- كومېدىيە دۇنيا سەھنىسىگە چىقتى. دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ھەقىقەتنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، بېيجىڭنىڭ ئىككى يۈزلىمە سىياسىتىدىن كۈلۈۋاتىدۇ.

2- ئاينىڭ 7- كۈنى (شەنبە) كاناداكى ئۇيغۇرلار بۇ 7 قېرىندىشىنىڭ جەسۇرانە ھەرىكىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپ، تورونتودىكى شىمالى يورك رېستورانىدا بۇ 7 ۋەتەندىشىنى گويا قەھرىمانلارنى كۈتكەندەك كۈتۈۋالدى. كانادا ھۆكۈمىتى بۇ سىياسى باشپاناھلىق تەلەپ قىلغان 7 ئۇيغۇرغا خەلقئارلىق ۋە كانادانىڭ قانۇنلىرى بويىچە ئىسسىق قوچىقىنى ئاچتى. بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولۇپ، 7سىرىكچىنىڭ

مۇھاجىرلىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىۋاتقان كانادا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى قىيىن ئەھۋالدا قالغان قېرىنداشلىرىغا جان تېنى بىلەن خەيرخاھلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئىنشا الله، ئىشىنىمىزكى؛سېرىق ئەژدىھارنىڭ ئاغىزىدىن قۇتۇلغان بۇ ئەزىمەتلەر قانۇنى كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، ھاياتى خەيرلىك بولغۇسى، پات ئارىدا ئائىلە تاۋاباتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئەركىن دۇنيادا يېڭىچە ھايات يولىنى باشلاپ، شەرقى تۈركىستان داۋاسىغا يېڭى تۆھپىلەر قوشقۇسى.

ئاخىرىدا، ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى ئاۋىستىرالىيەدىكى پۈتۈن ۋەتەنداشلارغا ۋاكالىتەن، 7 نەپەر قېرىندىشىمىزنىڭ يېڭىچە ھاياتىنى قىزغىن مۇبارەكلەيمىز، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىگە مەدھىيەلەر ئوقۇيمىز، كانادا ھۆكۈمىتىگە رەھمەت ئېيتىمىز. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىۋاتقان مۇستەملىكىچىلىك رەزىل قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەپ، ئۇنى قاتتىق رەت قىلىمىز، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ھۆر دۇنيا مەملىكەتلىرى ۋە دۇنيا جامائىتىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم كۆرسىتىپ، ئاسارەتتە قالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ئۈچۈن كۆرۈشىۋاتقان ھەققانى ھەرىكىتىنى قوللاپ ــ قۇۋۋەتلىشىنى سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن،

ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى

**2004**- يىلى، **11**- فېۋرال. لىۋېرپۇل ــ سىدنېي

www.uyghurkitap.com

# ۋەيران قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر مائارىپى

ئۆتكەن يىلى بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قاتتىق بۇيرۇغى بىلەن شەرقى تۈركىستاننىڭ ئالى مەكتەپلىرىدە ھەم باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ 3- سىنىپىدىن باشلاپ خىتايچە ئوقۇتۇش تۈزۈمى رەسمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان ئىدى. يېقىندا ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونى بويىچە 50 ئازسانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى خىتاي مەكتەپلىرىگە قوشىدىغانلىغىنى ئېلان قىلدى.

ئۈرۈمچى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ 23- فېۋرال (دۈشەنبە) كۈندىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ مەسىلىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىمىنى ئالاھىدە تىزلەتكەنلىگىنى تىلغا ئېلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 8 مىللى مەكتەپنىڭ خىتاي مەكتىۋىگە قوشۇۋېتىلىدىغانلىغى جەزىملەشتۈرۈلگەن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئەمدى ھازىر شەرقى تۈركىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇر ۋە مىللى مەكتەپلىرىنى خىتايلاشتۇرۇش قەدىمىنى ئىنتايىن تىز سۈرئەت بىلەن جىددىيلەشتۈرمەكتە.

رىياكار چوڭ مىللەتچى خىتاي كوممۇنىست باسقۇنچىلىرى شەرقى تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەت تېررور سىياسىتىنى پەدەزلەپ، قانداقتۇر بۇ مىللى مەكتەپلەرنى قوش تىللىققا ئۆزگەرتىش، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنى زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يېتەكلەش ئىمىش. ئۇلار كەمبەغەل رايونلاردىكى بۇ مىللى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى خىتاي مەكتەپلىرىگە قوشۇپ ئۇلارنى تەلەپكە لايىق، سۈپەتلىك مەكتەپلەرگە ئايلاندۇرماقچىمىش...

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدىكى سان – ساناقسىز گېزىت – ژورنال، رادىئو، تېلېۋىزىيەلىرىنىڭ يالغان – ياۋىداق،غەرەزلىك تەشۋىقاتلىرىنى تارقىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ۋە ئۆز خەلقىنى ئالدىغىنى ئاز دىگەندەك، چەتئەللەر ۋە ئاۋىستىرالىيەدىكى خىتاي گېزىتلىرىمۇ بېيجىڭنىڭ ئاسىملاتسىيە ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىغىنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېررور سىياسىتىگە دوست تارتىپ، گۆيپاڭچىلىق قىلىپ، ئاۋىستىرالىيە جامائەتچىلىگىنىڭ دىققەت ئېتىۋارىدىن خىتاي

ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىۋاتقان مىللى كەمسىتىش، قانلىق باستۇرۇشلىرىنى قاچۇرۇپ ھەم يوشۇرۇپ، قانداقتۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىۋاتقان مەدىنى ـ مائارىپ، ئىقتىسادى جەھەتلەردىكى غەمخورلىقلىرىنى ئالاھىدە كۆرسۈتۈشكە تىرىشماقتا.

سىبدىبىدا چىقىدىغان ئەڭ چوڭ خىتاي گېزىتلىرىدىن بىرى "شىكتاۋ" ئۆزىنىڭ بۇ يىل 23- فېۋرال (دۈشەنبە) كۈنىدىكى سانىنىڭ 5- بېتى "جۇڭگو جەمئىيىتى" ئاستىدىكى ئۇمۇمى خەۋەرلەردە "شىنجاڭ چارۋا رايونلىرىدا كىتاپ ئوقۇش ئاۋازى جارائلىماقتا" دىگەن بىر پارچە چوڭ رەسىملىك خەۋەر ئېلان قىلىندى. بۇ رەسىمدە شەرقى تۈركىستان چۆچەك چارۋا رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق قىز ـ ئوغۇللىرىنىڭ كىتاپ ئوقۇۋاتقان ھالىتى چۈشۈرۈلگەن، پەقەت رەسىمدىكى سىنىپ، سىنىپتىكى پارتىلار، باللارنىڭ كىيىم ـ كىچەكلىرى، ئۇلارنىڭ چىرايى شەكلى روھى ھالەتلىرىدىن كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى 50 يىلدىن ئوشوق ۋاقىتتىن بۇيان شەرقى تۈركىستانى ئىستىلا قىلىپ، ئۇنىڭ خەلقىنى ئىقتىسادى جەھەتتىن گاداي، سىياسى جەھەتتىن قۇل، ئىجتىمائى جەھەتتىن ھەممىدىن مەھرۇم، مەدىنى ـ مائارىپ جەھەتتىن نادان ـ قالاق، دىنى جەھەتتىن ئاخىسىز قالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. رەسىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە يەنە ئۆتكەن يىلى كۈزدىن باشلاپ ھۆكۈمەتنىڭ ھەر يىلى شىنجاڭنىڭ باشلانغۇچ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە 190 مىليون يۈەن ئاجراتقانلىقىنى ۋە بۇ پۇلنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى 9 يىللىق مەجبۇرى مائارىپنى ئاساس قىلغان 2 مىليوندىن ئوشوق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ماتىرىياللىرى ۋە قوشۇمچە خىراجەتلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ. دەپ ئىلاۋە قىلىنىپ، چوڭ- چوڭ قىلىپ خىتايچە خەتلەردە ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن.

بۇ گېزىتتىكى خەۋەرنى ئوقۇپ، 51- يىلى ئۆرۈمچى 2- دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىكى بىر مەسىلە ئېسىمگە كەلدى: شۇ يىلى بېيجىڭدىن كەلگەن خىتاي مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىنى بولغان خىتاي شىنجاڭنىڭ (شەرقى تۈركىستانىنى دىمەكچى) ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، سىياسى، مەدىنى- مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتلەردىن خىتاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدىن كۆپ ئالدىدا ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ماختاپ سۆزلىگىنى ئېسىمدە.ئۇ: "شىنجاڭ پەقەت مائارىپ جەھەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندىمۇ دوڭبېيدىن (مانجۇرىيە) قالسىلا جۇڭگو بويىچە 2- ئورۇندا تۇرىدۇ، سىلەردە ساۋاتسىز لارنىڭ سانىمۇ ئازازىلىق" دېگەن ئىدى.

شۇۋېنىست چوڭ مىللەتچى بېيجىڭ تېررور ھۆكۈمىتى 50 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان، شەرقى تۈركىستاندا مائارىپ جەھەتتىمۇ يوقۇتۇش، ئىرقى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئىستېمالىق، ئىزچىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مائارىپىنى بۇزغۇنچى خىتايلاشتۇرۇش، يوقۇلۇش ۋە ئاخىرىدا ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا ئېلىپ كەلدى. 50- يىللارنىڭ بېشىدا خىتاي بويىچە 2- ئورۇندا بولغان شەرقى تۈركىستان مائارىپى ئەكسىچە ئۆزگۈرۈپ، ئارقىدىن سانىغاندا 2- ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە ھازىر 20 مىليون ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپىرەگى ساۋاتسىز، ئۇيغۇرلار ئۆز مىللى مائارىپىدىن ئايرىلىپ قالدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرخىل نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، يالغانلاردىن مىللى مائارىپنى راۋاجلاندۇرىمىز، زامانىۋىلاشتۇرىمىز دېگىنى — خىتايلاشتۇرۇپ يوقىتىمىز! دېگىنىدىن ئىبارەت. بۇنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

2004- يىلى، 29- فېۋرال. لىۋېرپول ــ سىدنېي

## ئالىم ۋە شائىر تۇرغۇن ئالماس ھەققىدە مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم
### (ئالىم ۋە شائىر تەۋەللۇدىنىڭ 80 ـ يىللىقى ئالدىدا)

1953- يىل سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرى مەن ئەمدىلا شىنجاڭ (شەرقى تۈركىستان) ئېنىستۇتى تىل ـ ئەدىبىيەت فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگىلى تېخى بىر ئاي بولمىغان ۋاقىتلار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار چۈشلۈك تاماقتىن چىقىپ، شىنجاڭ ئېنىستۇتى قىزىل بىناسىنىڭ ئالدىدىكى پەللەمپەيدە بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىم قەددى قامىتى كېلىشكەن، ئېگىز بويلۇق، ئاق سېرىق كەلگەن، قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان-يوغان، بۆركۈتنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر، خومارەڭ كاستيۇم بۇرۇلكىسى ئۇنىڭ چىرايىغا ماس كەلگەن، 30 ياشلار چامىسىدىكى كىشى بىلەن قىزغىن چاقچاقلىشىپ تۇراتتى.

مەن كۆپچۈلۈككە يېقىنلىشىپ كېلىشىم بىلەن سىنىپداشلىرىمدىن بىرىسى: "ئەخمەت"، مانا بۇ بىزنىڭ گېپىنى تولا قىلىشىدىغان شائىر ئاكىمىز تۇرغۇن ئالماس، تونۇشۇپ قوي!" دەپ خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى كۆرمىگەن، لېكىن كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىدىغان شائىر تۇرغۇن ئالماسنى ماڭا تونۇشتۇردى. تۇرغۇن ئالماس مەن بىلەن كونا قەدىناسلاردەكلا كۆرۈشۈپ، "ياخشى ئوقۇپ، ياخشى شائىر بولۇڭلار! دەپ چاقچاق قىلدى. ئەشۇ كۆرۈشۈش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى بىلەن تونۇشلىغىمىز ئاستا ـ ئاستا دوستلۇققا، كېيىن ئىرادە تەغدىرلەر بىلەن بىر يەرلەردە ئىشلەپ، بىر ـ بىرىمىزنى ھاياتنىڭ ھەرخىل بوران ـ چاپقۇنلىرىدا سىناشقان ياخشى مەسلەكداش دوستلارغا ئايلانغان ئىدۇق.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىشقەدەم ۋەتەن پەرۋەر شائىرى، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە شەرقى تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ هارماس ـ تالماس جەڭچىسى تۇرغۇن ئالماس 1924- يىلى 30- ئوكتەبىر كۈنى شەرقى تۈركىستاننىڭ مەدنىيەت، تارىخى مەركەزلىرىدىن بىرى ھېساپلانغان قەشقەردە تۇغۇلغان. شائىر 1939- يىللاردا ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك 2- دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ، ئۇنى تۈگەتكەندىن كېيىن

قەشقەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇدىرلىك خىزمىتىدە بولۇپ، شۇ يىللاردا باشلانغان ئىنقىلاۋى پائالىيەتلىرى ئۈچۈن 1943- يىلى تۈرمىگە تاشلاندى.

تۈرمىدە "تۇتقۇن"، "ئازاتلىق مەشئىلى" قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، جاللات شېڭشىسەينىڭ قانلىق زۇلمىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئازاتلىققا ئۈندىدى. تۇرغۇن ئالماس ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرى "قايتمايمىز" دىن باشلىغان جەڭگىۋار، ئاكتىپ ئىجادى ھاياتىنى خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلاۋى ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىدى. ئۇ تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماستىن، ئۇ تونۇلغان يازغۇچى، دراماتورگ ھەم مەشھۇر تارىخچىدۇر. ئۇنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىجادى ھاياتى شەرقى تۈركىستانى ئىستىلا قىلغان شېڭشىسەي، گومىنداڭ مۇستەبىتلىرى ۋە 1949- يىلىدىن باشلاپ شەرقى تۈركىستانى قانلىق ئىسكەنجىگە ئالغان كوممۇنىست خىتايلارنىڭ دۆلەت تېررورلۇق سىياستىنىڭ دەھشەتلىك يىللىرىدا ئۆتتى. بىراق تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ھەرقانداق ئېغىر شارائىتلاردا بولمىسۇن، باسقۇنچى دۈشمەنلەرنىڭ ئىپلاس غەرەز لىرىنى پاش قىلىپ، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆر ئازاتلىقىنى كۈيلەشتىن ھېچقاچان توختاپ قالغىنى يوق.

ئۇنىڭ ئېلان قىلغان 50- يىللاردىكى "قىزىلبايراق" ھېكايىسى، "پىچاق" دىرامىسى، 60- يىللىرى يېزىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرىنى "لەيلىگۈل" داستانى، 1956- يىلى نەشر قىلىنغان "تارىم شامالىلىرى"، 1982- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان "تاڭ سەھەر" شېئىرلار توپلىمى، يازغۇچىنىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىيات ھەققىدىكى 40 تىن ئوشۇق ماقالىلىرى خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى ھەم بۇنىڭ بەزىلىرى خىتايچە، ئىنگىلىزچە ۋە رۇسچىغا تەرجىمە قىلىندى. ۋەتەنپەرۋەر شائىر ۋە بۈيۈك ئالىم تۇرغۇن ئالماس ئۆز نۆۋىتىدە ئۆتكەن ئەسىردە ياشىغان مۇھەممەت ئىمىن بۇغرادىن كېيىنكى ئۇلۇغ تارىخچىدۇر.

ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان "ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى" 1986- يىلى (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، "قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى" 1988- يىلى (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، "ئۇيغۇرلار" 1989- يىلى (شىنجاڭ ياش ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) ۋە "بورانلىق يىللار" تارىخى رومانى قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى بىلەن

ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ئىنتايىن چوڭ خىزمەتلەر كۆرسىتىپتۇ، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيىتىمىز تارىخىدىمۇ ئۆلمەس نامايەندە بولۇپ قالدى.

بۇ ئۈچ كىتاپ "خەلقىمىز تەرىپىدىن" ئۈچ "گوھەر" دەپ كۆرسىتىپ ئېتىراپ قىلىنىپ، سۆيۈلۈپ ئوقۇلىدىغان ئاساسلىق كىتاپلار قاتارىغا كىردى.

سەۋەبى بۇ كىتاپلار مىللىتىمىزنىڭ ئۆز كىملىكىنى بېيجىڭ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تارىخ، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيىتىمىزنى خۇنۇكلاشتۇرۇپ، يالغان تارىخ يېزىپ، ئۇنى يوققا چىقىرىشتەك ئېزىتقۇ تومانلىرىدىن ئازات قىلىپ، ھەر بىر ئۇيغۇر قەلبىدە مەڭگۇ چاقناپ تۇرىدىغان ئۆچمەس يۇلتۇزلارغا ئايلاندى.

"ئۇيغۇرلار" بىزنىڭ مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ 1940- يىلى يازغان "شەرقى تۈركىستان تارىخى" دىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ئۇتۇغىمىزدۇر. ئالىمنىڭ "ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى" گېرمانىيە گامبورگ شەھرىدە، "قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى" سەئۇدىدا ئەرەبچە، ئۇيغۇرلار بولسا تۈركچە، روسچە ۋە فىرانسۇزچە تەرجىمە قىلىنماقتا.خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ياللانما ئەدىب، تارىخچىلىرىنى تەشكىللەپ ئىشقا سېلىپ خىتاي بويىچە، بولۇپمۇ ئۆز مۇستەملىكىسى شەرقى تۈركىستاندا سىياسى، ئىدىيەۋى، مەدەنى – مائارىپ ساھالىرىدە يازغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئەسىرىگە قارشى 91- يىلى 2- ئايدىن ئېتىبارەن "3كىتاپنى يىپەن قىلىش" نامى بىلەن جازا يۈرۈشىغە كىرىشتى.

1991- يىلى 1- ئىيۇل ئۈرۈمچىدە ئاۋتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىللىشىدە "3كىتاپقا قارشى سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى" چاقىرىلىپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىگە قارشى بۇ جىنايى ھەرىكەتلەر يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى زوۋانى ۋە گۇپپاڭچىسى بولغان پۈتۈن گېزىت – ژورنال، رادىئو، تېلېۋىزىيەلەر تۇرغۇن ئالماس ۋە ئۇنىڭ ئۈچ كىتاۋىغا قارشى ھۇجۇملىرىنى ئارقا – ئارقىدىن باشلىۋەتتى.

تۇرغۇن ئالماسقا "پانتۈركىست"، "مىللى بۆلگۈنچى"، "يەرلىك مىللەتچى" دىگەندەك بۆھتانلار چاپلىنىپ، ئۇنىڭ 3كىتاۋىنى ئەڭ چوڭ زەھەرلىك چۆپلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى سېتىشتىن يوق قىلىۋەتمەكچى بولۇشتى. ھەتتا بېيجىڭ تىررور ھۆكۈمىتى 1990- يىلى 5- ئاپرىلدا يۈزبەرگەن، "بارىن دېھقانلىرىنىڭ ھەق – ئادالەت، ھۆر – ئەركىنلىك يولىدىكى ھەرىكەتلىرىنى قانلىق باستۇرۇپ،

بارىندىكى ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان ئامىللارنىڭ بىرى "زەھەرلىك ئۈچ كىتاپ" بولدى ـ دەپ قارىدى. بۇ ئۈچ كىتاپنىڭ يوروق كۆرۈشكە مۇناسىۋەتلىك گېزىت ـ ژورنال، نەشرىيات ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەر قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىپ، قانۇنى جازالارغا تارتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەم ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇقتۇرۇشلار چىقىرىلىپ، ئۈچ كىتاپنى ئوقۇش چەكلىنىپ، كىتاپنى ساقلىغان ھەم ئوقۇغانلارنى جازالايدىغانلىقى ئېلان قىلىندى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئۈچ كىتاپنى ھەرقانچە بەدەللەرنى تۆلەپ بولسىمۇ، ئۇنى يىغىۋېلىپ، يوقۇتۇۋېتىشكە تىرىشتى. كىتاپخانا ۋە كۇتۇپخانىلارنىڭ كىتاپ تەكچىلىرىدىن ۋە ھەرخىل - ھەررەڭدىكى پايلاقچىلارنى قويۇش ئارقىلىق شەخسلەرنىڭ قولىدىن كىتاپلارنى يىغىپ، 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى بۇ جاھالەتنىڭ پىرلىرى 2000 يىل بۇرۇن ئۆتكەن مەرىپەت ۋە ئادالەتنىڭ دۈشمىنى بولغان چوڭ بوۋىسى — چىنشىخۋاڭنىڭ روھىنى خوش قىلىپ، بۇ كىتاپلارنى كۆيدۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە يېنىۋاتقان مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ھىس- تۇيغۇلىرىنى بىراقلا سۇپۇرۇپ تاشلىيەلەن دېۋىدى، بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى.كىتاپنى تەنقىت قىلىشقا باشلىغان كۈندىن باشلاپ، ئۈچ پارچە كىتاپ، ئۈچ پارچە قىممەتلىك گۆھەرگە ئايلىنىپ، تۇرغۇن ئالماس ئۇيغۇرلار نەزىرىدە ئەفسانىلاردىكى مەڭگۈلۈك قەھرىمان ۋە ئۇلۇغ ئالىمغا ئايلاندى. كىتاپنىڭ قاراڭغۇ بازاردىكى باھاسى 500 يۈەندىن 1000 يۈەنغىچە ئۆرلەپ كەتتى. كىتاپنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىش ئۈچۈنلا 200 يۈەن بېرىدىغانلارنىڭ سانى ئاز بولمىدى. مانا بۇ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرغۇن ئالماس ۋە ئۇنىڭ ئۈچ كىتاۋىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىگە نىسبەتەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوخشمايدىغان مەيدانى ۋە ئۇلۇغ ئالىمغا بولغان ھەقىقى مۇھەببىتىنىڭ ئەمەلى ئىپادىسى ئىدى.

بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى تۇرغۇن ئالماستىن قاتتىق ئۆچ ئالماقچى ئىدى. بىراق تۇرغۇن ئالماسنىڭ بۇ ئەسەرلىرىگە يەنە شۇ خىتاينىڭ ئابرويلۇق تارىخى كىتاپلىرىنىڭ ئاساسى مەنبەئى بولۇشى، 1992- يىلى 11- ئايدا خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە ئاۋىستراليە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ھەققىدىكى دوكلاتلىرى ۋە ئۇ دوكلاتلاردا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ئاياق ئاستى قىلىنىشى

بىلەن قاتتىق ئەيىپلىنىشى ۋە تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇنى ھىمايە قىلىشى ۋە باشقا سەۋەپلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلگىرىلەپ، تۇرغۇن ئالماسقا قانلىق قولىنى سوزۇشىنى توسۇپ قالدى.

ئۇلۇغ ئالىم ۋە شائىر تۇرغۇن ئالماس ئۆز ۋەتەن خەلقىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئاچچىق تۇمۇش سەرگۈزەشتىلىرىدە مانجۇ خىتايلار، گومىنداڭ خىتايلار بولۇپمۇ ئۆزىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈشتى پاناھى دەپ ئاتىۋالغان بېيجىڭ كوممۇنىست ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرجاڭگالىنىڭ بۆرىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇبدان چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى.

شىڭشىسەي دەۋرىدە بىر قانچە يىل تۈرمىدە ياتقان تۇرغۇن ئالماس، 2- قېتىم 1947- 1949- يىللىرى گومىنداڭ تۈرمىسىدە ياتتى. پەقەتلا ئۈچ ۋىلايەتتە قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتىنىڭ قاتتىق بېسىمى بىلەن 1949- يىلى ئاپرىلدا تۈرمىدىن چىقىرىلدى. شائىر 8- ئايدا غولجىغا كېلىپ، ئىنقىلاۋى ئىشىنى قايتا مۇھەررىرلىكتىن باشلىغان ئىدى.

تۇرغۇن ئالماس 57- 58- يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان "ئوڭچى" ۋە "يەرلىك مىللەتچى" لەرگە قارشى كۈرەشلەردە قاتتىق كۈرەش قىلىنىپ، ياقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىندى.

1966- يىلدىن 1976- يىلغىچە داۋاملاشقان ئاتالمىش "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" دەۋرىدە "مىللى بۆلگۈنچى"لىكتە ئەيىپلىنىپ، تۈرمىلەرگە قامىلىپ، ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، ھەم ۋەتەن خەلقىنىڭ ھەقىقى قوللىشىغا ئېرىشكەن تۇرغۇن ئالماس بېيجىڭ دۆلەت تېررورىنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا ئېلىپ بارغان تەقىپلىرى، ھەرخىل ھۇجۇملىرى ۋە جازا يۈرۈشلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئىسىل پەرزەنتىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى ئالدىدا چارىسىز قالدى.

مەن 1961- يىلى ئاۋغۇستتا تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگۈتۈپ، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، مېنى دەسلەپ "شىنجاڭ گېزىتى" گە خىزمەتكە بۆلۈپ قويدى، مەن گېزىتخانىغا بارمىدىم. شۇ دەۋرلەردىلا شىنجاڭ پارتكومى ئەدىبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنى — "گىزەندىلەرئۇۋىسى" دەپ قاراپ، ئۇنى كۆزىگە قاتالغان مىخ قاتارىدا كۆرەتتى. سەۋەبى بۇ دەرگاھتا مىللىتىمىزنىڭ روھىنى تەربىيەلىگۈچى زىيا سەمەدى، خەمىت ھۆسەينى، زۇنۇن قادىرى ۋە تۇرغۇن ئالماسقا

ئوخشاش نامايەندەلەر ئىشلەپ، مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا زور خىزمەتلەر كۆرسەتكەن ئىدى. شۇڭا مەن شۇ گىزەندىلەر ئۇۋىسىدىكى يۇقىرىقىدەك ئۇستازلار بىلەن ئىشلەپ ئۇلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ئۆزەمگە شەرەپ دەپ بىلەتتىم. ئاخىرى بۇ ئارزۇلىرىم ئەمەلگە ئاشتى، لېكىن مەنمۇ باشقا ئىنقىلاۋى ئۇستازلارغا ئوخشاش ئاز بولمىغان بەدەللەرنى تۆلىدىم...

شائىر ۋە ئالىم تۇرغۇن ئالماس 1953- يىلى يازدىن باشلاپ شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئورۇنلىشىپ، بىرلەشمىنىڭ "شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى" ژورنىلىنىڭ يېزىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، نەھرىر ۋە تەرجىمە خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. بۇ دەۋرلەر 57- يىلى باشلىنىپ، 60- يىللارغىچە داۋاملاشقان يەرلىك مىللەتچىلىك ۋە خوفىك بلوكى باشچىلىقىدىكى ئوڭچىللىققا قارشى ۋە شىئىجوگجويىغا قارشى ھەرىكەتلەر يۈرگۈزۈلۈپ، مىللىتىمىزنىڭ ئىسىل يازغۇچىلىرى: خەمىت ھوسەيىنى تۇرمىگە ئېلىنغان، زىيا سەمەدى باشلىق بىر قىسىم يازغۇچىلار لاۋگەي دۈيلەرگە، سۈرگۈنلەرگە ھەيدالغان، قالغانلىرى بولسا، ھەرخىل قالپاقلار بىلەن چەت ـ ياقا يېزىلارغا، ئاتالمىش "چېنىقىش" لارغا ئەۋەتىلگەن، ئىدارىدا قالغانلىرى بولسا، ھەرخىل بەدناملار ئاستىدا مەسىلە تاپشۇرۇپ، نازارەت ئاستىدا ئىشلەشكە مەجبۇرى ئىدى. مۇنداق قارىغاندا، ئىدارىدىكى 98% مىللى كادىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگىدەك مەسىلىسى بار، گۇمانلىق ئۇنسۇرلار ئىدى.

مەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلۇشۇپ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ساۋاقدىشىم دولقۇن ياسىنمۇ بىرلەشمىگە خىزمەتكە كىردى. شۇنداق قىلىپ، بىر ئىدارىدا ئابدۇشۇكۇر تۇردىنى قوشقاندا "يېڭى تاشكەنتچىلەر" 3 كىشى بولۇپ قالدۇق، تۇرغۇن ئالماس دولقۇن بىلەن ئىككىمىزنى يېقىن كۆرەتتى، بىر يەرلەرگە ئولتۇرۇشلارغا بارساق تۇرغۇنكام دائىم بىز بىلەن بىللە ئىدى. شۇنداق ۋاقىتلاردا بىز ئۆز ـ ئارا ھېچقانداق قىسىنىپ، تارتىنىپ تۇرماستىن ئۆزىمىزنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا ئۇچۇقلا قويىۋەتەتتۇق. بىز تۇرغىنكامغا، تۇرغىنكام بىزگە ئىشىنەتتى، شۇڭا بىز ئۆز ئارا قورۇق تەكەللۇپنى قايرىپ قويۇپ، بىر ـ بىرىمىزنى "سەن" دېيىشىپ، تۇرغۇن ئالماسنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن "تۇرغۇنكا" دەپ ئاتايتتۇق.

تۇرغىنىكام پات – پاتلا ئۆزىنىڭ 1956- يىلى يازغۇچىلار ئۆمىكى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىنى ئەسلەپ، ھېسسىياتلىرىنى بىز بىلەن ئورتاقلىشاتتى. ئۇ داۋاملىق ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن قان – قېرىنداش بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ 200 يىلدىن بۇيان دۇنيا مەدەنىيىتىدىن يىراقتا تۇرىدىغان، يادۇنيانىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلمايدىغان يا ئۆز مەدەنىيىتىنى دۇنيا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشتىن قورقىدىغان، "ئاسىيانىڭ كېسەل كۆپىسى" – دەپ ئاتالغان خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدا قېلىپ، نادان قاخشاللىقتا قالغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىپ: "قولىنىڭ قولى بولغاندىن، بەگنىڭ قولى بولساقچۇ – ھەي، ئىسىت!" دەپ ھەسرەت چېكەتتى – دە، شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبى قەشقەر، يەركەن، خوتەندىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى سۆزلەپ كېتەتتى...

بەزىدە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن تۇرغۇن ئالماس بىلەن يالغۇز ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ، خىتايچە بەزى ماتېرىياللارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلاتتۇق، تۇرغۇنىكام خىتايچە ماتېرىياللارغا قاراپلا ئاغزاكى تەرجىمە قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭ سۆز – جۈملىلىرىنى تەرتىپلەپ، ئۇيغۇرچە يازاتتىم، ئۇ مەيلى خىتايلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى بولامدۇ، ھېچقانداق لۇغەت، قوشۇمچە ماتېرىياللارغا قارىماي، راۋان، ئېنىق، تولۇق، كىشىنى ھەيران قالارلىق ھالدا تەرجىمە قىلاتتى. ھەتتا خىتايچە ژۇرنالدىكى بەزى خىتاي تەھرىر ۋە تەرجىمانلار تۇرغىنىكامدىن خىتايچە خەتلەرنىڭ مەناسىنى بىلمەي سوراپ كىرەتتى. شۇ چاغدا تۇرغۇنىكام قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر ئاز ئويلىنىپ ئالاتتى – دە، پاقا باشلىق ئۇڭ باش پارمىقى بىلەن ئۈستەلنى سىجاپ ھېلىقى خىتايچە ئېيروگىلىفنىڭ ئەڭ دەسلەپ يېزىلىشى، تاڭ، سۇڭ، چىڭ دەۋرلىرىدە قانداق ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكى كۈندە قانداق قىسقىراپ، قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ ساھادە ئىدارىمىز بويىچە مەيلى خىتاي مەيلى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولسۇن ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن تۇرغۇنىكامنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى. مەن تۇرغۇنىكامنىڭ زېرەك ئەقلى، ئۆتكۈر مېڭىسى، يارقىن خاتىرىسىگە ھەيران قالاتتىم. بەزىدە مەن: "ھەي تۇرغۇنىكا، بۇنچىلىك ئەقىل – پاراسەتنى نەدىن ئالدىڭ؟ يا سېنىڭ ئاتا – ئاناڭ ئالاھىدە ئادەملەردىنمۇ- يا؟" دېسەم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ "ئاتام – ئانام ئادەتتىكى لاي پاچاق ئۇيغۇرلاردىن، مەن شۇلارنىڭ پۇشتىدىن" دەپ بىر ھېكايىنى سۆزلەپ كەتتى؛ ئۇ

ژورنالغا كېلىشتىن بۇرۇن شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىغا قوشنا شىنجاڭ ساقچى كادىرلار مەكتىپىدە ئىشلەيدىغان ۋاقتىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خىتايچە دەرس ئۆتىدىكەن، بىر خىتايچە تىل مۇئەللىمى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا 4 ئايغا يېقىن كۈنىگە 2 سائەتتىن دەرس بېرىپ، ئاخىرى خىتاي تىلىدىن ئىمتىھان ئاپتۇ، سىنىپتىكى 28 ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىمتىھان نومۇرى 90 بوپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە 3 ئوقۇغۇچىنىڭ نومۇرى 100 بوپتۇ، 2 سائەتلىك ئىمتىھاندا 3ئوقۇغۇچى 7 بەتلىك ماقالە يېزىپ، 2,000 ئەتراپىدا خەت ئىشلىتىپ، خىتاي مۇئەللىمنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئاخىرى ئىشەنمەي بۇ 3ئوقۇغۇچىنى ئىلمى بۆلۈمگە ئېلىپ كىرىپ، قايتا ئىمتىھان ئالسا، نەتىجىسى بۇنىڭدىن كام بولماپتۇ، خىتاي مۇئەللىمى ھەم ئىلمى بۆلۈمدىكى باشلىق خىتايلار بۇنىڭغا ھەيران قالغان ئىكەن...

بۇنى سۆزلىگەن تۇرغۇنكامنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن يىقىملىق يۈزلىرى ئاجايىپ بىر غورۇرلىنىش بىلەن تېخىمۇ يىقىملىق بولۇپ كەتتى... ئۇ تۇرۇپ — تۇرۇپلا "بەخىت قونسا، شول چىۋىننىڭ باشىغا، سومروغ كېلەر شول دەپ ئۇنىڭ قاشىغا" دىگەن ماقالىنى ئېيتىپ، "قانداق قىلىسەن، ھەممىسى ئۆزىمىزدىن، ئەشۇ زالىم ستالىندىن ئۆتتى — غو — ئامال قانچە؟!" دەپ ئىچىدىن كۆيۈپ كىتىدىغانلىرى ئېسىمدە...

61- يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ، ئاتالمىش "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" باشلانغان 66 - يىللارغىچە تۇرغۇن ئالماس بىلەن ئىدارىدا، كوچىلاردا، ئامىمىۋى سورۇن، بەزىدە ئۆز ئارا بىر — بىرىمىزنى چۈشىنىدىغان دوستلار بىلەن بولغان ئولتۇرۇشلاردا مەرھۇم تۇرغۇنكام بىزنىڭ ئەژداتلىرىمىز قەدىمى ئۇيغۇرلار، ھۇنلار، تۈركلەر ھەققىدە بىز بىلمەيدىغان كۆپ قىزىقارلىق، تارىخى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ، بىزگە قىممەتلىك روھى ئوزۇقلارنى بېرىشكە تىرىشاتتى. ئەمدى تۇرغۇنكامنىڭ ۋاپاتىغا 3 يىل توشۇۋاتقان شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە تۇرغۇنكام بىلەن ئۆتكەن شۇ غەنىمەت ۋاقىتلارنى قاتتىق سېغىنىپ ئەسلەيمەن.

پۈتۈن خىتاينى دەھشەتلىك تىررورىست بېيجىڭنىڭ تومۇر تاپىنى ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستاندا دەھشەتلىك ۋەقەلەر يۈز بېرىپ، كۈنىگە يۈزلەپ، مىڭلاپ بىگۇناھ شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ھىساپسىز قانلىرى ئېقىۋاتقان، كىشىلەر ئەتىسى نىمە بولۇشنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈرگەن كۈنلەردە تۇرغۇنكام ۋەتەن —

مىللەت ھەققىدىكى ئىنقىلاۋى پائالىيەتلەرگە يېقىندىن قاتنىشىپ، يانا بىرتەرەپتىن تىرىشچانلىق بىلەن ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەي، كۆنلىرىنى ـ تۈنگە، تۈنلىرىنى ـ كۈنگە ئۇلاپ، ئۆزىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بولغان 3 كىتاۋى ئۈچۈن ماتىرىيال توپلاپ، ئۇنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنى ئاللىقاچان يېزىشقا باشلىغان ئىكەن. ئۇ بەزى تارىخى ۋەقەلەرنى سۆزلىگەن ۋاقىتلىرىدا مەن: "تۇرغۇنىكا شۇلارنى يازساڭ بولمامدۇ؟ دىسەم، ئۇ تۆرت ئەتراپىغا سەزگۈرلۈك بىلەن بىر قاراپ چىقىپ، ئۇ: "يېزىۋاتىمەن، ئالدىرىما، كۆرىسەن جۇما!" دەپ جاۋاپ بىرەتتى. شۇنداق ئۇچىراشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ مەن شۇنىڭغىچە ئاڭلاپ باقمىغان قەھرىمان كۇرشاد قىسسەسىنى سۆزلەپ بەرگىنى ھازىرغىچە ئىسىمدا؛ مىلادىنىڭ 630- يىلىنىڭ بېشىدا شەرقى كۆكتۈركلەر ئىچىدە ئىختىلاپلاردىن پايدىلانغان تاڭ سۇلالىسى پادشاسى ليشمىن، لىچىڭ قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىغىدىكى 100 مىڭ خىتاي قوشۇنىنى شەرقى كۆكتۈركلەرنىڭ تىرتورىيەسىگە ھۇجۇم قىلدۇرۇپ، شەرقى كۆكتۈركلەردىن 100 مىڭ كىشىنى ئەسىرگە ئالدۇ. تۈركلەرنىڭ خانى قاراخانىنى خائىن بەگ لىچىڭغا تۇتۇپ بىرىدۇ. مۇستەقىل تۈرك خاقانلىغىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سۇرخانىنىڭ كىچىك ئوغلى كۇرشاد چاڭئەنگە مەجبۇرى كەلتۈرۈلگەن 40 تۈرك يىگىتنى ئەتراپىقا توپلاپ، 639- يىلى 4- ئايدا لىشمىنىنىڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىرىدۇ. مەخسەت لىشمىنىنى تىرىك تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپ، ئەسىرگە چۈشكەن تۈرك خاقانى قاراخانى قۇتۇلدۇرماق پىلانى تۈزۈلىدۇ، لېكىن ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن ئىش پىلاندىكىدەك بولماي، ئوردىدا قانلىق جەڭلەر بولۇپ، كۇرشاد باشلىق 40 يىگىت ئوردىدىن چىكىنىپ چىقىدۇ ۋە ئاخىرى ۋېيخى دەرياسىنىڭ بويىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانلىغىنى سۆزلەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

تۇرغۇنىكام ھەمىشە ئۇلۇغلايدىغان تارىخى شەخىسلەرنىڭ بىرى خەن سۇلالىسى لىيۇباڭنىڭ ماۋچۇن نامىلىق قىزىغا ئۆيلەنگەن باتۇر تەڭرىقۇت ئىدى. بەيدىڭ قورشاۋىدىن كېيىن خەن سۇلالىسىنى ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان ھۇنلارنىڭ باتۇر تەڭرىقۇتى قاتتىق مەغرۇرلانغان ئىكەن. ئۇنىڭ لىيۇباڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشا بولۇپ قالغان خوتۇنى لۈيخۇغا ئىرادىدىن بۇرۇن 192- يىلى يازغان خېتىدە! "... ئاللىرى يالغۇز قېلىپ تۇل ئولتۇرىدىكەنلا، مەنمۇ يالغۇز قالدىم... ئىككىمىز بار ـ يوقىمىزنى ئالماشتۇرۇپ ئۆتسەك دەيمەن..." دىگەن سۆزىنى قايتا

ـ قايتا تەكرارلاپ، تاجاۋۇزچى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۈستىدىن راھەتلىنىپ كۈلەتتى. "ھە، بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تومۇرىدىمۇ شۇ باتۇر تەڭرى قۇتىنىڭ قېنى بار، جۇما، ئىنشا اللە بۇلار كارامىتىمىزنى بىركۆرىدۇ!" ـ دەيتتى.

سۆيۈملۈك ئۇستاز تۇرغۇن ئالماس ھەر بىر مىللەت ھەم شەخس ئۆچۈن بولۇپمۇ ۋەتىنى مۇنقەرىز بولۇپ، مىللىتى قۇللۇققا چۈشكەن بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆز مىللىتىنىڭ ھەقىقى تارىخىنى بىلىشنىڭ مۇھىملىغىنى ۋە ئۆتمۈشتىكى قانلىق تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى مەھكەم ئەستە تۇتۇپ، بۈگۈنكى ۋە كېلەچەكتىكى مۇستەملىكىچى دۈشمەنلەرنىڭ ئەۋلاتلارنى يالغان تارىخلىرى بىلەن ئالداپ قايمۇقتۇرۇشتىن ساقلاشنىڭ، مىللەتنىڭ كۆزىنى ئېچىشنىڭ مۇھىملىغىنى داۋاملىق تەكىتلەيتتى. تۇرغۇنكام بىز تۈركلەرنى، ئۇيغۇرلارنى تاشقى دۈشمەنلەر بولۇپمۇ خىتاي ھۆكۈمرانلىرى قۇرال كۈچى بىلەن يېڭەلىگەن ئەمەس. پەقەت ئۇلار ئۇيغۇر ۋە قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، نىزاھلاردىن پايدىلىنىپ، 'ياۋىلارنىڭ ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇپ كەلگەنلىكى، "پارچىلا ھەم ئىدارە قىل" ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىنى' سۆزلەيتتى. ئۇ: "كۆكتۈركلەر (551- 745) شەرقتە تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن تارتىپ، غەربتە كاسپى دېڭىزىغىچە بولغان كوك تېرتورىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ ئىمپىرىيە بولۇپ، شۇ چاغدىكى شەرقى رىم ئىمپىرىيەسى ۋە ئىران شاھىنشاھلىقلىرىدىنمۇ كۈچلۈكرەك ئىدى. بۇ ئىمپىرىيەنى خىتايلار جەڭ مەيدانلىرىدا يەڭگىنى يوق. پەقەت تۈرك خەلقلىرى ئارىسىغا پىتنە ـ پاساد، ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، ھەر تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكرىلەر بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، بىرلىكنى بوزۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېپلاس غەرەزلىرىگە يەتكەن ئىدى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ ئاتالمىش خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆتكەنكى تاجاۋۇزچى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ كونا سىياسەتلىرىنى شەرقى تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. بىز ئەقىللىق بوۋىلىرىمىز كۆلپەتكىن بىلەن مۆيۈنچۈرلارنىڭ مەڭگۈ تاشلارغا ئۆچمەس قىلىپ يازغان شۇ ۋەسىيەتلىرىنى نىمە ئۈچۈن ئۇگەنمەيمىز، نىمە ئۈچۈن؟!" دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئاللار قوياتتى.

ئۇ يەنە: "ئۆتمۈشتە خىتاي ھۆكۈمرانلىرى بىزنىڭ يېغى دۈشمىنىمىز ئىدى ھازىرمۇ شۇلار، كېلەچەكتىمۇ يەنە شۇلار، بىزنىڭ قەست دۈشمەنلىرىمىز، بۇ

ھەقىقەتنى كالللىمىزدا قەتئى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشىمىز لازىم. يەڭگىلى بولمايدىغان دۈشمەن يوق، "دەججالنىڭ بىر كۆزى قارىغۇ"، ئۆزىمىز ئىتتىپاقلا بولساق، مىللىتىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىق كۈچىدىن بۇ قۇترىغان باسقۇنچىلار چوقۇم يېڭىلىدۇ. چۈنكى ھەقىقەت بىز تەرەپتە، بىز باشقا خەلقلەرنىڭ يېرىگە بېسىپ كىرگەن باسقۇنچىلاردىن ئەمەسمىز!" دەيتتى.

2001-يىلى 11-سېنتەبىر كۈنى نيۇروقتىكى دۇنيا سودا مەركىزىنى تېرورىستلار بومبىلىشى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز، قوشكېزەك بىنا غۇلاپ، ھازىرقى زامان تارىخىغا دەھشەتلىك خاتىرىلەر قان بىلەن يېزىلغان سەھىپە بولۇپ كىردى. دەل شۇكۈنى ۋاشىنگىتوندىكى "ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى "ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشىدا بىر ئۆمۈر شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆر ــ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەشكەن ئەركىنلىك جەڭچىسى تۇرغۇن ئالماسنىڭ يۈرىكى ئۇرۇشتىن توختاپ، ۋەتىنىنىڭ يورۇق تاڭلىرىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان كۆزلىرى ئىلاجىسىز يۇمۇلۇپ، بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانلىق مۇسىبەت خەۋىرىنى دۇنياغا تارقاتتى.

بۇ خەۋەر شەرقى تۈركىستاندىكى مەزلۇم مىللىتىمىزگە ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تېرىقتەك چېچىلىپ، مۇساپىرچىلىق دەردىنى تارتىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇنى كۆرگەنلەر، ئۇ توغرۇلۇق ئاڭلىغانلار ئېغىر ماتەم ئاۋازىنى تارتتۇق.

ــ ئۆلۈم دەھشەتلىك! بولۇپمۇ تۇرغۇن ئالماستەك بىر پۈتۈن ئاڭلىق ھاياتنى ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى، مىللىتىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن بەرگەن ئالىجاناپ ئىنساننىڭ ئارىمىزدىن كېتىپ قېلىشى ئۇيغۇر خەلقى ۋە دۇنيادىكى ھەق ــ ئادالەتنى سۆيگەن ئەللەر ۋە كىشىلەر ئۈچۈن چوڭ يوقۇتۇش! ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس! لېكىن ئۆلۈم ھاياتلىقتا ئەجىل جۈپلىكى ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا ئورتاق بولۇشى بىلەن ئۆزىدە كىشىلەرنى يۈزدە ــ يۈز قايىل قىلالايدىغان تەسەللى كۈچىگە ئىگە.

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ دۆلەت تېررور سىياستى بىلەن ئالىم ۋە شائىرنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە ئېغىر كېسەللىرىگە قارىماي، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ئاكىمىزغا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئېغىر جازا، سىياسى تەقىپ، روھى ــ

جىسمانى جەھەتتە قاراتقان بېسىم ۋە دۈشمەنلىكلىرىنى بىرەر سائەتمۇ توختىتىپ قويغىنى يوق. ئۆمۈر بويى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىنى تارتقان تۇرغۇن ئالماس ئۆمرىنىڭ ئاخىرى 10 يىلىنى يەنىمۇ قاتتىق رېجىمدىكى "مىرزا قاماق" تا ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى يۈرۈش ــتۇرۇشى، چەتئەللەرگە چىقىشى، كىشىلەر بىلەن ئەركىن ــ ئازادە ئۇچرىشىشى قاتتىق چەكلەندى. دۈشمەننىڭ كۆزى ئۇنىڭ ئاياق ــ قوللىرىنىڭ ھەرىكىتىگە، قولىقى ــ ئالىم ۋە شائىرنىڭ ئاغزىنىڭ قانداق ئېچىلىپ ــ قانداق يۇمۇلىشىغا قارىتىلغان ئىدى...

بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ تەقىپلىرىگە قارىماي، خەلق سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى قەلبىنىڭ چىڭ قېتىدا ساقلاپ، بىر مىنۇتمۇ ئۆزىنىڭ ئالى ئېھتىرامىنى، ئىسسىق سۆيگۈسىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرمىدى. ئۇنىڭ جىنازە نامىزىنى چۈشۈرگەندىكى ئەھۋال ــ خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنى ھەيرەتتە سالدى؛ ئۈرۈمچىدىكى ۋاڭ، بېيجىڭدىكى جياڭلار: "كۆزىمىزگە قادالغان مىختىن بىرى يوقالدى!" دەپ خوش بولسىمۇ، ئالىم ۋە شائىرنىڭ تاۋۇتىنى تالىشىپ، قولمۇ ــ قول كۆتۈرۈپ، شۇنچە يىراقتىكى قەۋرىستانغا يول تۇتقان مىڭلىغان ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئۆزۈلمەس سەپلىرىنى كۆرۈپ، "بۇ ئۆلمەپتۇ، ئۇنىڭ روھى تىرىك ئىكەن" دەپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى...

ـ"تۇرغۇن ئالماس يوق؟"

ـ"ھە، يوق... ؟ ئۇ بىزدىن جىسمانەن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ 50 يىلدىن ئوشۇق ئىجاد قىلىپ، قالدۇرۇپ كەتكەن "تەۋەررۈك گوھەر 3كىتاۋى" ۋە باي ئەدەبى مىراسلىرى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ھايات بېغىشلاپ، خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ."

"ئۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمۈلگەن،
ئۇ ھەرمىسرا تۇۋىگە كۆمۈلگەن"
ل. مۇتەللىپ

2004- يىلى مارت، لىۋېرپۇل ــ سىدنىي



www.uyghurkitap.com

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible] 2004 [illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تەزىيە

شەرقى تۈركىستان ئىنقىلابى مىللى بىرلىك سەپى رەئىسى، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەرلىرىدىن بىرى، جامائەت ئەربابى، تارىخشۇناس ۋە ئاتاقلىق يازغۇچى يۇسۇپبېك مۇخلىسى، 2004- يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئالمۇتا شەھرىدە 84 يېشىدا ۋاپات بولدى.

يۇسۇپبېك مۇخلىسى، 1920- يىلى قەشقەر ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ، 6 يېشىدىن باشلاپ دىنى مەكتەپتە، 3 يىلدىن كېيىن ئائىلىسى تارباغاتايغا كۆچۈپ كەلگەچ، ھازىرقى زامان مەكتىۋىدە تەلىم ئالغان. 1934- يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، گىمنازىيە ۋە ئۈرۈمچى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ، 1940- يىلى ئۇنى تۈگىتىپ، "تارىخشۇناس" مۇتەخەسسىسلىك ئۇنۋانىنى ئالغان.

1940 – 1944 - يىللار چۆچەك شەھرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىدە ئىشلىگەن. 1943- يىلىدىكى ئىلى ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئىنقىلابى ياشلارنىڭ "قوزغىلىش" يەر ئاستى تەشكىلاتىنى تەشكىللەپ، گومىنداڭغا قارشى تەشۋىقاتلار ئېلىپ بارغىنى ئۈچۈن، 1944- يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

1945- يىلى 1- ئاۋغۇست چۆچەك شەرقى تۈركىستان مىللى ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئازات قىلىنىپ، يۇسۇپبېك مۇخلىسى قاتارلىق سىياسى مەھبۇسلار ئازات قىلىنىدۇ. نەتىجىدە، 1944 – 1949- يىللاردا شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق ئىنقىلاۋىغا قاتنىشىپ، چۆچەك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كېيىن دۇربىلجىن، ساۋەن ناھىلىرىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ۋە ھاكىم قاتارلىق رەھبەرلىك خىزمەتلەردە بولغان.

1950- يىلىدىن كېيىن ئۇ ئۈرۈمچىدە مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تۈركى خەلقلەرنىڭ تارىخ، تىل، ئېتنوگرافىيەلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپاسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، 1958 - يىلغىچە ئىنتايىن مول قول يازما، موزەيگە كىرەكلىك تارىخى قىممەتلىك ماتىرىئاللارنى توپلاپ، قېزىپ چىقىپ، بىر قانچە كىتاپلار نەشر قىلدۇرغان، شەرقى تۈركىستاندا 1- بولۇپ، تارىخ، ئاسارى – ئەتىقىلەر موزەيىنى قۇرغان. 1955- يىلىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ يالغان ئاپتونومىيەسىگە دادىللىق بىلەن

www.uyghurkitap.com

قارشى چىقىپ، مىللىي رېسپۇبلىكا تەلىۋىدە چىڭ تۇرغان يۇسۇپبەك مۇخلىسقا بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن **1957**- يىلى "يەرلىك مىللەتچى ۋە پان تۈركىست" دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلۈپ، **1959**- يىلى مايدا تۇرپاندىكى جازا لاگېرىغا ھايدالدى.

**1960**- يىلى ئۇ ئانا ۋەتىنى تەرك ئېتىپ، ئائىلىسى بىلەن سوۋېتكە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. سوۋېتكە چىققاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننى قۇتقۇزۇش يولدا ھارماي _ تالماي ئىزچىل كۈرەش قىلغان يۇسۇپبەك مۇخلىسى كەڭ ساھالەر بويىچە تارىخى، سىياسى، ئەدەبى ئەسەرلەر يېزىپ، ئۇيغۇر خەلقى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت _ نەزىرىنى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە تىرىشتى.

**1992**- يىلى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى مىللىي بىرلىك سېپى قۇرۇپ، نۇرغۇن قېتىملاپ چەتئەللەرگە چىقىپ، تۈركىيە، گېرمانىيە، روسىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق مەملىكەتلەرگە بېرىپ، ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ ئۈنلۈك جارچىسى بولدى.

**1992**- يىلدىن باشلاپ، لوپنۇر ئاتوم پولىگونىنى تاقاش ھەققىدە خەلقئار يىغىنلار چاقىرىپ، لوپنۇر _ نۇۋادا ھەرىكىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى. ئۇ **1979**- يىلدىن باشلاپ خانىمى بىلەن "شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى" گېزىتىنى نەشر قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارغا تارقىتىپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ ۋەتەن داۋاسىنى چۈشىنىپ _ تونۇشىدا ئىنقىلاۋى ئۇستازلىق رولىنى ئوينىدى.

يۇسۇپبەك مۇخلىسى پۈتۈن ئاڭلىق ھاياتى بويىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا قەتئىي تۇرۇپ كۈرەشكەن ھەم شۇنىڭغا سادىق قالغان، پۈتۈن ئەقىل _ پاراسەت، مال _ مۈلكىنى، بارلىقىنى شۇ دۇئاغا ئاتىغان، پىداكار، قورقماس، ئاقكۆڭۈل، تەلەپچان، قەتئىي ئىرادىلىك بىر مۇجاھىدىمىز ئىدى.

ئۆتكەن يىلى _ **2003**- يىلى ئالمۇتىدىن قايتىشىمدا تۇققانلار بىلەن **28**- سىنتەبىر (يەكشەنبە) ئۆتكۈزۈلىدىغان خەتمە _ قۇرئان نەزىرىسىگە يۇسۇپبەك ئاكىمىزنى تەكلىپ قىلىپ بارغان ئىدىم. ئۇ مېنىڭ تەكلىۋىمنى ئاڭلاپ، "مەيلى، مەن بارىمەن، توي، زىياپەت بولسا بارماس ئىدىم. بۇ باشقا گەپ، ۋەتەننىڭ ئەھۋالىنى بىلىسەنغۇ _ ئۇكام؟ ئۇيغۇر خەلقى قايغۇ _ ماتەمدە، مىللەت ئۆلۈم

گىرداۋىدا... ھەي، ھەي، ھەي... " دەپ يۇغان كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ھەسرەت چەككىنى ھەرگىزمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ...

ئۆلۈمگە ئامال قانچە؟! بۇ ئاخىرقى غەنىمەت كۆرۈشۈشلەر بولغان ئىكەن. ئۇيغۇر خەلقى ۋەتەن داۋاسىدىكى ئەك قەيسەر، ئەك سادىق قەھرىمان ئوغلانىدىن ئايرىلدى!

جىنابى الله مەرھۇم بۇ، بۈيۈك پېشقەدەم مۇجاھىدىمىزغە ئىمانىنى يولداش قىلىپ، فىردەۋس جەننەتتىن ئورۇن بەرسە ئىكەن، مەرھۇمنىڭ ئۇزۇن يىللىق ۋاپادار، سادىق، مەسلەكداش ئايالى — تالىفە ھەدىمىز باشلىق بارلىق ئۇرۇق — تۇققان، پەرزەنتلىرى، يارۇ — بۇرادەرلىرى ۋە جاپاكەش، مەزلۇم خەلقىگە سەبرۇ — تاقەت ۋە خەيرلىك تۇرمۇشلار تىلەيمەن.

ئەخمەت ئىگەمبەردى

ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى پەخرى رەئىسى

2004- يىلى، 10- ئاۋغۇست. لىۋېرپۇل — سىدنېي

# ئېلىمسەن

مەن كىممەن دەيسەن‌نىسلاپ پىشانەڭنى،
تىلىسىزسەن ھېچكىم بىلمەس ئىشارەڭنى،
يوقاتتىڭ ئەلمىساقتىن بوۋاڭ قويغان،
مۇبارەك ئۇلۇغ نامۇ ـ نىشانەڭنى.
مىڭ لەنەت ئەشۇ رەڭۋار شۇم تارىخقا،
سەۋەپكار قايغۇ ـ ئەلەم ئۇ بارلىققا،
تىگى چوت قەست دۈشمەننى كەلدى باشلاپ،
قۇچۇغۇڭ تولدى شۇندا ئاچ ـ زارلىققا...
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
يات دۈشمەن ئايىغىدا پايخان يۇرتۇم.

بايلىقىم ـ بەختىم دەيسەن ئەلگە قاراپ،
دان تېرىپ، مال باقسەن تاغدا زارلاپ،
كەيگىندەك ئەسكى چورۇق تاپالمايسەن،
پۇتلىرىڭ يېغىر بوپتۇ تاشلار يالاپ...
قارىغىن، ئاران كەلگەن ئۇ يات ئالچاق،
سەمرىپ چوت سۇقىدۇ كۆڭلى خوشچاق،
قان، تېرىڭ، كىتەر ئۇنىڭ ئاچ نەپسىگە،
قالدىڭ سەن لەۋنى چىشلەپ بولۇپ قاشقاق....
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
ئاچ دۈشمەن ياڭاق چاققان خازان يۇرتۇم.

خۇدانى تاشلاپ قويۇپ، تاپتىڭ "خۇدا"،
ئۇ سېنى ئەل ئىشقىدىن قىلدى جۇدا،
شۇ "خۇدا" باشلاپ كەلدى بار ئاپەتنى...
بەخت يوق خورلۇق يەتتى ساڭا ئۇدا،
ئاتالمىش شۇ "خۇدا"سى تۇرغان جاللات،
ھەر سۆزى قان، ياش، ئاچلىق، ئاھۇ ـ پەرياد،
بىھۇش بۇپ "دۆرۆت" ىدىن سەن بىلمىدىڭ،
بىر كۈنى بىلىپ قالۇر ئۇرۇق ـ ئەۋلات.
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
شەيتانغا ئىمان ساتقان نادان يۇرتۇم.

يات دۈشمەن پېتىنىسگە قۇلاق سېلىپ،
دوستۇڭنى خوپ زارلاتتىڭ دۈشمەن بىلىپ،
تۇققۇنۇڭ تەييار قىلدى ساڭا ئۇرا،
كۆپ ئۆتمەي ئۇمۇ چۈشتى ئاخىر كېلىپ.
ساددىلىق شۇ خۇيۇڭغا ياتلار زوقمەن،
ئاغزىدا: "ھې ـ ھې" قىلار دىلدا ئۆچمەن،
قوي، بۆرە ياشىغانمۇ بىر قوتساندا،
قوي يىمەس گۈل بۆرىنى كىمكەن كۆرگەن؟
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
ياتقا كەڭ ئۆزگە قاپقان سەرسان يۇرتۇم.

بەختىم دەپ كۆرەڭ سۆزلەپ داغىسۇ تاپتىڭ،
ئاق ناننى كۆرمەي قويدۇڭ زاغرا ياقتىڭ،
ئىشلەيسەن تۆت جان بولۇپ يېرىم قوساق،
ئۆتكەندە باللىرىڭنى قانداق باقتىڭ؟
ئەپتىڭدىن توپا ياغار سەن كۈلسەن،
دەردىڭنى ئۆزەڭ بىلىپ جىم يۈرسەن،
قازنىڭ قۇسۇپ قاپتۇ ماي كۆرمەستىن،
خوجايىن چىش كولىسا تەلمۈرسەن.
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
يۈزىدىن قېنى قاچقان نىمجان يۇرتۇم.

كونىلىق!، ـ دىدىڭ بۆكنى ئوتقا تاشلاپ،
كىيىپسەن خىماۋزىنى باشقا قاپلاپ،
تەخىيى تۆت چىشلىقلام بولدى ياتىڭ،
شۇڭلاشقا "نەۋرەم" دەيدۇ سېنى ماختاپ.
يا سەن بىر خېنەنلىك سەن، يا خۇنەنلىك،
ئېتقىنا زادى سېنىڭ ئەسلىڭ نەلىك.
تونالماي سېنى تۆتىنىڭ ئارىسىدىن،
ئۆز داداڭ ھەسرەت چىكەر دىلى غەملىك.
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
گۈل ھۆسنۇڭ كەتتى قايان سامان يۇرتۇم.

بىر نار سەن چۆلدە كەزگەن يۇكلەر يۇدۇپ،
خوجايىن رازى ئەمەس شۇنچە يۇرۇپ،
بۇزلايسەن هار كەلگەندە كىتەلمەيسەن،
ئىشەكنىڭ قۇيرىقدىن چۇلۇك تۇزۇپ.
قارا تۇن، تىپىرلايسەن ئۇيان ـ بۇيان،
كاژ پەلەك ساڭا باقماس سەن ناتاۋان،
ئۆزگىلەر ئەرك تېپىپ بەختىن كۆيلەر،
هە سەنچۇ قۇللۇقۇڭدا دەرتمەن هامان.
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
نۇمۇسى خورلۇق تارتقان هەيران يۇرتۇم.

كۇلگەندەك قىلغان بىلەن كۆزدە يېشىڭ،
ئۇرىدەك تۇرغان بىلەن شورلۇق بېشىڭ،
بىلىمەن دەرغەزەپتە سەن كۇنۇ ـ تۇن،
تۇنجۇققان يانار تاغدۇر قەلبىڭ سېنىڭ.
ۋۇلقاندەك ئوت ئالارسەن كۇنلەر كېلىپ،
شۇ ئوتتا ياۋنىڭ تەختى پۇتەر يېنىپ،
تۇغۇلار چىن مەرتلىكتىن ئانا تەڭرى،
ئەركىنلىك سائادەتىنىڭ نۇرىن چېچىپ.
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
ئامان بول، كېلەر بىر كۇن دەۋران يۇرتۇم.

**1970**- يىلى، كۇز. غولجا ئوبلاست تۇرمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## پىشقەدەم جەڭچىنىڭ ئوغلىغا ۋەسىيتى

ئىشىت ئوغلۇم، ساڭا ئەمدى ئۇزۇن تارىخ ھىكايەتتىن،
سۆزۈم باشلاي قۇلاق ئاڭلاپ، كۆزۈم كۆرگەن رىۋايەتتىن.

قەدىمى شەرقى تۈركىستان ئابالەرگە ماكان بولغان،
ئۇلاردىن مىراس بىزگە ئۇزۇن تارىخ داۋامەتتىن.

دىلدا ۋەتەن مېھرى ئۇلۇغ ئەمگەكنى يار قىلغان،
قاقاس چۆللەرنى باغ قىلغان چېكىپ ئەجرۇ ـ رىيازەتتىن.

تېغى ماللار بىلەن تولغان، قوچاقلارى چىمەنزارغا،
خامانلار تاغ بولغان گۈرۈچ، بۇغداي زىرائەتتىن.

جىمى ئالەمگە مەشھۇردى گۈزەل قەشقەر بىلەن خوتەن،
ئىدىقۇت ھەم كۇچار، ئاقسۇ قالغاي قايسى داڭقى شۆھرەتتىن.

ئېلى مەردانە مېھماندوست، ئېلىم ـ سەنئەتكە كۆپ خوشتار،
ئۆتەتتى كۆنلىرى خوشچاغ يىراقتى قايغۇ ـ ھەسرەتتىن.

ئۆتەتتى توختىماي كارۋان، يۈرەتتى ھەر تەرەپلەرگە،
كېلەتتى زارىقىپ سەيياھ چىن، ھىندۇ، سەمەرقەنتتىن.

جاھان بازارىدا مەشھۇر ئىپەك، گىلەمگە كان ئەردى،
چىمەنلەر ئۇلگە سورايتتى توقۇلغان خانۇ ـ ئەتلەستىن.

تالاي ئۆتتى ئالىم، شائىر ئەسىرلەر كۆكىدە چاقناپ،
ئۇلار ئالدىدا يۇلتۇزلار يۈزىن ياپقان خىجالەتتىن.

تېغىدا ياۋغا ئۇرۇن يوق، بېغىدا قاغا قوزغۇننغا،
تۇغۇلغان مەردۇ ـ مەيدانلار ئېلى بەرگەن شىجائەتتىن.

لېكىن خانلار سۇرۇپ ئىشرەت مەزلۇم ئەلنى خار قىلدى،
دىلدا قالمىدى ئىنساپ يىراقلاشتى دىيانەتتىن.

تۇغۇلدى مىڭ بەختسىزلىك خىيانەت قىلدى شۇم خانلار،
نىمە كەلگەي شۇ دەم ئەلگە ياۋۇز دۈشمەن قاباھەتتىن.

تۇغۇلدۇم قايتا دۇنياغا ئېلىم مېھرىگە ھېچ تويماي،
نەزەر سالدىم ئانا ئەلگە تۇراتتى غەمدە مۇلمەستىن.

كۆرۈندى تاشلىرى گەۋھەر، ئۇلۇغ دەريالىرى كەۋسەر،
تۇپرىقىم تۇتىيا بىلدىم، تۇرامتىم كۆزگە سۈرمەستىن.

پايانسىز ياپ ـ يېشىل ئورمان كۆزۈمنىڭ كىرپىگى بىلسەم،
ئۇنىڭ چۆللىرى گۈل بوستان كۆڭۈل ئۇنامدۇ كەزمەستىن.

يۇرەر دەشتۇ ياۋانلاردا ئوتلاپ بۇغا، مارال، كەكلىك،
ئۇلارنى باغرىمغا باسامدىم ئۆزىمگە ئەيىپ ئەتمەستىن.

ۋەتەن ھۆسنىگە نۇر بەرگەن خەلقىم كۆزىدە ياش كۆردۈم،
ۋەتەننىڭ پەيزىنى ياتلار سۈرەر ھېچ قايغۇ چەكمەستىن.

تۇغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلى دولقۇنلىرى چەكسىز، كۆزۈم چۈشتى يىراقلارغا...
دىلىم زوقلاندى ھەيران بوپ ئەجەپ پەيزى قىيامەتتىن.

پەقەت ئورتىدا بىر دەريا، لېكىن پەرقلىق ئىككى دۇنيا،
بىرى شاد بەختىنى كۈيلەر، بىرى تىترار ئاسارەتتىن.

خىياللار ئورتىغا ئالدى مېنى ھەردەمدە سوراقلاپ،
"قۇتۇلغايمۇ ئەزىز ۋەتەن تىرىكتاپ مۇشۇ ئاپەتتىن.

شۇ چاغ باشىمدا چەرخ ئۇرۇپ بەخىت بوستانىدىن سۆزلەپ،
قۇتۇلدۇردى مېنى بىرقۇش چىنگىش، قىستاقتىغۇ ھالەتتىن.

ئۇ دەتتى:- " ھەيدە قوزغۇننى، بېغىڭنى پاكلا نەسلەردىن،
سائادەت دىلبىرى كەلمەس ئېلىڭنىڭ بەختى كۆلمەستىن.

ئەرك سۆيگەن كۆرەش دەيدۇ، كۆرەشتە بەختۇ- ئىستىقبال،
ئېلىڭغا جان پىدا قىلغىن، كىمىكەن ئۆتكەن ئۆلمەستىن؟"

پارىلداپ نىلقىدا ياندى ئەجەپ بىر ئوت ـ يورۇق گۇلخان،
چىللاپ ئەلنى ھۆرلىككە قۇتۇلدۇرماق جاھالەتتىن.

بىلەپ ئابرالنىڭ تاشىدا قولۇمغا شەمشىرەم ئالدىم،
بابالار بەردى نۇسرەتنى تۇغۇلدۇممەن جاسارەتتىن.

قولۇمدا گاك قۇرالىم بار، ۋەتەننىڭ نامى قەلبىمدە،
يارالدى بىر يېڭى دۇنيا ئۇلۇغ مەردانە جۇرئەتتىن.

ئېلى ئاسمانى — سۈزۈك ئاسمان، تۇغۇم ھۆرلىكتە يەلپۈلدەر،
كېلەتتى شادىمان كۈنلەر ئېلىمگە شانۇ — شاۋكەتتىن.

سۈرۈپ شىددەت بىلەن تىنماي ياۋۇز دۈشمەننى ھەردەمدە،
قىراتتىم زارىغا باقماي يىراق بولدۇم خىيالەتتىن.

رەقىپنىڭ تەلپىگى ئۇچقان ئېتىمنى ئاڭلىغان چاغدا،
نىجىس دۈشمەن زاۋال تاپقان ماڭا كەلگەن شۇ نۇسرەتتىن.

ماناس دەريا ... تۇغۇم شۇندا، تۇغۇمنىڭ شولىسى چۈشكەن،
ئاق بوغدا ئۇيغۇنۇپ تاڭدا يىراقتى — ئۇيقۇ غەپلەتتىن.

تۇتۇپ ۋەتەننى قەلبىمدە، ئاكۆپتىن ئاتلىسام دەتتىم،
كۈتەتتى زارىقىپ قەشقەر تۇتۇپ يولۇمغا چايشاپتىن.

شۇ چاغ "پەيت!" دەپ يېتىپ كەلدى پەرىشتە رەسمدە ئالۋاستى،
يېقىلدى بۇ ئاياغىمغا قىلىپ ئىكرامۇ - ئىززەتتىن.

"دەرىخا!" ئەشۇ شۇم شەيتان قولۇم تۇتقازدى دەي — دەيلەپ،
"پەرىشتە" ۋەدىلەر قىلدى بەخىت، ھۆرلۈك شاپائەتتىن.

"ھىيزى بۇل، قارا ئېبلىستىن قاچان جىندىن قۇتۇلغان كۈن،
دادام دەتتى — رەھىم كەلمەس قۇرۇق سۆز رەڭۋازۇ — ئۇلپەتتىن."

كەڭ ئاچتىم داستىخانىمنى "پەرىشتە" تەييارغا دۈم چۈشتى،
ئۇنى مەن بەھرىمەن قىلدىم تېرىم تۆككەن نازۇ — نىمەتتىن.

www.uyghurkitap.com

"ئىست!" دەيمەن ۋايىمغا بېشىمغا سالدى سىۋدالار،
ئۆ تۆللكە پۆشتىدىن تامغا ئادەمخور، ھىلىگەر پەستىن.

بەخت ھۆرلۆك دىگەن ئەلنى قەدەمدە دار ياساپ ئاستى،
ئۆنىڭ قەستى ھۆقۆش ئۆخشاش ھۆزۆر تاپسا زۆلۆماتتىن...

پايانسىز كەڭرى بوستانىم يەنە ئايلاندى دوزاققا،
خەلق زارلاندى قۆللۆقتا ئەلەم كۆرگەچ شۆ سۆربەتتىن.

كەڭ ئاسمانغا ئۆگەنگەن قۆش كۆنەرمۆ تار قەپەز، دانغا،
يانا تۆردۆم ئىچىم قايناپ تېشىپ دەريادەك ئەرلىكتىن.

ئاۋاز سالسام ئاۋازىمغا قوشۆلدى قەھرىمان جانلار،
رەقىپنىڭ تەختى سىلكەندى پىداكارلىق پەزىلەتتىن.

كۆرەش يولى ــ ئەگىر ــ توقاي، قارا زىندانغا بەنت بولدۆم،
ئىشىمدىن پۆشمۆنۆم يوقدۆر، يىراقمەن قايغۆدىن دەرتتىن.

ئۆتەر يىللار، تۆتۆشۆپ بەل شۆ زىندان ئىچىدە جەڭدە،
يېڭىپ ئۆتتۆم توسۆقلارنى چىقمىدىممەن پولات سەپتىن.

بارىكاللا ساڭا ئوغلۆم! دىلىڭغا تاڭنى جاقىپسەن،
خەيرىلىك بىر قەدەم ياخشى، مىڭ ئېغىز قۆرۆق گەپتىن.

رەقىپنىڭ ھەيۋىتى كۆچلۆك، لېكىن دۆشمەن زاۋال تاپقان،
كۆرەش قىلغىن ئاداققىچە قەدەم چۆشكەن مۆشۆ پەيتتىن...

كۇرەش يولى- بەسى مۇشكۇل لېكىن مېۋىسى بەك شىرىن،
ئۇلۇغ بىناغا بىر خىش بول، قۇرۇققول قالما يۇرسەتتىن.

تىگرىقما باس كۇرەشلەردە مەغرۇرلۇق ئىپتىغا مىنمە،
بىلىگدىن كەمىرىك يەشمە يىراق بولغىن قانائەتتىن.

قۇتۇپ يۇلتۇزى يانماقتا، بۇلار غەلبە چوقۇم بىزنىڭ،
كۆتەرسۇن قەد ئىشەنچتىن تاغ ئىشىپ تورغاي ئىگىز ئەرىشتىن

سىغىنغىن خانتەڭرىگە دائىم بابالار روھىنى شاد قىل،
سەپەردە يولدىشىڭ بولسۇن ۋاپادار تاغ-يۈرەك مەرتتىن.

ئىلىڭ دەردىگە ھەم دەرت ئىلىگگە چىن ۋاپادار بول،
كۆزۈڭ قارچۇغىدەك ساقلا تۇغۇڭنى ياتقا بەرمەستىن.

قۇرالنى تاشلىما ھەرگىز ئەگگۇشتەر ئۇ بىباھا بىلسەڭ،
جېنىڭغا جان قوشۇپ جەگدە ساقلىغاي ئۇ يالماۋۇز نەستىن.

كېلەر كۈنلەر كۆلۈپ تاگدەك، كىلىچەك شۇنچىلىك پارلاق،
ئويغات ئەلنى ھۆرلۈككە چىقارما ھىچ بۇنى ئەستىن.

قۇچاغلاپ كۆرۈشۈشلەر بار ئۇلۇغ تاڭ نۇرىدا بىر كۈن،
مېنىڭ ھالىم ساڭا يەتكەي ھازىرچە ئىككىلىك خەتتىن.

1970- يىلى، كۈز. ئوبلاست تۈرمىسى ــ غولجا.